ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ

# قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھى

مۇستافا ئىسلامئوغلى

ياۋرۇپا ئۇيغۇر نەشرىياتى

شەيخ مۇستاپا بىننى ئىسلام ئەتتۈركى

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ

# قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھى

## تەدبىرىڭ قانداق بولسا تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر
## (ئۇيغۇر خەلق ماقال –تەمسىللىرى)

AVRUPA UYGUR YAYINEVI

تەرجىمىدە: ھېيتاخۇن مەتتىمىن
مەسئۇل مۇھەررىر: باتۇر قاراخانلى
ھەمكارلاشقۇچى:ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق

# «قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھى» ھەققىدە تەرجىمە قىلغۇچىدىن ئىككى ئېغىز سۆز

ئىنتايىن رەھىمدىل ۋە كۆيۈمچان ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

قولىڭىزدىكى «قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھى» سەرلەۋھىلىك بۇ ئەسەر تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ تارىخى ئەسىرىنىڭ شەرھىيسى بولۇپ، تۈرك ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ ئۇدا 20 نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان ئالاھىدە ئەسەردۇر.

كەمىنە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا خوتەندىكى مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا «مىشكاتۇلمەسابىھ» ۋە «سەھىھۇلبۇخارى» قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرى ۋە «تەپسىرى بەيزاۋى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى دەرسلىك ئورنىدا ئوقۇغان ئىدىم. نەچچە يىللىق رىيازەتكە تولغان ئوقۇش جەريانىدا ئۇستازلىرىم بىلەن «قەدەر (تەقدىر)» مەسىلىسى ھەققىدە تولا مۇنازىرىلىشىپ قالاتتىم. قۇرئانىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئەمما ھەدىس توپلاملىرى ۋە تەپسىر كىتابلىرىمىزدا ئورۇن ئالغان جاھىلىيەت قەدەرپەرەست چۈشەنچىسى كاللامدىن قەتئىي ئۆتمەيتتى: ئەزەلدىن بۇ دۇنيا ئالقىمىزمۇ ئۇ دۇنيا ئالقىمىزمۇ پۈتۈۋېتىلگەن بولسا ئىرىشىشنىڭ،مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى؟ دېگەندەك تىرىكتاپلىقتا بېرىپ تاقىلىدىغان بۇ ئاڭنىڭ يىلتىزى قەيەرگە تۇتىشىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئويلىناتتىم، ۋەتەن ئىچىدە چەكلىك ماتىرىياللار بولغىنى بىلەن ۋەتەن سىرتىغا چىققاندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى مول ماتىرىياللار بىلەن تونۇشۇپ مەسىلىنىڭ بۇندىاق ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتىم،جاھىلىيەت قەدەرپەرەسلىرى ئۆز مۇددىئاسىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغاندىن ھەدىس توقۇپ چىقىپ "قەدەر ھەققىدە ئېچىرىلەپ سۈئال سورىماسلىق "پرىنسىپىنىمۇ تۇرغۇزۇشقانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئاللاھ قا چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇنكى، «قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھى» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇپ، يىللارچە ئىزدىنىۋاتقان سوئاللىرىمنىڭ جاۋابىنى بۇ ئەسەردە تاپتىم. ئەسلىدە دەۋر ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، جاھىلىيەتنىڭ ئىزناسى بولغان قەدەرپەرەست چۈشەنچە ۋە ھۆر ئىرادە ئارىسىدىكى كۈرەش 14 ئەسىر ئىلگىرىكىدەك كۈنىمىزدىمۇ داۋام قىلىۋاتقان ئىكەن.

قازايى - قەدەر مەسىلىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ تېما بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان دىن ۋە پەرقلىق ئىرقلار ئارىسىدىمۇ ئۆزگىچە ۋارىيانتلىرى بىلەن مەۋجۇت ئىكەن. ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىمۇ كەسكىن مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن، قەدەرىيە ۋە مۇرجىئە قاتارلىق ئىككى ئېقىمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىكەن.

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغان ۋاقتىمىزدا، ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن مەھكۇم تەبىقە، فېئودال كۈچلەر، ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېزىشى ئاستىدىكى ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭمۇ قازايى - قەدەر نۇقتىسىدىن ئىزاھلىنىپ سۇيىئىستېمال قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان ئەمەۋى ھۆكۈمدارى ھەججاج ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى قازايى - قەدەر دەپ جار سېلىپ، بۇ تېمىنى قانداق سۇيىئىستېمال قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. كۈنىمىزدىمۇ ئىسمى ئۆزگەرگەن ھەججاجلارنىڭ ئوخشاش ئۇسلۇب بىلەن بۇ مەسىلىنى سۇيىئىستېمال قىلىۋاتقانلىقى ھەممىگە قاراڭغۇ بولمىسا كېرەك.

يۇقىرىدىكى رېئاللىق تەقەززاسى نەتىجىسىدە بەش ئايدەك ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىقتىم. بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تىن ئالغان قۇرئان ۋەھيىدە تۇنجى قەدەرپەرەستنىڭ ئىبلىس ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تەۋبە قىلىشنىڭ ئورنىغا «سەن مېنى ئازدۇردۇڭ» دېيىش ئارقىلىق گۇناھىنى «قازايى - قەدەر»گە ئارتىپ قويۇلغانلىقى قامچىلىنىش بىلەن بىرگە، ئىنسانىيەتنىڭ سىمۋوللۇق ئاتا - ئانىسى بولغان ھەزرىتى ئادەم ۋە ھەۋۋانىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تەن ئېلىپ: «بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، بىزنى مەغپىرەت قىلسىلا ئى ئاللاھ، ئۆزلىرى ئەپۇ قىلمىسىلا بىز ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى دۇئاسى بىلەن خاتالىقىنى تەن ئېلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە

ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار روھىي مەدھىيىلىنىدۇ ۋە ئىنسانلارنى ئىبلىستىن ئىبرەت، ئادەم ۋە ھەۋۋانى ئۆرنەك قىلىشقا چاقىرىدۇ.

رەببىمىز ئاللاھ مۇسۇلمانىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەقىدە ۋە ئەمەل - ئىبادىتىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى بولغان ھايات كىتابىمىز شۇنداقلا ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئاندا قازايى - قەدەرنى كونكرت ھالدا مەسئۇلىيەت ۋە ھۆر ئىرادە نۇقتىسىدىن ئىزاھلاپ بەرگەن. لېكىن، قىسمەن ھەدىس توپلاملىرىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن ۋە قۇرئان ئايەتلىرىگە زىت ئويدۇرما رىۋايەتلەر بۇ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتكەن.

گۇرۇچنىڭ ئىچىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئاق تاشنى گۇرۇچ دەپ گۇمان قىلىدىغان سادda كىشىلەر ئوپئوچۇق قۇرئان ئايەتلىرىگە ئەمەس، يەنىلا مېڭىسىگە ئورۇنلىشىپ كەتكەن جاھىلىيەت قەدەرپەرەستلىكى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرماقتا. بۇ ئەسەر قانداقتۇر بەزىلەر ئىلگىرى سۈرگەن قازايى - قەدەرنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى قۇرئان ئىزاھلاپ بەرگەن بويىچە چۈشەندۈرۈپ، ھۆر ئىرادە بىلەن مەسئۇلىيەتنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. تېخى ھەدىس توپلاملىرى يېزىپ چىقىلمىغان دەۋردىلا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان جاھىلىيەت قەدەرپەرەست چۈشەنچىسىگە قارشى بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئەمەۋى ھۆكۈمدارى ئابدۇلمەلىككە ھەججاج ئارقىلىق يازغان مەكتۇبى بۇ مەسىلىنىڭ يېڭى مەسىلە ئەمەسلىكىنى، بۈنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىمۇ مۇنازىرە تېمىسى بولغانلىقىنى بۇ ئەسەر ئارقىلىق تونۇپ يېتىسىز.

سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ چىققاندا، 2 - 3 ئەسىردىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋە ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان كۈلپەتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن پۈتىۋەتكەن قازايى - قەدەرى ئەمەس، بەلكى قۇرئان تەلىماتلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن، يەنى قۇرئانى قەدەر چۈشەنچىسىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، بۇ مۇسىبەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار سەۋەبىدىن كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىسىز.

«سىلەرگە قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ» (شۇرا، 30 - ئايەت).

ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىسمى «رىسالەتۇل قەدەر» بولۇپ، بۇ ئەسەر تۈركىيىلىك تەپسىرشۇناس شەيخ مۇستاپا بىننى ئىسلام

ئەتتۈركى تەرىپىدىن شەرھىيلىنىپ، تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان زىيالىلارغا پايدىلىق بىر ئەسەر بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قىزىقىدىغانلارنىڭ ئىستانبۇل سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدىن قولىيازما فاكسىمىل نۇسخىسىغا قاراپ باقسا بولىدۇ.

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ياردىمىنى ئايىمىغان ئايالىمغا، كومپيۇتېرغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغانXX قېرىندىشىمغا، تەھرىرلەش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ۋاقىت ئاجراتقان باتۇر قاراخانلىي ۋە باشقا قېرىنداشلىرىمغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەسەرنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەسلىگە سادىقلىق بىلەن تەرجىمە قىلىشقا تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىز، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن تەرجىمە ۋە تەھرىرلەش جەريانىدا يا ئۇنداق يا بۇنداق خاتالىقلار سادىر بولمىدى دېيىش تەس.ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتىكى غايەم قانداقتۇ بەزىلەرنىڭ ۋالاقلىغىنىدەك قازايى قەدەرنى ئىنكار قىلىش بولماستىن ئاپتۇر ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك ياراتقۇچى رەببىمىز نازىل قىلغان قۇرئان كەرىم مەيدانىدا تۇرۇپ مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇشتۇر خالاس. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرنى ئوقۇغاندا لىللا ئورۇندا تۇرۇپ قۇرئاننىڭ قەدەر ۋە تەقدىر ھەققىدىكى مەيدانىنى بىلىۋېلىشنى،ياقمىغان تەرەپلىرى بولسا دادىللىق بىلەن تەنقىدىي پىكىر - تەكلىپ بېرىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن. قىلچە سىياسىيلىقى بولمىغان بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر دىيارىدا نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ئىمكان بولمىدى . ئەڭ ئاخىرى پېقىرئۆز بىلەكنى تۈرۈپ ئۆزى تۈركىيەدە بېسىپ تارقىتىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ كىتابنى خالىغان قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىكى مەزمۇنغا چېقىلمىغان ئاساستا نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتسا بولىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

ھېيتاخۇن مەتىمىن

فىنلاندىيە- خېلسىنكى

2017 - يىلى 4- ئاينىڭ 25- كۈنى

# مۇندەرىجە


**كىرىش سۆز ............................................................................11**

بىرىنجى باب

**ھەسەن ئەلبەسرى ھەققىدە**

**§1. ھاياتى**

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ھاياتى .......................................... 21

مەدىنىدىكى يىقىنلىرى ................................................... 30

بەسرەدىكى يىقىنلىرى .................................................... 33

ئۇستازلىرى ۋە تالىپلىرى ھەققىدە .................................... 35

ئەسەرلىرى ھەققىدە ...................................................... 38

**§2. ياشىغان دەۋرى**

ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ............................. 41

ئىمامەت ( يېتەكچىلىك ) نىڭ سەلتەنەتكە ئايلىنىشى .......... 46

قەدەر ۋە ئەركىن ئىرادە مۇنازىرىسىنىڭ تارىخى يىلتىزى.......... 56

ئەمەۋى قەدەرچىلىكىنىڭ دۇنياغا كېلىشى............................ 60

**§3. ئەسەرىنىڭ قىممىتى**

بۆلۈشەلمىگەن كۈچ (ئىمام) ............................................ 69

ئەخلاقى ۋە ئېرپانى نوپۇز................................................ 76

ئىلمىي نوپۇز .............................................................. 83

**§4. ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئۇسلۇبى**

كۈرەش قىلىش ئۇسلۇبى ................................................ 95

سىياسىي مۇخالىپەت ئۇسلۇبى.......................................... 101

ئىككىنجى باب

**قەدەر رىسالىسى توغرىسىدا**

**§1.قەدەر رىسالىسىنىڭ نۇسخىلىرى**

رىسالىنىڭ سەزگۈرەشتىسى ............................................ 108

كۆپرۈلۈ نۇسخىسى (a) ........................................ 118
ئايا سوفىيا نۇسخىسى (b) ....................................... 119
قەدەر رىسالىسى ئىككى نۇسخىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى...... 121

### §2. قەدەر رىسالىسىنىڭ قىممىتى

رىسالىنىڭ ئىسلام ۋەسىقە ئەسەرلەر تارىخىدىكى ئۆزگىچە ئورنى
128 ........................................................................
«ئۇل تەشكىل قىلغۇچى ۋەسىقە» سۈپىتىدە قەدەر رىسالىسى 133

### §3. قەدەر رىسالىسىنىڭ ئىشەنچىلىكلىكى

رىسالىگە قارشى تەتۇر تەشۋىقات ئويۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى
137 ........................................................................
مىلەل - نىھەل ئەدەبىياتىنىڭ ئاجىزلىقى توغرىسىدا.......... 140

ئۈچىنچى باب

## قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھى

### §1. خەلىپە ئابدۇلمەلىكنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىگە يازغان مەكتۇبى

ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان ۋە ھاكىمىيىتى ........................ 147
ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋاننىڭ ھەسەن ئەلبەسرىگە يازغان
مەكتۇبى.................................................................... 160
تېرە تاراقشىتىش .................................................... 162

### §2. ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئابدۇلمەلىككە يازغان رىسالىسى

تېكىست ۋە شەرھىسى................................................ 165
سەلەفنىڭ قەدەر چۈشەنچىسى ........................................ 167
سەلەف چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلۇش جەريانى ھەققىدە ........... 175
ئاللاھ نىڭ كىتابىدىن بىر دەلىلگە ئاساسلانمىغان ھەر چۈشەنچە
بىر ئازغۇنلۇقتۇر ....................................................... 184
ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇم ئاللاھ نىڭ قازا / قەدەرى (تەقدىرى) ئەمەس
186 ........................................................................
قۇرئاندىكى بەش ئىمان ئاساسىغا قوشۇپ قويۇلغان ئالتىنچى
ئاساس ..................................................................... 192
قەدەرگە ئىمان ئېيتىش ماددىسى رىۋايەتلەرگە قانداق
كىرگۈزۈلگەن؟ ......................................................... 196
قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ قۇرئان تەستىقىغا
سېلىنىشى ................................................................ 202

قەدەر ۋە تەقدىرنى چۈشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ......... 211
تېكىست ۋە شەرھىيسى ........................................ 215
ئاللاھ ئازدۇرمايدۇ، ئىنسان ئۆزى ئازىدۇ ............................ 216
ئاللاھ مەجبۇر قىلغان نەرسىنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، تەكلىپ قىلغان نەرسىگە مەجبۇرلىمايدۇ ........................................ 221
تېكىست ۋە شەرھىي........................................................ 223
ئاللاھ نىڭ تەقدىرى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدۇر .......................................................... 224
ئەل قادىر بولغان ئاللاھ كۈچ قۇدرىتىنى كەلسە - كەلمەس ئىشلەتمەيدۇ ...................................................... 228
جاھىلىيەت ئەھلى قەدەرچى ئىدى ...................................... 232
تېكىست ۋە شەرھىيسى ........................................ 239
ئاللاھ «سىلەرگە پۈتىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن» دېمىدى، «قىلمىشىڭلار سەۋەبىدىن» دېدى ........................................ 242
تېكىست ۋە شەرھى ............................................................ 246
تېكىست ۋە شەرھى ............................................................ 250
ئادەم: «بۇ ماڭا پېشانەمگە پۈتىۋەتكەن تەقدىرىڭدۇر» دېمىدى، ئەكسىچە «مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلدىم» دېدى .............. 254
ئۆزىگە «زالىم» دېگۈزمىگەن بەندە نېمىشقا «زۇلۇم»نى ئاللاھ تىن كۆرىدۇ؟ .................................................................... 258
تېكىست ۋە شەرھىيسى ........................................ 260
«ئاللاھ نىڭ ئىزنى» ئىرادىنى ئەركىن قويۇپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. 263 ...........................................................................
قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئىنسان ئىش - ھەركەتلىرىنىڭ ئاللاھ قا قارىتىلىشى ..................................................................... 268
بىر بىمەنە سوئال: زىنادىن بولغان بالىنى كىم ياراتتى؟......... 274
تېكىست ۋەشەرھىيسى ........................................................ 278
ئاللاھ بۇرۇن يېزىۋەتكەن «مۇسىبەت» ئىمان ۋە كۇپرى ئەمەس 280
تېكىست ۋە شەرھىيسى ........................................ 282
ھېچكىم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىلا سائادەتمەن ۋە بەدبەخت دەپ بەلگىلىۋېتىلمەيدۇ........................................ 286
تېكىست ۋە شەرھىيسى ........................................ 289

«ئەگەر رەببىڭ خالىغان بولسا ھەممە ئادەم ئىمان ئېيتاتتى»
دېگەن نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ ............................. 293
تېكىست ۋە شەرھىيسى.............................................. 298
ئۇلار ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى (بىلىشىنى) مۇنازىرە تېمىسى
قىلىۋالىدۇ........................................................... 302
ئاللاھ نىڭ مەئىشەتى (يارىتىشى) بەندىنىڭ ئىرادىسى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك ...................................................... 305
تېكىست ۋە شەرھىيسى.............................................. 307
ئىسمى «خەير (ياخشىلىق)» بولغان ئاللاھ تىن «شەر (يامانلىق)»
ئەمەس، «خەير» كېلىدۇ.......................................... 311
قۇرئان ئاللاھ قا «شەر» نى ئەمەس، «خەير» نى نىسبەت قىلىدۇ
314 ..................................................................
يامانلىقنى ئاللاھ قا باغلىغان رىۋايەتلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى . 324
تېكىست ۋە شەرھىيسى.............................................. 327
ئاللاھ بەندىلىرىگە ئەمىر ۋە نەھىيگە ئەمەل قىلىش كۈچى ئاتا
قىلغان ............................................................. 332
قۇرئان مۆھتەدىلەر (ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەر) ئۈچۈن ئەمەس،
مۇتتەقىلەر (مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر) ئۈچۈن يول
باشلىغۇچىدۇر ..................................................... 334
تېكىست ۋە شەرھىيسى.............................................. 340
ئاللاھ بەندىلىرىنى مەجبۇر قىلمىغان، تەكلىپ قىلغان........ 343
تېكىست ۋە شەرھىيسى.............................................. 346
ئاللاھ خاتالىق ۋە يامانلىقنى ئۆزىگە ئەمەس، ئىنسانغا قاراتقان
348 ..................................................................

**خاتىمە**.............................................................351

# كىرىش سۆز

قەدەرمىش، شۇنداقمۇ؟ توۋا، توغرا ئەمەس بۇ سۆز،
مۇسىبەتنى تىلىدىڭ، ئاللاھ ئاتا قىلدى، توغرىسى بۇ.
قەدەر، شەرئىتى (قانۇنىيىتى / سەۋەبى) مەۋجۇت بولۇپ ئوتتۇرىدا،
ۋۇجۇدقا چىقىشىدۇر مۇمكىنچىلىكىنىڭ ئەينىكىدە.

- مەھمەت ئاكىف

ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا يارىتىلغان مەخلۇقاتلارنىڭ ساندەك ھەمدىلەر بولسۇن. ئۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇ پەقەت ياراتقان «خالىق» بولۇپلا قالماستىن، يەنە «داۋاملىق يېڭىدىن يارىتىدىغان ۋە ياراتقانلىرىغا ھەر ۋاقىت مۇداخىلە قىلىپ تۇرىدىغان <خەللاق> تۇر». ئاللاھ ھېچقانداق بىر شەيئىنى قەدەرسىز (ئۆلچەمسىز) ياراتمىدى. ياراتقان ھەرنەرسىگە بىر قەدەر (ئۆلچەم) بەلگىلىدى. ئىرادىسىز مەۋجۇداتلارنى «سۈننەتۇللاھ» دەپ ئاتالغان «ئىلاھى قانۇن - مىزان»غا تەۋە قىلدى. كۆرۈنىدىغان - كۆرۈنمەيدىغان ئىرادىلىك مەۋجۇدىيەت بولغان ئىنسان ۋە جىننى ئىرادە (تاللاش قابىلىيىتى)، ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن جابدۇدى. ئىنساننى ھەقنى باتىلدىن، ياخشىنى ياماندىن، ئادالەتنى زۇلۇمدىن، ئىماننى كۇپرىدىن، توغرىنى خاتادىن، چىرايلىقنى سەتتىن

ئايرىيالايدىغان بەسىرەت (ئىقتىدار)، قابىلىيەت بىلەن قوراللاندۇردى. تاللاش قابىلىيىتى بېرىلگەنلەرگە ۋەھىيلىرى ۋە نەبىلىرى (ئەلچىلىرى) ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلدى. ئاللاھ تاللاش قابىلىيىتى ئاتا قىلغان ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزى ھۆرمەت قىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئىنساننى قىلمىشلىرىغا مەجبۇر ئەمەس، قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە مەسئۇل قىلدى. شۇڭا، ھېساب كۈنىنى تەقدىر قىلىپ، ھەر قىلمىشىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ياخشىلىقىغا مۇكاپات، يامانلىقلىرىغا جازا بېرىشنى بەلگىلىدى. بۇ ئارقىلىق ئىنساننى، ھاياتنى، ئۆلۈمنى، دۇنيانى ۋە ئاخىرەتنى مەنىگە ۋە قىممەتكە ئىگە قىلدى.

سۆيۈملۈك رەسۇلىمىزغا سالاتۇ - سالاملار بولسۇن. بارچە قوللىشىمىز ئۇنىڭغا پىدا بولسۇن. دۇئايىمىز ئۇنىڭ دۇئاسى، ئۇنىڭ داۋاسى داۋايىمىز(غايىمىز) بولسۇن. ئۇ شۇنداق شانۇ - شەۋكەتلىك نەبى ئىدىكى، بىزگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئاللاھ قا بەندە بولۇشنى ۋە ئىمان ئېيتىشنى، ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئىزىدىن ئەمەس، ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدىن مېڭىشنى ئۆگەتتى. ۋەھىي ئالغان بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ياشىغان ئۈلگىلىك ھاياتى « بىز ھەر ئىنساننىڭ قەدرى (تەقدىرى)نى ئۆز تىرىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىلدۇق » (17:13) ۋە «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» (53:39) دېگەن ئايەتلەرنىڭ مۇكەممەل تەپسىرى ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز شېرىك قوشماستۇق» (6:146) دېگەن مۇشرىك ئەقىدىسىنىمۇ ئاللاھ قا ئارتىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلىغان قەدەرىپەرەست بىر ئەنئەنىگە قارشى تۇرۇپ، «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە مەھبۇستۇر» (74:38) دېگەن قۇرئان شۇئارىنى ياڭراتتى. ئاللاھ قا ئىشىنىپ يانپاشلاپ يېتىشنى ئەمەس،

ئـاللاھ قـا تايـنـىـپ ئەمەل قـىـلـىـشـنـى ئـۆگـەتتى. ئـۇ ۋەھـيـنـىـڭ يېتەكچىلىكىـدە شـۇنداق بىـر ياخشـىـلىق بىـرىكتـۈردىكى، ئـۇ ياخشىلىق ئۆزىـدىن كېيىنكـى ئەسىرلەر داۋامىـدا ياخشـىلارنىڭ قوللىرىـدا خېمىـر تـۇرۇچ، يـولـنى يورۇتـۇپ بەرگـۈچى نـۇر، قەلبلىرىدە ئۈمىد بولدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا سالام بولسۇن، رەھمەت بولسۇن، بەرىـكەت بولـسـۇن، ھـېكمەت بولـسـۇن. ھەممىـدىـن بەكـرەك «تەقۋادارلارنىـڭ پېشۋاسـى» ھەسـەن ئەلبەسـىرنىڭ «قەدەر رىسالىسـى» ۋە ئۇنىڭغـا يازغـان شـەرھىيىمىز ئەقلىنـى ئىشلىتىدىغان قەلبلەرگە شىپا بولغاي.

ئارىدا 13 ئەسىرلىك دەۋر پەرقى بولۇشىغا قارىماي، قۇرئان ئـارىفى ھەسـەن ئەلبەسـرى بىـلەن قۇرئـان شـائىرى مەھـمەت ئاكىفنى ئۇچراشتۇرغان، ئەلبەسىرنىڭ قەدەر رىسالىسى بىلەن ئاكىفنىـڭ يۇقىرىـدا تىلغـا ئېلىنغـان شـېئىر مىسـرالىرىنى كېسىشتۇرگەن بىر توغرا يول بار. بۇ يولدا ھاسىل بولغان بىر سـاغلام ئەقـىـل بـار. بـۇ ئەقىلـدىن ئۇرغـۇپ چىققـان زوق ۋە ئىشتىياق بار. ھەمدە بۇ ساغلام ئەقىلنى پەيدا قىلغان توغرا بىر ئىمان بار. بۇ ئىمانىنى روياپقا چىقارغۇچى بولسا رەسۇلۇللاھقا ئەخلاق ۋە ئۇستاز بولغان قۇرئاندىن باشقىسى ئەمەس.

دىـن سوسيولوگىيىسـىنىڭ پېشۋاسى ماكس ۋەبەر (Max Weber) ئېتىقـاتنىڭلا ئېتىقـات قىلغـۇچىلارنى مەيـدانغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئېتىقاتنى شـەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقـان. بـۇ پەقەت ئۇنىـڭ ئـۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قارىشى. لېكىن، بۇ سۆز خىرىستىيانلىق دىنىغـا نىسـبەتەن 100% تـوغرا باھـادۇر. چـۈنكى، خىرىستىيانلىق پاۋلۇس باشچىلىقىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان بىر ئېتىقاتتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋي دىـن چۈشەنچىسـى نۇقتىسـىدىن ئېلىپ ئېيتقانـدا، بـۇ سـۆز قىسـمەن تـوغرا. چـۈنكى، بەزى مۇسـۇلمانلار

خىرىستىيانلاشقانلىقى نىسبىتىدە دىنلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاراپ يۈزلەنگەن. بىراق، ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا 100% خاتادۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ دىنىدۇر. ئاللاھ بۇ دىننى قۇرئان ئارقىلىق پەقەتلا دۈشمەنلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئېتىقاتچىللىرى (مەنسۇپلىرى) نىڭمۇ شەررىدىن ساقلىغان.

قۇرئان ھەر زامان مۆجىزە بولۇش سۈپىتى بىلەن نازىل بولغان كۈندىكىدەكلا ساپ ھالدا قولىمىزدا بولىدىكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا، ئېڭىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە كېلىش ئېھتىمالى بولغان قېيىپ كېتىش، ئەگىپ كېتىش، ھەتتا ئۆزگەرتىشلەر (چۈشەندۈرۈش جەھەتتىن) تۈپەيلىدىن ئۈمىتسىزلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋال ئورنىنى تولدۇرىۋالغىلى بولىدىغان زىيان قاتارىدىن. زامانىمىزدىن 13 يېرىم ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان «قەدەر رىسالىسى»نى نەشىر قىلىش ۋە شەرھىيلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبىمۇ دەل بۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر ئۈچ بۆلۈمدىن تەركىپ تاپقان.

بىرىنجى بۆلۈم «قەدەر رىسالىسى»نىڭ ئاپتورى ھەسەن ئەلبەسرىگە ئايرىلىدى. مۇئەللىپ ھەسەن ئەلبەسرى ساھابىلەردىن كېيىن كەلگەن ئەۋلادلار ئارىسىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىملاردىن بىرى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ تېخى ھايات ۋاقتىدىلا داڭقى چىقىپ «مۇتتەقىلەرنىڭ پېشۋاسى» دەپ نام ئالغان. ئىسلام تارىخىدىكى رەي (چۈشەنچە، كۆز قاراش) ئەھلى ۋە تەھقىق ئەھلى (ھەقىقەتنى دەلىل ۋە پاكىتتىن ئىزدەيدىغانلار)نىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغۇچىلىرىدىن ئىدى. بۇ بۆلۈمدە ئىمام ئەلبەسرىنىڭ ھاياتى، ياشىغان دەۋرى، تۇتقان ئورنى، كۆرەش ئۇسلۇبى ئوخشىمىغان كىچىك تېمىلار ئاستىدا بايان قىلىندى.

ئىككىنجى بۆلۈم ھىجرىيەنىڭ 86 - 75 يىللىرىدا خەلىپە بولغان ئابدۇلمەلىك بىن مەرۋان يازغان بىر مەكتۇپقا ھەسەن ئەلبەسرى جاۋاب سۈپىتىدە قەلەمگە ئالغان «قەدەر رىسالىسى»گە ئايرىلدى.

ئەمەۋىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئارقىلىق «رەسمى دىن» دەپ قوبۇل قىلىنغان جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىگە قارشى كۆرەش قىلغانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ھەسەن ئەلبەسرى تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىلىپ بارغان كۈرىشى، بۇ يولدا قانخورلارچە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇستازلىرى، سەپداشلىرىغا ۋە شاگىرتلىرىغا ئوخشاش ئاغزاكى بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام تارىخىدا تاكى زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن تۇنجى قولىيازما ماتېرىياللاردىن بىرى بولغان بىر رىسالە سۈپىتىدە روياپقا چىقتى.

مانا بۇ سەۋەبتىن، ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «قەدەر رىسالىسى» بىباھا خەزىنىگە ئوخشايدىغان بىر يازما ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى پەقەت تارىخىي ماتېرىيال بولۇشىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. گەرچە بۇ يازما ئەسەر «قەدىمىي» رىسالە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان تېما « تارىخىي » خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس، ئەكسىچە ھەر دەۋردە ئالدىمىزغا چىقىدىغان مەسىلىلەردىن بىرى. بۇ تېما دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىدە مۇجمەل بولغان «قەدەر (تەقدىر)» يەنى «قازا ۋە قەدەر» تېمىسىدۇر. كۆپىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنى قۇرئاندىن باشقا ھەر خىل مەنبەلەر شەكىللەندۈرگەندەك قىلىدۇ. بۇ رىسالىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ دەل بۇ نۇقتىدا ئۆزىنى نامايەن قىلماقتا.

بۇ بۆلۈمدە رىسالىنىڭ نۇسخىلىرى، رىسالىنىڭ ئىسلام ئىلىم ۋە تاللانمىلىرى تارىخىدىكى قىممىتى، رىسالىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى، ئۇنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە قارىتا مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىگىدىن كېلىپ چىققان شۈبھە قوزغاش

مەقسىتىدىكى خىرىسلار ۋە بۇلارنىڭ ئاساسسىزلىقى، بۇنىڭغا ئوخشىغان شۈبھىلەرنى تىلغا ئېلىپ كەلگەن مىلەل- نىھەل ۋە فىراق يازغۇچىلىرىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر بايان قىلىندى.

ئۈچىنچى بۆلۈمدە، «قەدەر رىسالىسى»نىڭ دۇنيادا بايقالغان بىردىنبىر نۇسخىسى بولغان قوليازما نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان ھالدا، ئەرەبچە نەشرى ۋە شەرھىيسىگە ئورۇن بېرىلدى. سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ كۆپرۈلۈ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۆلۈمىدە ساقلانغان بۇ نۇسخىنى شەرقشۇناس نىمىس ھېلموت رىتتەر بايقىغان ۋە 1933 - يىلى نەشىر قىلدۇرغان بولۇپ، ئارىدىن 80 يىل ئۆتتى. بىراق كۈنىمىزگە قەدەر بۇ قولىيازما ئەسەر ئىككىنچى قېتىم نەشىر قىلىنماپتۇ.

رىتتەر قىلدۇرغان نەشىرىنىڭ لۇتفى دوغان ۋە ياشار قۇتلۇئاي تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تۈرۈكچە تەرجىمىسى 1954 - يىلى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكولتېتىدا نەشىر قىلدۇرۇلغان ئىكەن. 60 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ بۇنىڭ باشقا تەرجىمە نۇسخىسى رويابقا چىقمىغان. بىز قولىيازمىنىڭ يېڭى نەشرىنى، شۇنداقلا يېڭى بىر تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە تىرىشتۇق. بۇنىڭغا ئېھتىياج بار ئىدى. سەۋەبلىرىنى مۇناسىۋەتلىك بابتا ئىزاھلاشقا تىرىشتۇق.

كۆپرۈلۈ نۇسخىسىدىن باشقا يەنە ئاياسوفىيا نۇسخىسىمۇ بار بولۇپ، بۇ نۇسخىدىكى مەزمۇنلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ قەدەر رىسالىسىنىڭ ئۆزگىچە بىر نۇسخىسىمۇ ئەمەس. بۇ نۇسخا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىراق ۋالىسى ھەججاجنىڭ شەپقەتچىسى «ئابدۇلمەلىك» كە يېزىلغان رىسالىدۇر. بۇنىڭدا «قەدەر رىسالىسى»دىن تۆتتە بىرچىلىك مەزمۇنى نەقىل قىلىنغان. بۇ رىسالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاياسوفىيا نۇسخىسى كېيىن نەشىر قىلىنغان پارچە نۇسخا بولسىمۇ، ئانا نۇسخا بولغان كۆپرۈلۈ قولىيازمىسىدىن بەكىرەك كەڭ تارقالغان. سەۋەبى

كلاسسىك ۋە يېڭى زاماندىكى بەزى مۇئەللىپلەرنىڭ ئۇنى ئەلبەسرىنىڭ «قەدەر رىسالىسى» نىڭ ئۆزگىچە بىر نۇسخىسى دەپ قارىغانلىقىدۇر.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «قەدەر رىسالىسى»نى يېڭىدىن نەشىر ۋە تەرجىمە قىلىش ئىلىم ئالىمىمىزگە قوشۇلغان بىر ئۇلۇش ھەسسە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. رىسالىنى شەرھى قىلىشىمنىڭ، يېڭى تەرجىمە ۋە نەشىر نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئەمگەككە يەنە نېمىلەرنى قوشىدىغانلىقىغا مەن ئۆزەم باھا بېرەلمەيمەن. ئىسلام ئىلىم ۋە تاللانمىلىرى تارىخىدىكى تۈنجى قولىيازما ئەسەر بولغان بۇ رىسالىنىڭ شەرھىيلىنىشى، ھېچ بولمىغاندا يېڭىدىن تەرجىمە ۋە نەشىرچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىمىغان بولسام، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلمايدىغانلىقىم ھەممىگە مەلۇم.

قەدەر رىسالىسى ئىسلام ئىلىم ۋە تاللانمىلىرى تارىخىدىكى تۈنجى قولىيازما ئەسەرلىرىدىن بىرى. بىراق، رىسالىنىڭ ئەھمىيىتى بۇنىڭدىنلا ئىبارەت ئەمەس. ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان رىسالىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نازۇك تېما ئۈستىدە توختالغانلىقى ۋە شۇنداقلا قەدەر مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۇسلۇبىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

قولىمىزدىكى بۇ قەدەر رىسالىسى:

1. قۇرئاننىڭ قەدەر توغرىسىدىكى ئاساسى چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. قۇرئان قەتئىي قارشى چىققان ۋە يىمىرىپ تاشلىغان «جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسى» نى پاش قىلىدۇ.

3. جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنى كىملەرنىڭ نېمە مەقسەتتە قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى يېشىپ بېرىدۇ.

4. ئەلبەسرىنىڭ شەخسىيىتىدە ۋەھيي بەرپا قىلغان ئەقىلنىڭ قانداق ئىشلىگەنلىكىگە شاھىتلىق قىلىدۇ.

ھەسەن ئەلبەسرى ئېيتىدۇكى:

«ئاللاھ نىڭ كىتابىدىن بىر ھۆججەتكە ئاساسلانمىغان ھەر قانداق كۆز - قاراش زالالەتتۇر».

مەقسىتىمىز، كالامى بىر قولىيازمىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەمەس، بەلكى تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىشتىن ئىبارەتتۇر:

1. قۇرئان ئارقىلىق قانداق ئىنسان بولغىلى بولىدۇ؟
2. قۇرئان ئىنشا قىلغان ئەقىل قانداق ئىشلەيدۇ؟
3. قۇرئاننىڭ قەدەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى نېمە؟

«قەدەر رىسالىسى» ئۈستىدە تەر تۆكۈش جەريانىدا، ئاللاھ نىڭ ھەر قانداق بىر ئەمگەكنى زايا قىلمىۋەتمەيدىغانلىقىغا بولغان ئىمانىم يەنە بىر قېتىم يېڭىلاندى. چۈنكى، بۇندىن 1350 يىل بۇرۇن يېزىلغان بىر رىسالىنى ئۇنىڭغا قارشى قۇتۇپتىكىلەرنىڭ شۇنچىۋالا يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماي، زامانىمىزغا قەدەر يەتكۈزگەن ئاللاھتائالا بىزگە بىشارەت بەرمەكتە. ئۇ بىشارەتنى ئاللاھ نىڭ كىتاۋىدىنمۇ تاپالايمىز. قۇرئان كەرىم لوقمان ھەكىمنىڭ تىلىدىن لوقماننىڭ زامانىمىزدىكى ئوغۇللىرىغا مۇنداق نىدا قىلىدۇ:

«ئى ئوغۇلچىقىم، قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇلتاشنىڭ ئىچىدە (ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» ( لوقمان، 16 ).

بۇ ئايەتتە ئىپادىلەنگەن ئىلاھىي ھەقىقەت ھەقىقەتەن ئەمىلىيلەشتى. «قەدەر رىسالىسى» ئاللاھ ئۇيۇلتاشنىڭ ئىچىدە ۋە يەرنىڭ ئاستىدا ساقلاپ ھايات بەخش ئەتكەن بىر سالىھ ئەمەلگە ئوخشاش زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. «قەدەر رىسالىسى»گە قارشى ئېلىپ بېرىلغان شۇنچە كۈرەشلەرگە قارىماي، ھازىرمۇ قولىمىزدىكى رىسالىنىڭ ئەسلى قولىيازما نۇسخىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىر

ئىزاھاتى يوق. رەسمىي كالام ئېقىمىغا مۇخالىپ كىتابلاردىن نۇرغۇنلىرى ئۆزىگە قارىتىلغان سىستېمىلىق يوقىتىش ھەرىكىتىدىن قۇتۇلالماي «ئىسمى بار جىسمى يوق» ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئىبن نەدىمنىڭ «ئەل - فىھرىست»ناملىق ئەسىرىگە شۇنداقلا بىر نەزەر تاشلىساق بۇ ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى كۆرۈۋالالايمىز.

«قەدەر رىسالىسى»نىڭ كۆپرۈلۈ كۇللىياتتا مەۋجۇت بولغان قولىيازما نۇسخىسىنىڭ بىر كۆپەيتىلگەن سۈرىتىنى بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا كۆرىسىز. بۇ ئارقىلىق ھەم قولىيازما نۇسخىسىغا ئېرىشمەكچى بولغان ئىلىم ئەربابلىرى ھەمدە رىسالىنى ئەسلى نۇسخىسىدىن ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ.

بۇ خىزمەتتە ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇن بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىندى. مەسىلەن، «قەدەر رىسالىسى» يېزىلغان دەۋردە كالامى مەزھەبلەر تېخى ئىسىملىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ ئەسىرى ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكىنىمدە، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە رىسالە يېزىلىپ بولغان دەۋردىن كېيىن كېڭىيىپ تارقالغان قەدەرىييە، جەبەرىييە، مۇتەزىلە، مۇرجىئە، ئەھلى سۈننەت قاتارلىق مەزھەپ ئىسىملىرىنى قوللانماسلىققا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدۈم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ چاغدا تېخى ئىسلامى پىرىنسىپلار مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى. شۇڭا، بۇ رىسالە يېزىلغان ئۇ دەۋردە تەفسىر ئىلمى، كالام ئىلمى، فىقھ ئىلمى ۋە ھەدىس ئىلمى قاتارلىقلاردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئەسەرنى شەرھى قىلغاندا دەۋرنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا سەۋەب بولىدىغان بۇنداق ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىمىزنى تارتتۇق.

ھەسەن ئەلبەسرى ئېيتىدۇكى: «ئۆزەڭلارنى قۇرئانغا سېلىپ بېقىڭلار!».

ئۆزىمىزنى، بولۇپمۇ ئىمانىمىزنى قۇرئانغا سېلىپ تەكشۈرتۈپ باقايلى. چۈنكى، قۇرئانى كەرىم تەستىقلىغان ئىمان ئاللاھ تەستىقلىغان ئىماندۇر. ئاللاھ تەستىقلىمىغان ئىمان قەلبىمىزگە يۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تۈپەيلى ھېسابقا تارتىلىدىغان بىر ۋابالدۇر.

تىرىشچانلىق بىزدىن، تەۋپىق ۋە ئىنايەت رەببىمىزدىندۇر، ئۇ بىزنى تەۋفىقىغا يار قىلغاي.

مۇستافا ئىسلام ئوغلى

ئىستانبۇل

ھىجرىيە 1443- يىلى مۇھەررەمنىڭ 10 - كۈنى
2011 - يىلى 5 - دېكابىر

# بىرىنجى باب

## ھەسەن ئەلبەسرى ھەققىدە

## §1. ھاياتى

### ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ھاياتى

( ھىجرى 21 - 110 ، مىلادى 642 - 728 )

**ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى**

ھەسەن بەسرىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەلھەسەن بىن ئەبىلھەسەن ئەلبەسرى بولۇپ، تەخەللۇسى ئەبۇ سائىت.

قەدەر رىسالىسىنىڭ مۇئەللىپى ھەسەن ئەلبەسرى ئەسلى پارس بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. تاباقات مۇئەللىپى ئۇنىڭ پارسچە سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى، ھەتتا پارسچىنى ئەسەر يازالىغۇدەك سەۋىيەدە ياخشى بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

دادىسىنىڭ ئىسمى يەسار بولۇپ، بۇ ئىسمىنىڭ قۇللۇقتىن ئازات قىلىنغان دادىسىغا ئەرەب خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. مەنبەلەردە دادىسىنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ «فەيرۇز» بولۇپ، ئەسلىدە مەيسانلىق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. مەيسان بۈگۈنكى ئىراق چېگرىسى ئىچىدىكى بىر ۋىلايەت بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان فەيرۇز خالىد بىن ۋەلىد بىلەن قارىن بىن قاريانۇس(CarenCarinus) قوشۇنلىرىنىڭ سىنىيى

(Sinyi) ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ مەدىنىگە ئېلىپ كېلىنگەن ۋە ئەنسارلاردىن بىرسىنىڭ قولى بولغان. بۇ زاتنىڭ ئەنسارلاردىن زەيد بىن سابىت ئىكەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەت بار. لېكىن، ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن نەقىل قىلىنغان ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇللۇق ھاياتى توغرىسىدىكى باياندا زەيد بىن سابىتنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان.

يەسار مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممى سەلەمەنىڭ ئازات قىلىۋېتىلگەن چۆرىللىرىدىن بىرى. پارس (بۇ ئېھتىمال كۇچلۇك) ھايرا بىلەن توي قىلغان بولۇپ، ھەسەن ئەلبەسرى ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى ئىدى. ئىبنى قۇتەيبەنىڭ ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەسەن ئەلبەسرى تۇغۇلغان چاغدا دادىسى تېخى قۇللۇقتىن ئازات قىلىنمىغان. يەسار ۋە ھايرا ئائىلىسىنىڭ يەنە سائىت ۋە ئاممار ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتى بولغان. سائىت جىھاد ئەھلى ۋە داڭلىق ھەدىسچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ ئاكىسى ئەلبەسرى قېچىپ كېتىپ ئامان قالغان ئابدۇراھمان بىننى ئەشئاس قەتلىئامىغا شاھىت بولغان. ئالللاھ ئۇچۇن كۆپ ياش تۆككۈچى كىشى دەپ داڭقى چىققان ئۇكىسى ئەممار زاھىتلىق يولىنى تاللىغان.

***

ھەسەن ھىجرى 21 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى ئىككىنجى يىلى ئىدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئارىدىن 11 يىل ئۆتكەن. ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرالىرى شىمالى مىسىردىن ھىندى ئوكيانۇسقىچە، سەيلاندىن شەرقىي ئاناتولىيىگىچە كېڭەيگەن ئىدى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق شۇنداق يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، ھامىلە، ئانىلارنىڭ تېخى قورساقتىكى تۇغۇلمىغان بوۋاقلىرىغىمۇ مائاش بېرىلىشكە باشلىغانىدى. بۇ باياشاتلىق

ئۆزى بىلەن بىرگە ئەخلاقى چىرىكلىكىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ بالىلىق مەزگىلى مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى ۋادىل - قۇرادا ئۆتكەن. ئائىلىسىنىڭ ئىلىم ۋە دىنغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئوغلى ھەسەننىڭ 14 يېشىدىلا قۇرئانى كەرىمنى يادلاپ بولغانلىقىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ھاپىزلىقنى تاماملىغان يىلى ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتلى قىلىنغان ئىدى (ھىجرى 35 - يىلى). ھەسەن مەدىنىدە كەلگۈسى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىگە ئىنتىلىۋاتقان پەيتلەردە، ھەر ئىككى تەرەپتە ساھابىلەر سەپ تۇتقان «جەمەل ئۇرۇشى» يۈز بېرىدۇ. ھەسەننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بۇ ھادىسە بىلەن پاران - پارچە بولغانلىقىنى تەخمىن قىلالايمىز.

ھەسەن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ھىجرى 36- يىلى مەدىنىدىن بەسرەگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ تېخى 15 ياشلىق بىر يىگىت ئىدى. قاتناشقان ئۇرۇش ۋە ھەربىي يۈرۈشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرى بەسرەدە ئۆتكەن. ئۇ بەسرەگە كەلگەن يىلى دەل ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىكىنىڭ 1 - يىلى ئىدى. ئۇنىڭ بەسرەگە كۆچۈپ كېتىش سەۋەبى توغرىسىدا مەنبەلىرىمىزدە ئوخشىمىغان مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، ئىبنى ھاجەرنىڭ «تەزھىب» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇنىڭ سىففىن ئۇرۇشىدىن كېيىن بەسرەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. لېكىن، شۇ سوئال سورالمىغان: «نېمە ئۈچۈن بەسرە؟».

بۇ ھىجرەت مەيلى بىر ئائىلە قارارى بولسۇن ياكى بولمىسۇن بۇ سوئال مۇھىم. نېمىشقا خىلاپەتلىكنىڭ مەركىزى كۇفە ياكى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن باياشات شەھەر شام بولماستىن بەسرەگە ھىجرەت قىلغان؟

بۇنىڭ سەۋەبى يەسار ئائىلىسىنىڭ ھەم شامغا ھەمدە كۇفەگە قارىتا بىتەرەپ تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك. كۇفە ۋە

شامغا قارىتا بەسىرە بىر «بىتەرەپ رايون» خاراكتېرىدە ئىدى. مۇتەزىلەر ئىسمىنىڭ يەنە بىر مەنىسىنىڭ «بىتەرەپلەر» ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

جەمەل ۋەقەسىدە، ئۇ دەسلەپتە ھەزرىتى ئائىشە تەرەپتە تۇرغان. تۆۋەندىكى ھېكايىنىڭ بەلگىلىك قىسمىنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن دەپ قارايمىز. بەيھەقى بۇۋاستە ھالدا ھەسەننىڭ تىلىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «قىلىچىمنى ئېلىپ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى (ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) غا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندىم. بۇ ئەسنادا ئاھنەف بىن قەيس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ماڭا: «قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟» - دېدى. مەن: «مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن» - دېدىم. ئۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ باقمىدىڭ. ئەمدى قوپۇپ مۇئمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلامسەن؟» - دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆيۈمگە قايتىپ كىلىپ، قىلىچىمنى ئېسىپ قويدۇم» (ئەلمەھاسىن ۋەل مەساۋى، 1، 77 ).

ئەلبەسرى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئۆتمۈشى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ رىۋايەتنى ئاسانلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. لېكىن، جەمەل ۋەقەسىنىڭ ئالدىنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ جەمەلدىن كېيىنكى تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئىجابى باھا بەرگەن. مەلۇم بولغىنىدەك ئۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ جەمەل ۋەقەسىدىن كېيىنكى مۇئامىلىسىنى «ئالىيجاناپلىق» دېگەن. ھەممىگە مەلۇم، ھەزرىتى ئەلى جەمەل ۋەقەسىدىن كېيىن غەنىمەتلەرنى ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ ئائىلىلىرىدىن نېسىۋىمىزنى

بەرمەمسەن؟» دېگۈچىلەرگە: «قايسىڭلار مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى (ھەزرىتى ئائىشە)نىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپ بۇ تەلەپنىڭ يوللۇق ئەمەسلىكىنى قۇرئانى دەلىل بىلەن رەت قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىنكى زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ سۈيىئىستېمال قىلىش ئېھتىماللىقى بولغان بىر يوچۇقنى ئەبەدىي تاقىۋەتكەن ئىدى.

ھەسەن ئەلبەسرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قۇرئانى دەلىل بىلەن بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا «پاراسەت ۋە دانالىق» دەپ باھا بەرگەن. ئۇ يەنە ھەزرىتى ئەلىنىڭ «نۇھايلە»دە ئاسىيلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى توغرا دەپ باھالىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر ھاكىم ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش تەكلىۋىگە ماقۇل بولۇشىنى تەنقىت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدا سورالغاندا، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلى ھەم پەزىلەت ھەم شەرەپ جەھەتتە بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى كىشى ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مەنبەلەردە بىرلىككە كەلگەن نۇقتىلاردىن بىرى شۇكى، ھەسەن ئەلبەسرى ھەزرىتى ئەلى بىلەن شام ۋالىسى مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سىففىن ئۇرۇشىدا بىتەرەپلىكنى تاللىغان ۋە خەلققە بۇنى تەۋسىيە قىلغان.

ھەسەن ئەلبەسرى ھەزرىتى ئوسمانغا مايىل ئىدى. بۇ مايىللىقنىڭ دەرىجىسىنى زەھەبىنىڭ شۇ نەقىلىدىن كۆرۈۋالالايمىز: «ئۇ ئەبۇ زەرنىڭ رەبەزە دېگەن جايغا خەلىپە ئوسمان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەبۇ زەر ھەققىدە ئېيتقان «ئۇ يالغۇز ياشايدۇ، يالغۇز ئۆلىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (تارىخ 2، 115). بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭ ھەزرىتى ئوسمانغا بولغان مايىللىقىنىڭ ئۇنى بىر تەرەپلىمە باھا بېرىشكە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتالايمىز.

چۈنكى، يۇقىرىدىكى مەنبەدە ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «ئاۋام ھېچقانداق بىر ئىشتا ئوسماننى ئەيىبلىمىدى» دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ھالبۇكى رىئاللىق بۇنىڭ دەل ئەكسىچە.

***

ئۇ بەسرەدىكى ۋەز - نەسىھەتلىرىنى 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا باشلىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، غەززالى «ئېھيا» ناملىق ئەسىرىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەسرەدىكى جامەئىلەردىن قىسسەچى ۋائىزلارنى قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، ئەمما ھەسەن ئەلبەسرىگە تەگمىگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەلى جەمەلدىن كېيىن كۇففەگە قايتىشتىن ئىلگىرى بەسرەدە 15 كۈن تۇرغان ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشچە ھەزرىتى ئەلى جامەئەگە كىرگەن ۋاقىتتا ئۇ ۋەز ئېيتىۋاتقان بولۇپ، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان جۈملىلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي ماختىغانىدى.

ھەسەن ئەلبەسرى مۇئاۋىيە بىن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ 20 يىللىق ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوغلى يەزىدنىڭ 4 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلىق بىلدۈرمىگەن. ئەمما، ئەھلى بەيتنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرگىمۇ قەيتسىز قالمىغان. ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ شاھادەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ: «بۇ ئۈممەتنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەر كېلىدۇ؟ نائەھلىلەرنىڭ بىرى پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسىنى ئۆلتۈردى. يا رەببىم! سەن ئۇنىڭ بالاسىنى بەرگىن!» دەپ بەددۇئا قىلغان ۋە ئارقىدىنلا «زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي، قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ» ( شۇئەرا، 227 ) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ دۇنيا، ئەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن كېلىنلەر مىسالى زالىمدۇر» دېگەندە

ئەمەۋىيلەر قولى ئارقىلىق ئايالى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەزرىتى ھەسەننى ئىما قىلغان بولسا كېرەك. يەزىد زامانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «ھارره» قەتلىئامىغا قارىتا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق. بەلكىم مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىزگە يېتىپ كەلمىدى.

مۇئاۋىيە بىن ئەبۇ سۇفيان ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقاندا، ھەسەن ئەلبەسرى تەخمىنەن 25 ياشتا ئىدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ رىۋايەتتە ھەم ئۇستازى ھەمدە قوماندانى بولغان ئابدۇراھمان بىن سەمۇرا قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان. بۇ ھىجرىيە 43 (مىلادى 663) يىلىدا شەرقى ئىران - ئافغانىستانغا قارىتىلغان ھەربىي يۈرۈش ئىدى. بۇ يۈرۈشتىن كېيىن ئەمەۋىيلەرنىڭ خۇراسان ۋالىسى رەبى بىن زىيادنىڭ كاتىپى ۋە تەرجىمانى بولغان. قاتناشقان ئۇرۇشلاردا قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، جەمئى 10 يىل داۋاملاشقان ئەسكەرلىك ھاياتى بويىچە نۇرغۇن ساھابىلەر بىلەن بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزگەن بولۇپ، نەقىل قىلغان رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقىنى شۇ ۋاقىتلاردا ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھەسەن ئەلبەسرى بۇ سەپەردىن كېيىن ئۆزىنى ئىلىم يولىغا ئاتىغان. قىرىق ياشقا كەلگەندە تالىپلىقتىن ئۇستازلىققا يۈكسەلگەن ۋە « ئىمام ھەسەن » دەپ ئاتالغان. پەتىۋا ۋە ئىجتىھادلىرى بىلەن ئەتراپنى نۇرلاندۇرغان بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچى ھالقىسى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن ۋە ئۇ ھايات تۇرۇپلا نام شۆھرىتى چىقىپ « تارىخىي » ۋە « ئەپسانىۋىي » كىشىگە ئايلانغان.

***

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ھاكىمىيەتكە قارىتىلغان ئۆكتىچىلىگىنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمى ۋە ئازغۇنلۇقىنىڭ كۈچىيىشىگە پاراللېل ھالدا ئېشىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. مەرۋاندىن كېيىن ئەمەۋى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئابدۇلمەلىك بىن مەرۋاننىڭ ھەججاج ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان زۇلۇمى ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئۆكتىچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى شەكىللەندۇرگەن. 20 يىللىق ئابدۇلمەلىك ھاكىمىيىتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئوغلى ۋەلىد (ھىجرى 86)نىڭ ئىجرائاتلىرى دەسلەپكى مەزگىلدە بىر قەدەر ياخشى بولغان. ۋەلىد بىر نەۋرە ئۇكىسى ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنى ئىككى ھەرەمنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىگەن. دەل بۇ مەزگىلدە ماۋارائۇننەھىر ۋە ئەندۇلۇس فەتىھ قىلىنغانىدى. ۋەلىددىن كېيىن ئىنىسى سۇلايمان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادىل خەلىپە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز تەختكە ئولتۇردۇ(ھىجرى 101-99). بۇ مەزگىلدە ئىمام ئەلبەسرىنى ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ باسرا قازىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەينى ۋاقىتتا كۇفەلىك ئالىم شەئبىمۇ كۇفە قازىسى بولغانىدى.

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز بىلەن ھەسەن ئەلبەسرى ئۆزئارا مەكتۇپلىشىپ تۇرغان بولۇپ، بۇ مەكتۇپلارنىڭ بەزىلىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز «قەدەر» توغرىسىدا ئۆزى مەنسۇپ بولغان خانىدانىنىڭ چۈشەنچىسىگە يېقىن تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىدە، ئەمەۋى قەدەرچىلىكىگە قارشى تۇرىمەن دەپ ئۆكتىچى گۇرۇھقا قوشۇلۇپ كەتكەن رادىكاللارنىڭ تەسىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق، ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز شۇنداق بىر شەخس بولۇپ، پىكرى ئوخشىماسلىقتا قارىماي، ئۆزىدىن كېيىن تەختكە چىققان ھىشام قانخورلارچە قەتلى قىلدۇرغان جەيلان بىن مۇسلىمنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر تالان - تاراج

قىلغان مال - مۈلۈكلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تەيىنلىگەنىدى. بۇنى قىلالىغان «قەدەر ھەقشۇناس» ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ قەدەر ھەققىدە پەرقلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ھەسەن ئەلبەسرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش ئەمەس.

ئىمام ھەسەن ئەلبەسرى مەنىۋى جەھەتتىن يالغۇز ياشىغان بىر كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى چۈشەنمىدىغان كىشىلەرنىڭ يوقلىقىدىن ئىزتىراپ ئىچىدە ياشىغان بولۇپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەتراپتا ئاۋازلارنى ئاڭلاۋاتىمەن، بىراق جانۇ - كۆڭۈلدىن بىر دوست كۆرەلمەيۋاتىمەن». ھەقىقىي يالغۇزلۇق كىشىنى چۈشەنمىدىغان ئىنسانلارنىڭ يوقلۇقى بولماي نېمە؟

ئۇ سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتتا «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھ نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» (بەقەرە، 156) ئايىتىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىگەن ئىدى. مەشھۇر تالىپلىرىدىن ۋاسىل بىن ئاتا ئۇستازىنىڭ جان ئۈزگەن مىنۇتلىرىنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى قىلىۋېتىپ ئۆلۈغ كىچىك تىنىدى. گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تىن مەغپىرەت تىلىدى. دەل بۇ چاغدا پىشانىسىدىن تارام - تارام ئېقىۋاتقان تەرنى سۈرتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھىم! ئەمدى يۈك - جابدۇقلىرىمنى ئېلىپ بارىدىغان مەنزىلىمگە قاراپ يولغا چىقتىم. مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنىڭ نامىمدىن ئويدۇرۇلغان نەرسىلەردىن مېنى جاۋابكارلىققا تارتما. ئاللاھىم! مەن نەبىدىن ماڭا يېتىپ كەلگەن ھەممە نەرسىنى قوبۇل قىلدىم، ماقۇل كۆردۈم».

قوشۇمچە: ئىمام ۋاسىل بىن ئاتانىڭ ئۇستازى ۋاپات بولغاندا يېنىدا ئىكەنلىكى شاھىت سۈپىتىدە بايان قىلغانلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇنى توغرا دەپ

قارىساق، ۋاسىلىنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىدىن ئايرىلغانلىقى ۋە «مۇتەزىلە» ئىسمىنىڭمۇ «قەد ئى تەزەلە ئەننە ۋاسىل (ۋاسىل بىزدىن ئايرىلدى)» سۆزىدىن ئىلھام ئالغان ئاساستا بېرىلگەن پىكىرىگە شۇبھە بىلەن قاراشقا بولىدۇ. ياكى « بىزدىن ئايرىلدى » دېگەن ئىپادىنىڭ «بىزدىن باشقىچە بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولدى» دېگەن مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مۇتتەقىيلەرنىڭ ئىمامى ھەسەن ئەلبەسرى 88 يېشىدا ھىجرى 110 (مىلادىيە 728) - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 1- كۈنى دارۇلبەقاغا سەپەر قىلغان. ئەمەۋى ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن 22 يىل كېيىن ھىجرى 132 (مىلادى 750) - يىلى مۇنقەرىز بولغان.

ئاللاھ ھەسەن ئەلبەسرىنى رەھمىتىگە نائىل قىلغاي، بىزنىمۇ ئۇنىڭ سالىھ ئەمەللىرىنىڭ شاھىدى قىلغاي.

## مەدىنىدىكى يېقىنلىرى

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ مەدىنىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ئانچە كۆپ مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما، بۇ ھەقتە پەقەتلا مۇلاھىزە ئۈچۈن بەزى تېمىلارنى تىلغا ئالالايمىز.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ بالىلىق دەۋرىگە نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى شەخس كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى رەسۇلۇللاھنىڭ رەپىقىسى ئۇممۇ سەلەمە (م.667؟\61) ئانىمىز ئىدى. ئۇ ئانىسى ھايرا ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭ ئىسمىنى ۋەزلىرىدە ۋە رىۋايەتلەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. ئىككىنچى شەخس (دادىسىنىڭ مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك بولسا كېرەك) ھەزرىتى ئۆمەر بولۇپ، ساھابىلار

ئىچىدىن ھەزرىتى ئۆمەرنى ۋەز - نەسىھەتلىرىدە ۋە رىۋايەتلىرىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز.

ساھابىلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلاردا ھەزرىتى ئەلى تەرەپتە تۇرغان ئۇممى سەلەمە ئانىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئەلىنىڭمۇ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەزرىتى ئەلى ۋە ئەبۇزەرگە ئوخشاش ساھابىلەرنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بالىلىق ۋە يىگىتلىك مەزگىلىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزگەن ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ مەزكۇر ساھابىلار بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىبنۇل جەۋزى مۇنداق بىر سۆزنى نەقىل قىلغان:

«مەن شۇنداق ئادەملەرنى كۆردۈمكى، ئۇلار كۆينەكلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ، يېرىمىنى ئۆزى ئىشلىتىپ، يەنە بىر يېرىمىنى قېرىندىشىغا بېرەتتى».

پەيغەمبىرىمىزنىڭ «قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەرگە ئۆزەڭلار يېگەندىن يېگۈزۈڭلار ۋە كەيگەنىڭلاردىن كەيگۈزۈڭلار» دېگەن تەلىماتىغا ئەمەل قىلغان ئەبۇزەر تەخەللۇسلۇق جۇندەپ بىن جۇنادەنىڭ (652/32) دەل مۇشۇنداق بىر ھاياتىنىڭ قەھرىمانى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. يەنە ئەلبەسرى: «بىز شۇنداق بىر ھايات كەچۈرەتتۇقكى، قېرىندىشىغا قەرىز بېرىپ تۇرغان كىشىنى بېخىل ھېسابلايتتۇق» دەيدۇ. بۇنداق ئۈلگىلىك ئەخلاقنىڭ ساھابىلەر ھاياتىدا بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئۆتمۈشتە شاھىت بولغان بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆز دەۋرىدە تېپىلمايۋاتقانلىقىنى ئىما قىلىۋاتقانلىقى بۇ سۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلى ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك يىللىرىغا توغرا كەلگەن. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، ھوقۇق ئۇمەييە ئوغۇللىرىنىڭ قولىغا بېرىلگەنىدى. بۇ ئۇمەييە ئوغۇللىرىدىن بولمىغان

ئۆكتىچىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. لېكىن، ھەر ئۆكتىچى گۇرۇپپىنىڭ ئۇمەييە ئوغۇللىرىغا بولغان نارازىلىق سەۋەبى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. مەزكۇر گۇرۇپپىلار ئىچىدە ھەسەن ئەلبەسرىدەك قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقان ھەزرىتى ئەلى، ئەبۇزەر، سەلمان، ئاممار، ئىبن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ھەسەن، ھۈسەيىن، مۇھەممەد قاتارلىق كىشىلەر بار بولۇپ، بۇلار سىياسەتتىن ئەقىدىنى قەبىلىۋازلىق ۋە غەنىمەتنىڭ ئالدىغا قويغۇچىلار ئىدى. ئۇمەييە ئوغۇللىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىدا ئورۇن ئالغانلار مانا مۇشۇنداق ئەقىدىدىكى كىشىلەر ئىدى. كېيىنكى زامانلاردا ھەسەن ئەلبەسرى قۇرۇپ چىققان بەسرە مەكتىپى بىلەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى قۇرغان مەدىنە مەكتىپى ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان مۇناسىۋەت ئىزچىل داۋاملاشقان ئىدى. بىز بۇ مۇناسىۋەتنىڭ پىكىرى جۇلاسىنى قەدەر رىسالىسىنىڭ قۇرلىرىدا ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز. مۇھەممەد بىن ئەلى قۇرغان مەدىنە مەكتىپىدە يېتىشىپ چىققان قىممەتلىك زاتلارنى كېيىنكى يىللاردا ئەلبەسرىنىڭ «بەسرە مەكتىپى»دە ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، ۋاسىل بىن ئاتا ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ دەرس سورۇنىدا ئورۇن ئېلىشتىن بۇرۇن مۇھەممەد بىن ئەلىنىڭ دەرسلىرىدە ئورۇن ئالغانىدى. مابەد ئەلجۇھانى ۋە جەيلان بىن مۇسلىملارنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا دەپ ئېيتالايمىز. مابەد ئەلجۇھانى: «مەن كەزگەن يۇرتلاردا نۇرغۇن ئالىملار بىلەن ئۇچراشتىم، بىراق ھەسەن ئەلبەسرىدەك بىرسىنى ئۇچراتمىدىم» دېگەن. ھەسەن ئەلبەسرىمۇ مابەد ئەلجۇھەنى شەھىد قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ ۋە شاھادىتىنىڭ «ئادالەت ئۈچۈن» بولغانلىقىنى ئېيتقان.

مانا بۇ گۇۋاھلىقلار قەدەر رىسالىسىنىڭ مۇئەللىپى بىلەن مەدىنە مەكتىپى ئارىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشىنىڭ زىچ ئىكەنلىكى ھەققىدە بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## بەسرەدىكى يىپقىنلىرى

بەسرە «بىر - بىرىگە كىرىشىپ، تاشتەك ئۇيۇل بولۇپ كەتكەن زېمىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەسرە دېڭىز بويىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، دېڭىز قولتۇقى ساھىلىدىكى سازلىقلىرى كۆپ بولغان، ئولتۇراقلىشىشقا مۇناسىپ بىر جايدا قۇرۇلغان شەھەر ئىدى.

پارس قولتۇقىغا جايلاشقان بەسرە ئەسلىدىنلا كۆپ مەدەنىيەت زىچ ئۇچراشقان بىر رايون دەپ تونۇلغانىدى. سۇمەر، ئاسۇر، بابىل ۋە پارس قاتارلىق قەدىمقى مىسسىپوتامىيە مەدەنىيەتلىرى بىلەن مىسىر، يۇنان، ھىندى ۋە ئەرەب مەدەنىيەتلىرى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ بىر-بىرى بىلەن قايناشقانىدى. بەسرە ھەرگىزمۇ ئىچىگە چۈشكەننى ئېرىتىۋېتىدىغان بىر «ئېرىتكۈچى قازان» ئەمەس ئىدى. ئۇ مەدەنىيەتلەرنى بىر - بىرىگە قىردۇرماستىن بىرلىكتە ياشىنىتىدىغان جاي ئىدى. بۇ ۋەجىدىن بەسرەنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى كۆپ مەدەنىيەتلىك بولۇشى بولۇپ، ھەر خىل رەڭ، ئوخشىمىغان پۇراقنى باغرىغا باسقانىدى.

يەمەنلىك ئەرەبلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەدەۋىلىك تۇسى كۇفەدە قانچىلىك قويۇق بولغان بولسا، بەسرەدە «مەدەنىي» تۇسمۇ شۇنچە قويۇق ئىدى. ئەينى دەۋرنىڭ شەرت -شارائىتى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بەسرە بىر ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىلار شەھىرى ئىدى. مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىر قەدەر يۇقىرى كىشىلەر كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيتتى. بەسرە ئاھالىسى تۇرمۇشىنى تىجارەت، بېلىقچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن

قامدايتتى. بەسىرە تىجارى تاۋارلارنىڭ باشقا شەھەرلەرگە تارقىلىشىدىكى قاتناش تۈگۈنى ئىدى.

بەسىرە لاھىمىلەر (268 - 613)نىڭ پايتەختى ھىرەنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدىكى شەھەر ئىدى. ھىرە بولسا كۇفەگە بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تارىخىي شەھەر بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ئىلىم ۋە پىكىر مەركىزى ئىدى. بۈيۈك پەلسەپە مەكتەپلىرى بار ئىدى. ئىسلام دەۋرىتى كېلىشتىن ئاز ئەۋۋەل لاھىملار پارس دۆلىتى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ھىرەنىڭ ئىلىم - مەدەنىيەت مىراسىدىن ئەڭ چوڭ ئۈلۈشنى بەسىرە ئالدى. خۇددى ھىرەنىڭ ماددى مىراسىنى يېقىن ئەتراپىغا يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان كۇفە ئالغاندەك ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مىراسىنى بەسىرە ئالغان ئىدى.

بەسىرە ئاھالىسىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىمۇ خۇددى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسىگە ئوخشاش خىلمۇ - خىل ئىدى. بۇ يەردە ھەم ھاكىمىيەت تەرەپدارلىرى ھەم ئۆكتىچىلەرنى قوللىغۇچىلار ھەم بىتەرەپلەر بار بولۇپ، بىتەرەپلەرنىڭ سانى كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيتتى. ئۇلار شامغا ئوخشاش ھاكىمىيەت تەرەپدارى ياكى كۇفەگە ئوخشاش ھاكىمىيەت ئۆكتىچىللىرىدىن ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە مانا بۇ سەۋەبتىن بەسىرەنى قارارگاھ قىلىپ تاللىغان بولسا كېرەك. لېكىن، بەسىرە ئاقىۋەتتە ئۆزىگە ئوخشاش خاراكتېرىدىكى باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش ھاكىمىيەت سېپىدىن ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ۋەجىدىن بەسىرەنى يەنىلا ئەمەۋى دېسەك توغرا بولىدۇ. كۆپ خىل مەدەنىيەت دېلتىسى بولغان بەسىرە كۆپلىگەن مەزھەپ ۋە مەشرەپكە بۆشۈك بولغان.

ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ شەھەر مەسچىتىدىكى دەرس ھالقىسى خۇددى بەسىرەدەكلا رەڭدار ئىدى. ئۇ چاغلاردا فىقھى ۋە كالام مەزھەپلىرى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى. ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ شەرىقتە ۋە غەربتە «مۇتتەقىلەرنىڭ پىشۋاسى»

دەپ نامى چىققان ۋاقىتلاردا، ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام مالىك تېخى تۇغۇلمىغان ئىدى. سەھنىدە پەقەت شىئە ۋە خارىجى قاتارلىق سىياسىي مەزھەپلەرلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار مەزھەپتىن بەكرەك «پارتىيە»گە ئوخشايتتى. ئەلبەسرىنىڭ دەرس ھالقىسىدا ئوخشىمىغان قىممەت - قاراش، ھەر خىل چۈشەنچە ۋە ھەر ئېقىمدىن كىشىلەر بار ئىدى. لېكىن، ئەلبەسرى «بىر كىشىلىك مەكتەپ» ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر چۈشەنچە سىستىمىسى بار بولۇپ، ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ ئۇمۇرتقىسىنى قۇرئان ۋەھىيلىرى تەشكىل قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر شەھىرى بولغان مەدىنىدە ۋەھىيدىن ئوزۇقلانغان بىر مۇھىتتا چوڭ بولغان ئىدى.

قەدەر رىسالىسى ئۇنىڭ ۋەھيي بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنىڭ پاكىتى بولۇپ، ھەقىقەتەن ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ مۇھىتى «ۋەھيي» ئىدى. ئۇ ۋەھيي ئوكيانىدا ئۈزگەن. بۇ ئوكياندىن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى سۈزگەن. ئۇ دەۋرىنىڭ ئۆپكىسى ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ كۈچلۈك غەۋۋاسى ئىدى. بۇنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ چوڭ پاكىت ئۇنىڭدىن بىزگە مىراس قالغان قەدەر رىسالىسىدۇر.

## ئۇستازلىرى ۋە تالىپلىرى ھەققىدە

ھەسەن ئەلبەسرى ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇستازىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش قىيىن بولمىسا كېرەك. ئۇ ئۇستاز قۇرئاندۇر. ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇ قۇرئاننىڭ تالىپى ئىدى. قايسى ئۇستازغا تالىپ بولۇپ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسا قۇرئاننى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تالىپى بولغانىدى.

ئۇستازلىرى ئۇممۇ سەلەمە، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى، ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس بىن مالىك، سەمۇرە بىن

جۇندەپ، ئابدۇراھمان بىن سەمۇرە، ئەبۇ بەكرا، ئىياد بىن ھىمار، ماقىل بىن يەسار، ئەسۋەد بىن سەرى قاتارلىقلار ئىدى. ئىبىن سادىنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ھەسەن ئەلبەسرى ئىلىمدە ساھابى ئۇستازى ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىسىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، ئەنەس بىن مالىكتىن بىرەر پەتىۋا سورالغان ۋاقىتتا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئازاد قىلىنىۋېتىلگەن ھەسەندىن سوراڭلار. ئۇمۇ ئاڭلىدى، بىزمۇ ئاڭلىدۇق. لېكىن، ئۇ يادقا ئالدى، بىز بولساق ئۇنۇتتۇق» (تاباقات 7,177). ئەنەس، سەمۇرە ۋە ئابدۇراھمانلار ئەمەۋى ۋالىسى زىيادنىڭ قول ئاستىدا مەمۇرى ئىشلارغا مەسئۇل بولغان ساھابىلەردىن بولۇپ، زىياد ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدە بەسرەدە دۆلەت خەزىنىسىگە مەسئۇل بولغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەردىن ئالدىنقى تۆت كىشى قۇرئاننى يېزىۋالغان 15 ساھابە قاتارىدىن بولۇپ، بۇ ھەسەننىڭ قۇرئانغا بولغان ئىشتىياقىنىڭ بىر نامايەندىسى. جاھىزنىڭ نەقىلىگە قارىغاندا، ئەلبەسرى بەسرەدە تۇنجى تەپسىر (تەئۋىل) دەرسى بەرگەن كىشىنىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەسرە ۋالىيسى ئىبن ئابباس ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. دېمەككى، ئۇ 16 - 20 ياش ئارىسىدىكى مەزگىلىدە، ئىبن ئابباس ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ مەككىگە قايتىپ كەتكىچە (ھىجرى 40) ئۇنىڭغا تالىپ بولغان.

ئۇنى بەزىلەر ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ تالىپى دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلارغا بىۋاستە ھالدا تالىپ بولمىغانلىقى مۇقەررەر. چۈنكى، ئۇ ھەزرىتى ئوسمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) قەتلى قىلىنغان ۋاقىتتا ئەمدىلا 14ياشتا ئىدى. ئۇنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ تالىپى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا ئىدى، ھىجرىتىنى بەسرەگە ئەمەس، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قارارگاھى بولغان كۇفەگە قىلغان بولاتتى.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ساھابە بولمىغان ئۇستازلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئامىر بىن ئابدىقەيىس ئەلبەسرى ۋە ماقىل بىن يەسارلار ئورۇن ئالماقتا. ئامىر بىن ئابدىقەيىس ھەسەن ئەلبەسرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. تاباقات ۋە تەزھىپ قاتارلىق مەنبەلەردە بۇ زات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاجايىپ مەلۇماتلار ئورۇن ئالغان. بۇ زات تەركىدۇنيالىقنى تاللىغان بولۇپ، توي قىلمىغانلىقى، گۆش ۋە ياغ ئىستېمال قىلمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ھەسەن ئەلبەسرى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەقىدە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىدۇنيالىقنى تاللىۋالغانلىقىغا ئېچىنغان ۋە بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە ئېيتقان ئىدى. لېكىن، ھەسەن ئەلبەسرىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇستازى ئامىر بىن ئابدىقەيسكە ئوخشاش يالغۇز ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئىلىم - ئېرپانى دوستلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا مابەد ئەلجۇھەنى كېلىدۇ. بەسرە ئاقساقاللىرىدىن ئەھمەد بىن قەيىس بىلەنمۇ يېقىن ئۆتكەنلىكى، شۇنداقلا بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت پىلانى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەنلىكى تەرجىمىھالىدىن مەلۇم بولماقتا.

ئەلبەسرىنىڭ تالىپلىرى كۆپ ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى بەزىلەر تەرىپىدىن مۇتەزىلە مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالغان ۋاسىل بىن ئاتادۇر. ئۆزىمۇ بىر دەۋرلەردە پىشۋا بولغان قەتادە بىن دىئامە، رىۋايەت ئەھلىدىن بولغان ئەييۇپ ساختىيانى، دىرايەت (تەپەككۇر ئىلمى)نى سىستېمىلىق ھالغا كەلتۈرگەن ۋە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە مۇتەزىلە مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالغان ئامىر بىن ئۇبەيدمۇ ئۇنىڭ تالىپلىرىدىن ئىدى. ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىدىكى تۆت كىشىنىڭ ئۆزىلا ھەسەن

ئەلبەسىرىنىڭ نەقەدەر مول ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتەرلىك.

ھەسەن ئەلبەسرى ھەردائىم خارىجىلاردىن ئۇزاق تۇرغان بولۇپ، ھەتتا ئەمەۋى زۇلۇمىغا قارشى قانداق پوزىتسىيىدە بولغان بولسا خارىجىلارنىڭ تەكفىرچىلىكىگە قارىتا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغان. ئۇ خارىجىلار ۋە ئەمەۋىيلەردىن ئالدىنقىسىغا خېلى يىراق تۇرغان.

## ئەسەرلىرى ھەققىدە

ھەسەن ئەلبەسرىگە تەۋە قىلىنغان نۇرغۇن كىتاب بار. لېكىن، بىز بۇ يەردە ئۇنىڭغا نىسبەت قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىزىملىكىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ قولىيازما ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «قەدەر رىسالىسى» ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن يەنە باشقا بىر كىتاب «فەدائىلۇ مەككە» بولۇپ، مەككە ۋە كەبىنىڭ تارىخى ۋە پەزىلەتلىرى ئاساسي تېما قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئىسلام ئىلىم ۋە تارىخى ئەسەرلەر تارىخىدا بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن تۇنجى يازما يادىكارلىقلاردىن بىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە (بۇ ئەسەر كۇنىمىزدە نەشىر قىلىنغان. ئەبۇ سائىد ئەل ھەسەن بىن يەسار ئەلبەسرى، فەدائىلۇل مەككە، مەكتەبەتۇل فەلاھ، ئەل كۇۋەيت ، 1400).

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ۋاپاتىدىن ئاز ئەۋۋەل كىتابلىرىنى كۆيدۇرىۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان ( ھەسەنگە ئوخشاش كىتابلىرىنى كۆيدۇرىۋەتكەن ئالىملىرىمىزدىن بىرسى ئەبۇ ھاييان ئەت - تەۋھىدى بولۇپ (414 / 1023)، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىتابنى كۆيدۇرۇش مەسىلىسىدە ماڭا ئۆرنەك

بولغان ئۇستازلار بار. ئۇلار ئەگىشىشكە لايىق بولغان، يول كۆرسىتىشكە مۇراجەت قىلىنغان، ئىزىدىن مېڭىشقا بولىدىغان كىشىلەردۇر». ئۇلاردىن بىرى ئەبۇ ئامىر بىن ئەل ئالا (154 / 771)، تەقۋالىق بىلەن تونۇلغان چوڭ ئالىمدۇر. كىتابلىرىنى كۆمۈۋەتكەن ۋە ئۇزىدىن كېيىن ھېچقانداق بىر ئەسەر قالدۇرمىغان. سۇفيان ئەسسەۋرى (161 / 777)، مىڭ جىلد كىتابىنى يىرتىپ تاشلىغان. داۋۇد ئەت تائى (165 / 781)، زاھىد ۋە فاقىھ بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا تاجۇل ئۇممە دەپ لەقەم بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ كىتابلىرىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن. يۇسۇپ بىن ئەسبات (192 / 807)، كىتابلىرىنى بىر تاغنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇ يەردىكى بىر غارنىڭ ئىچىگە قويۇپ ئاغزىنى ئېتىۋەتكەن. ئەبۇ سۇلايمان ئە دارانى (215 / 830)، بارلىق كىتابلىرىنى بىر تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۇرىۋەتكەن ۋە: «ئەگەر سەن ماڭا مۇسىبەت ئېلىپ كەلمەيدىغان بولساڭ مەن سېنى ھەرگىزمۇ كۆيدۇرىۋەتمەيتتىم» دېگەن. - رەسائىل 409 - 410). بىراق ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆيدۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە شۇبھە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە مەزكۇر رىۋايەتنىڭ قايسى كىملەر تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بەزىدە رەسمىي ۋە تەسىر دائىرىسى كىچىك مەزھەپ تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارشىغا زىت ۋە مۇخالىپ دەپ قارىغان ئەسەرلەرنى كۆزدىن يوقىتاتتى. بۇ يولنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى يوقىرىقى قىلمىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ زاتنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى كۆيدۇرۋەتكەن دېگەن توقۇلمىنى پەيدا قىلغان.

ئىمام ئەلبەسىرىنىڭ مۇجاھىت ۋە ئىكرەمەگە ئوخشاش تابىئىن نەسلىنىڭ مۇپەسسىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۇبھە يوق. ئىبنى نەدىم «ئەلفىھرىست» ناملىق ئەسىرىدە ئەلبەسىرىنىڭ تەفسىرۇل قۇرئان» ناملىق بىر تەفسىرى بارلىقىنى قەيت قىلغان. كېيىنكى زامانلاردا

قىلىپلاشقان «تەفسىر» ئىسمىنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك بۇ قاراش ئانچە توغرا بولمىسا كېرەك. خۇددى ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىدغىمۇ بىردىن يازما تەفسىر نىسبەت قىلىنغاندەك ھەسەن ئەلبەسرىگىمۇ مۇشۇنداق رەۋىشتە بىر تەفسىر نىسبەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ تەفسىرگە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرى مۇتتەزىلەرنىڭ ئىماملىرىدىن دەپ قارالغان ئامىر بىن ئۇبەيد ئارقىلىق كېيىنكى نەسىللەرگە تارقالغان. مۇپەسسىر ئابدۇراھمان ئەس سەئالىبى (875 / 1470) تەفسىرىنى يېزىۋاتقاندا بۇ رىۋايەتلەر يېزىلغان بىر نۇسخىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلگەن بارلىق يازما تەفسىرلەر ئۇنىڭدىن يېتىپ كەلگەن تەفسىر رىۋايەتلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. فىرۇز ئابادىنىڭ (مىلادى 817) مەنبەلەردە رىۋايەت قىلىنغان ئىبنى ئابباسقا ئائىت تەفسىر رىۋايەتلىرىنى جەملەپ، «تەنۋىرۇل مىقباس مىن تەفسىرى ئىبنى ئابباس» نامىدا كىتابلاشتۇرۇلغانلىقى بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر.

خۇددى ھەسەن ئەلبەسرى تەفسىرىدىن سۆز ئېچىلغاندەك بىر ھەسەن ئەلبەسرى فىقھىسىدىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەفسىرى ئۆزىدىن كېيىن قانداق جەملەنگەن بولسا، فىقھىسىمۇ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوخشاش ئۇسلۇبتا توپلانغان. ئەندولۇس مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېپتىخارلىق ئۆتمۈشىنى تىما قىلغان ماققارى ھەسەن ئەلبەسرى فىقھىسىنىڭ جەملىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق قىممەتلىك مەلۇماتنى نەقىل قىلغان: «قازى مۇھەممەت بىن يۇمن بىن مۇفەررىجنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ فىقھىقا مۇناسىۋەتلىك يەتتە جىلتلىق بىر ئەسىرى ۋە زۇھرىنىڭ فىقھىسىنى جۇغلىغان كۆپلىگەن كىتابلار باردۇر» (نەفھۇت تىب 3 / 170).

بىزنىڭچە ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم ئەسىرى قولىمىزدىكى «قەدەر رىسالىسى» دۇر. چۈنكى، بۇ رىسالىدە ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ مەنبەلىرى، كەڭ دائىرىلىك تەپەككۇرى، چوڭقۇر ئىلمى ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇپلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

## §2. ياشىغان دەۋرى

### ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ھەسەن ئەلبەسرى ياشىغان دەۋرنى «ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ بارلىققا كېلىش دەۋرى» دېيىشكە بولىدۇ. تەرجىمىھالىنى بايان قىلغان ۋاقىتىمىزدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شۇ دەۋردىكى مۇھەممەد بىن ئەلىنىڭ «مەدىنە مەكتىپى»دىن قالسىلا ئەلبەسرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى «بەسرە مەكتىپى» كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەككە مەكتىپى ۋە كۇفە مەكتىپىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك.

مەدىنە مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇھەممەد بىن ئەلى (81 / 700) بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ جاپاكەش ئوغلىنىڭ ھاياتى ئاچچىق قىسمەتلەر بىلەن تولغان. دەسلىۋىدە دادىسى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزى ئالدىدىلا شېھىت قىلىنغان. كېيىن ئاكىسى ھەسەننىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلىشىگە شاھىت بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە كۆز ئالدىدا ئاكىسى ھۈسەيىن (681/61) قەتلى قىلىنغانىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەننىڭ ئۈمەييە ئوغۇللىرى ئۈچۈن ھاكىمىيەتتىن ۋاز كېچىشى مۇھەممەت ۋە باشقىلارنى

ئۇمىدسىزلەندۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ سىياسەتتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزلىرى قۇرغان مەكتەپلەردە بارلىقىنى ئىلىم - ئېرپان ئىشلىرىغا ئاتىغان.

مۇھەممەت بىن ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى ھەسەن ۋە ئەبۇ ھشام، ھەزرىتى ھەسەننىڭ ئىككى نەۋرىسى ئابدۇللاھ ۋە ھەسەن، ئابدۇللاھنىڭ ئىككى ئوغلى مۇھەممەت ۋە ئىبراھىم، ئۇنىڭدىن باشقا ئەبۇ زەرنىڭ تالىپى مابەد ئەلجۇھەنى، ئۇنىڭ تالىپى غەيلان بىن مۇسلىم ئەد دەمەشىقى، ئابدۇراھمان بىن ئەۋفنىڭ نەۋرىسى سائىت بىن ئىبراھىم، ساد بىن ئەبى ۋاققاسنىڭ نەۋرىسى ئىسمائىل بىن مۇھەممەت، ئەرەب تىلىدا تۇنجى زىر - زىۋەرنى تۈزگەن ئەبۇ ئەسۋەد ئەد دۇئەلى قاتارلىقلار مۇھەممەت بىن ئەلى قۇرغان «مەدىنە مەكتىپى»نىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرى ئىدى. بۇلار ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى تەپەككۇر مەكتىپىنىڭ مەنسۇپلىرى ئىدى. ئىمام زەينەلئابىدىن (ئەلى بىن ھۈسەيىن)، ئەبۇ جافەر ئەلباقىرنىمۇ بۇ مەكتەپنىڭ بىر ئۇقۇغۇچىسى دەپ ھېسابلايمىز.

ئەھلى بەيت (رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسى)كە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ مەكتەپ ئىسلامى زۇھتى (دۇنيا سۆيگۈسىنى قەلبتىن چىقىرىۋېتىش) نىڭ ئانا مەنبەسى بولۇش بىلەن بىرگە ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ تۇنجى مەركىزى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىسلامدا پەلسەپە تەپەككۇرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەققىدە ئىككى جىلىت چامىسىدا بىر ئەسەر يازغان ئەلى سامى ئەننەششار بۇ مەكتەپنىڭ مەنسۇپلىرىنى «ئەركىن ئىرادىلىكلەر» دەپ ئاتىغان (نەششار، 2-جىلىت، 63-82 ).

«مەدىنە مەكتىپى» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بۇ مەكتەپ قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ھەسەن ئەلبەسرى مەدىنىدىن ئايرىلغان ئىدى.

تۇنجىسىغا ئوخشاش سېستىمىلاشمىغان بولسىمۇ، ئىككىنجى بىر مەدىنە مەكتىپىنىڭ مەۋجۇدلىقىدىن سۆز

ئېچىشقا بولىدۇ. بۇ مەكتەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشتۇرغان ھالقا ھەزرىتى ئۆمەر ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر، سائىت بىن ھۇسەيىن، ئىمام مالىك قاتارلىق ئالىملارمۇ بۇ مەكتەپنىڭ ۋارىسلىرى بولدى. ھەسەن ئەلبەسرىنى بۇ مەكتەپنىڭ بەسرەدىكى سىستېمىلاشتۇرغۇچىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئەلبەسرىنىڭ بەسرە مەكتىپىنى ھەزرىتى ئۆمەر ئارقىلىق ئاللاھ رەسۇلىغا تۇتاشقان ئىككىنجى مەدىنە مەكتىپى دېيەلەيمىز. بۇ مەكتەپ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەھقىقچى (دەلىل - ئىسپاتقا تايانغان ھۆكۈم) ۋە دىرايەتچى (يىراقنى كۆرەلەيدىغان) ئىزىدىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئارقىلىق رىۋايەتچى تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى ۋە بۇرالدى. بىزنىڭچە ھەسەن ئەلبەسرى بۇ مەكتەپنى تەھقىقچى ۋە دىرايەتچى يۆنىلىشكە قايتۇرۇپ كەلگەن كىشىدۇر.

ئابدۇللاھ بىن ئابباس يېتەكچىلىك قىلغان كۇفە مەكتىپى مۇجاھىد بىن جەبىر، ئاتا بىن ئەبى راباھ، تەۋۇس بىن قەيسان، سائىد بىن جۇبەير، ئىكرىمە قاتارلىق ئىزباسار ئىماملارنى يېتىشتۇرۇپ چىققانىدى. بۇ مەكتەپمۇ تەھقىق ۋە تەفەققۇق ئەھلىنىڭ مەكتىپى ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇد يېتەكچىلىك قىلغان كۇفە مەكتىپىنىڭ ۋارىسلىرى ئەلقامە، ئىبراھىم ئەننەھائى، ھاماد ۋە ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە بولۇپ، بۇ مەكتەپ ئىسلام مەكتەپلىرى ئىچىدە «رەي مەكتىپى» دەپ نام چىقارغانىدى. بۇ مەكتەپمۇ تۇنجى ئۇقۇغۇچىللىرىدىن تارتىپ ئىمام ئەبۇ ھەنىفىگە قەدەر ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمى ۋە بېسىمىغا دۇچ كەلدى. ئىبن مەسئۇد تېخى ھەزرىتى ئوسماننىڭ خىلاپىتى دەۋرىدىلا ھاكىمىيەتنىڭ خاتالىقلىرىغا كۆز يۇمىغانلىقى ئۈچۈن قارىنى يېرىپ تاشلىنىپ، ئۈچەيلىرى ئېلىپ تاشلاندى. ئىبراھىم ئەننەھائى ۋە ھاماد دائىم بېسىم

ئاستىدا ياشىدى. ئەبۇ ھەنىفە ھەم ئەمەۋىلەرنىڭ ھەم ئاباسىلار خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىدى ۋە ئەڭ ئاخىرى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر تەرىپىدىن زىندانغا تاشلىنىپ قامچىلاندى. ئاقىۋەتتە زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى (بۇ ئىپھتىمال كۆچلۈك).

بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇلغان رايونلارنى ئوچۇق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا پەرەز قىلغىنىمىزدىنمۇ جانلىقراق بولغان بىر ئىلىم ۋە تەپەككۇرغا تولغان ھايات بار ئىدى. ھوقۇق تاماسىدا كۆزى كور بولغان سىياسىيونلارنىڭ قانلىق قولliرى بۇ ھۆر تەپەككۇر مۇھىتىغا سوزۇلمىغان بولسا ئىدى، ئىسلام تارىخىنىڭ يۆنىلىشى باشقىچە رەۋىشتە تەرەققىي قىلغان بولاتتى.

بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدە بەلكىم ئەڭ رەڭدار بولغىنى «قەدەر رىسالىسى» نىڭ مۇئەللىپى ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ مەكتىپى ئىدى. ئۇنىڭ مەكتىپى ھەر خىل دەرسلەر ئۆتۈلگەن ئالىي مەكتەپ فاكولتېتلىرىنى ئەسلىتەتتى. دەرسلەرنىڭ مەلۇم يېرىدە زىرەك ۋە تەھقىق ئەھلى تالىپقا قۇرئاننى قانداق چۈشىنىپ ھاياتقا تەتبىقلاشنى ئۆگەتسە، باشقا بىر يېرىدە سورالغان بىر سوئال ئارقىلىق بىر فىقھى مەسىلە ئۈستىدە قانداق مۇلاھىزە قىلىش ئۆگىتىلەتتى. دەرس ھالقىلىرىغا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگىنىشكە تىرىشۋاتقانلار بولغاندەك پەتىۋا سورايدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇ بەزىدە ئەرەب تىلىنىڭ ۋە بالاغىتىنىڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرى ھەققىدە دەرس بەرسە بەزىدە ئىسلام قانۇنى ۋە مەھكىمەئى شەرئى ئۈستىدە توختىلاتتى. بۇ دەرسلەر جەريانىدا ئۇ يەردىكى خەلقتىن ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلىدىغانلارغىمۇ ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ رىۋايەتچى ئەمەس دىرايەتچى، تەفەققۇۋ ۋە تەھقىق ئەھلىدىن بولغان بىر ئالىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلگەن بۇ ئىپادە ناھايىتى يارقىن ھالدا

ئىپادىلەپ بېرىدۇ: «ئاللاھ پەقەت ئىلمى بولغانغا ئەمەس، كەڭ دائىرىلىك چۈشەنچە ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى بولغانلارغا ئېتىۋار بېرىدۇ». ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىشىنىڭ سالىھ ۋە ياخشى بىر ئادەم ئىكەنلىكى تەرىپلەنسە ئۇ دەرھال : «كاللىسى ئىشلەمدۇ (ئەقلىنى ئىشلىتەمدۇ)؟» دەپ سورايتتى.

ئىمام ئەلبەسرى دەرس بېرىش ئۈچۈن بەسرە مەسچىتىنى مەكتەپكە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇ مەسچىتتە دەرس بېرىۋاتقاندا تالىپلىرى ھالقىلار شەكىللەندۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئاساسلىق ھالقىدا ئۇ ئۆزى بىۋاستە دەرس بېرىۋاتقان تالىپلار ئولتۇراتتى. ئاندا - ساندا دەرسكە قاتنىشىدىغانلار ياكى ئاڭلاش ئۈچۈنلا كېلىدىغانلار ئۇ ھالقا ئەتراپىدا ھالقا شەكلىدە ئورۇن ئالاتتى. بىر قېتىم ئۇ رىۋايەتنى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن سەھىھ - زەئىپ دېمەستىن ھەر رىۋايەتكە مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان، تاپالمىغاندا ئۆزى توقۇپ چىقىرىدىغان ئۆلۈك مەلۇمات بىرىكمىسى يىغىشقا ھېرىسمەن تەقلىتچىلەرنى ئىما قىلىپ: «بۇلارنى ھالقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىڭلار» دېگەن ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇ خىل كىشىلەر «ھاشۋىيە» دەپ ئاتالغان. ھاشۋىيە ئىلىمنى زاماسكا ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئوبيېكتىنىڭ ماھىيىتى (مېغىزى)نى تاشلاپ قويۇپ شاكىلى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، كېرەكسىز ئىلىمنى يىغىپ ھە دەپ بازارغا سالىدىغانلار»، ئىخچاملىغاندا «ئۆلۈك ئىلىم ھەۋەسكارلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھاشۇ ئەھلى قۇرئاندا ھېچ بىر ئاساسى يوق، مۇنازىرىگە ئوچۇق تېمىلارنى دىنغا سۆرەپ كىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئېقىپ يۈرگەن ئەھلى كىتاب مەدەنىيىتىنى پەدازلاپ مۇسۇلمانلار ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، «شىبىھ (ئۇنىڭغىمۇ بۇنىڭغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان) دىن» پەيدا قىلاتتى. بەئەينى كۈنىمىزدىكى قارا پۇل (ئەتكەسچىلىكتىن تاپقان ھارام پۇل) ئاقلىغۇچىلارغا ئوخشاش ئۇ دەۋردىمۇ «ساپ بولمىغان

مەلۇمات(ئىلىم)نى ئاقلايدىغانلار» بار ئىدى. بۇ خىل كىشىلەر ئانالىز ۋە نەقىل قىلغان سۆزلىرىنى چۈشىنىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم ئىدى. «ئاللاھ ئادەمنى ئۆزىنىڭ شەكلىدە ياراتتى»، «ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ لېيى (تېپىنەت)نى ئۆز قولى بىلەن قىرىق كۈن يۇغۇردى»، «جەببار ئايىغىنى جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە باسىدۇ»، «ئەرشتە ئولتۇرۇشى يېڭى تىكىلگەن توقامغا ئولتۇرغانغا ئوخشايدۇ، ھەر تەرەپتىن توت بارماق سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ» دېگەندەك رىۋايەتلەر ئۇلار كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئۆلۈك مەلۇماتلاردىن پەقەت ئۈچ ئۆرنەك. بۇ خىل ئېقىمدىن ئوزۇقلانغانلار پەيدا قىلغان ئۆلۈك ئىلىم خىلمۇ - خىل ئېقىملار ۋاستىسى بىلەن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ تارىختىن خېلى كېيىن ئۆتكەن مۇھەممەت بىن كەررام ( 255/ 869)غا نىسبەتەن قىلىنغان كەررامىيە بۇ ئېقىملاردىن پەقەتلا بىرسى، خالاس.

تەخمىن قىلىنغىنىدەك ھاشۋ ئەھلى ئەسەبىي قەدەرچىلىكتە چىڭ تۇردى. ھەسەن ئەلبەسرى رىسالىسىدە «جاھىللار (نادانلار)» دەپ ئاتىغانلار ئىچىگە بۇ كاتېگورىيىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ كىرىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلالايمىز.

## ئىمامەت ( يېتەكچىلىك ) نىڭ سەلتەنەتكە ئايلىنىشى

ھەسەن ئەلبەسرى ياشىغان دەۋر پەقەت ئىسلام تەپەككۇرى بارلىققا كەلگەن دەۋر بولۇپلا قالماستىن، نەبەۋى ئىمامەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئورنىنى سەلتەنەت ئىدېئولوگىيىسىگە ئالغان بىر دەۋر ئىدى.

ھەر قانداق ھەرىكەت بىر چۈشەنچىدىن تۇغۇلىدۇ. ئۇنداقتا بىر ھەرىكەت ياكى مۇئامىلىنى توغرا تەھلىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەردە ئارقىسىدا ياتقان چۈشەنچىنى مۇلاھىزە قىلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەۋى سەلتەنەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا ياتقان چۈشەنچىنى بىلىش ئۈچۈن، شام ۋالىسى مۇئاۋىيەنىڭ ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىلا كۆزگە چېلىققان مال - مۈلۈك چۈشەنچىسىگە نەزەر تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ بەرپا قىلغان سىياسىي قۇرۇلمىدا ئۇممەتكە ئائىت مال - مۈلۈكنىڭ ئىسمى ئېنىق ئىدى. يەنى، بەيتۇ مالىل مۇسلىمىن (مۇسۇلمانلارنىڭ [ئاۋامنىڭ] مۈلكى) ئىدى. دەسلەپكى ئىككى خەلىپە دەۋرىدە بۇ رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن پېتى داۋاملاشتى. بىراق، ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىگە كەلگەندە شام ۋالىسى مۇئاۋىيە تۇنجى بولۇپ باشقا مۇقامدىن تووۋلاشقا باشلاپ «مۇسۇلمانلارنىڭ مېلى» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئاللاھ نىڭ مۈلكى» دەپ ئاتاشقا باشلىغانىدى.

بۇ سىيمانتىك (پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىسمىنى بىر ئەزاغا قويۇش) بۇزغۇنچىلىق ۋە كېيىن يۈز بېرىدىغان چوڭ سىياسى بۇزغۇنچىلىقنى دەسلىپىدىلا كۆرۈپ يەتكەن كىشى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى. ئەبۇ زەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قەيەرگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا پەرەز قىلغان بولسا كېرەك، «مال مۇسۇلمانلارنىڭ» دەپ ئەمىر مۇئاۋىيەنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەبۇ زەرنى بۇ مەسىلىدە بېشىغا كېلىدىغان بارلىق پالاكەتلەرگە پىسەنت قىلماي قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا مەدىنەنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىسى مابەد ئەل جۇھەنى بار ئىدى.

مۇئاۋىيەنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ مېلى» دېيىشنىڭ ئورنىغا نېمە ئۈچۈن «ئاللاھ نىڭ مۈلكى» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنىڭ ھەقىقىتى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايدىڭلاشتى. ئۇ ئاۋامنىڭ مۈلكىنى

خالىغانچە بۇزۇپ - چىچىش ھەققى يوق ئىكەنلىكىنى سەمىگە سىڭدۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئاغزىنى مۇشۇنداق سۆز ئويۇنى ئارقىلىق تۇۋاقلىيالايمەن دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، «مال - مۈلۈك ئاللاھ نىڭ ئىدى، ئاللاھ ئۇنى خالىغان بەندىسىگە بېرەتتى. مانا ئەمدى ئاللاھ مۈلكىنى ئەمەۋى ئائىلىسىگە بېرىشنى ئىراده قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق ئىدى.».

مۈلكىيەت چۈشەنچىسىدىكى بۇ خىل ئازغۇنلۇققا قەدەر (تەقدىر) ھەققىدىكى ئازغۇنلۇق ئەگەشتى. ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يوللارغا مۇراجەت قىلغان مۇئاۋىيە بىن ئەبۇ سۇفيان ئەڭ ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى. بىراق، ئۇنىڭ لاياقەت ۋە ئەھلىيەت (مۇناسىپ بولۇش) بىلەن ئەمەس، بىسىم ۋە زۇلۇم بىلەن تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق تەبىئىتىگە مۇناسىپ بىر ئىدېئولوگىيە كېرەك ئىدى. مانا بۇ نۇقتىدا ئەمەۋى جەبىر ئىدېئولوگىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قەدەر مەسىلىسىنى پەيدا قىلدى.

مۇئاۋىيە ئەمەۋى ئائىلىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاللاھ نىڭ قازا ۋە تەقدىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە قارشى چىقىشنىڭ ئاللاھ نىڭ قازا ۋە تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى ۋە ئاخىرى بۇ نەزىرىيەنى دۆلەتنىڭ رەسمى قارىشىغا ئايلاندۇردى.

***

قوشۇمچە

ئىسلام تارىخىنىڭ بۇ ئەڭ نازۇك دەۋرى ھەققىدە ئادىل ۋە بىتەرەپ ھالدا يەكۈنلەش ئېلىپ بېرىش تەشەببۇسى كېيىنكى مەزگىللەردە پەيدا قىلىنغان بىر مۇداپىئە سېپىلىغا دۇچ كېلىشكە مەھكۇم قىلىنغانىدى. بۇ سېپىلنىڭ ئۈستىگە

«سىنى ياخشى كۆرمىگەن ئۆلسۇن!» لەۋھەسى يېزىلغان ئىدى. بۇ سىپىلنىڭ قانداق بىر سىپىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر مىسال يېتىپ ئاشىدۇ: «سۇنەن» ناملىق ھەدىس كىتاۋىنىڭ ئىمامى نەسائى ھەدىس كىتاۋىدا مۇئاۋىيە بىن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ھەدىس نەقىل قىلمىغان ئىدى. بۇ ھەقتە دۈچ كەلگەن تۆھمەت ۋە بېسىملارغا قارىتا ئۇ: «مەن ئاللاھ مۇئاۋىيەنىڭ كۆزىنى توپا بىلەن تويغۇزسۇن! دېگەن سۆزىدىن باشقا بىر ھەدىس بىلمەيمەن» دېگەن ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر مۇھەددىس نەسائى جامئەدىن ئېلىپ چىقىلىپ، پۇتلىرى تاش بىلەن يانچىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

بۇ سىپىلنىڭ ئەڭ قېلىن يىرىنى « ساھابە ئۇقۇمى » تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنداقتا مەزكۇر تېما ئۈستىدە توختالغاندا، كالامچىلار پەيدا قىلغان «ساھابە» ئۇقۇمىنىڭ قۇرئان، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنىڭ «ساھابە» ھەققىدىكى ئىزاھاتىدىن خېلىلا پەرقلىق ئىكەنلىكى ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مۇئاۋىيە ئاۋامنىڭ مېلىغا قارىتا تۇتقان مۇئامىلىسىنى تەنقىد قىلغان ساھابە ئۇبادە بىن سابىتقا مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىلەن مۇھەممەدنىڭ ساھابىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنىڭ كەچۈرۈۋېتىشىدىن ئارتۇق ياخشى بىر نەرسە كۆرەلمەيمىز» (تەزھىبۇ تارىخى ئىبنى ئاساكىر، 7-جىلىت 215). بۇ سۆزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، مۇئاۋىيە ئۆزىنى «مۇھەممەدنىڭ ساھابىسى قاتارىدىن» دەپ ھېسابلىمىغان. سائىت بىن مۇسەييىپ رەسۇلۇللاھ زامانىسىدا ياشىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ساھابە ھېسابلىنىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قانچە يىل بىللە ياشىغان بولۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن غازاتلارغا قاتناشقان بولۇشىنى شەرت قىلغان.

يۇقىرىدىكى ساھابە ھەققىدىكى ئىزاھات دەسلەپكى مەزگىللەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «جان دوستلىرى

(ئەڭ يېقىن كىشىلىرى)»نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كالامچىلار ھىجرىيە 3 - ئەسىردىن كېيىن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى مەزكۇر ئاتالغۇغا لايىق بولمىغان شەكىلدە كېڭەيتتى. رەسۇلۇللاھنى قانداقلا بولمىسۇن بىرەر قېتىم كۆرگەن ھەر قانداق كىشىنى بۇ ئاتالغۇنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابى بولۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇخشاش بىر دەۋردە ياشاش بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بۇ ھەقتە ئېنىق چەك قويۇپ «ئەسھابلىرىمغا (ھەمراھلىرىمغا) تىل ئۇزارتماڭلار! ئىچىڭلاردىن بىرى ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن نەفىقە قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنىڭ بىر ئۆلچەم مىقدارىدا ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىچىلىك نەفىقە قىلغاننىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم)؛ «ئەسھابىم ھەققىدە ئاللاھ تىن قورقۇڭلار! ئاللاھ تىن!» دېگەنىدى (بۇخارى ۋە مۇسلىم). بۇ ھەدىسلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ «ئەسھابىم» دەپ ئاتىغانلىرىمۇ، «ئاللاھ تىن قورقۇڭلار!» دەپ خىتاپ قىلغان كىشىلىرىمۇ بۇ سۆزگە شاھىت بولۇۋاتقان كىشىلەر ئىدى. بۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر دەۋردىشىنى «ئەسھابىم» دەپ قارىمىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە، رەسۇلۇللاھ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن خالىد بىن ۋەلىد ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن جىدەلدە، خالىد بىن ۋەلىدنىڭ تېخى ساھابە ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئىپادىلىگەنىدى. كېيىن خالىد بىن ۋەلىد كۆرسەتكەن ساداقەت ۋە خىزمەتلىرى بىلەن ساھابىلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

ساھابىلارمۇ بۇ ئاتالغۇغا رەسۇلۇللاھ قارىغان نۇقتىدىن قارايتتى. ئىبن سالاھنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئەنەس بىن مالىكتىن: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابلىرىدىن سىزدىن باشقا ھايات قالغان كىشى بارمۇ؟» دەپ سورالغاندا مۇنداق جاۋاب

بەرگەن: «رەسۇلۇللاھنى كۆرگەن بەزى بەدەۋىلەر (چۆل ئەرەبلىرى) ھازىرمۇ ھايات، لېكىن ئەسھابىدىن ھېچكىم قالمىدى».

***

ئەمىر مۇئاۋىيە لاياقەت پرىنسىپىغا ئاساسلانغان نەبەۋى سىياسەتنىڭ ئورنىغا زورلۇق - زومبۇلۇققا ئاساسلانغان سەلتەنەتنى تىكلىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىبن كەسىر مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھاكىمىيەتنى قولۇمغا ئالغان ۋاقىتتا بۇنىڭدىن خۇرسەن بولمىدىڭلار، بۇنى بىلىمەن. ھەتتا بۇ ھەقتە كۆڭلۈڭلاردا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭلارنىمۇ بىلىمەن. بىراق، مەن بۇ تەختنى قىلىچىمنىڭ كۈچى ئارقىلىق قولغا كەلتۈردۈم» (ئەلبىدايە، 8 - جىلد، 135). دەرۋەقە، ئۇ بىر ئاز قىلىچىنىڭ كۈچى بىلەن، بىر ئاز يالتىراپ تۇرغان ئالتۇنلىرىنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.

ھەقىقەتەن ئەھۋال شۇنداق ئىدى. لېكىن، بۇ ھەقىقەت ھېچكىمنى قايىل قىلالمايتتى. ئاۋام توغرىغا ئەمەس، ۋىجدانلىرىغا تەسەللى بولىدىغان يالغانلارغا ئىشىنىشكە بەكرەك مايىل ئىدى. بۇ ھەقتە ئېھتىياج تۇيۇلغان يالغان جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان. ئەمما قۇرئان ئاللىقاچان يىغىشتۇرىۋەتكەن ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە «جەبرىييە» ئىسمى بىلەن مەزھەبىكە ئايلانغان «قەدەرچىلىك»نىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئەمىر مۇئاۋىيە «مەن بۇ مەنسەپنى قىلىچىمنىڭ كۈچى ئارقىلىق قولغا كەلتۈردۈم» دېگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، قوغداش ئۈچۈنمۇ قىلىچقا تاياندى. ھۇجر بىن ئادى ۋە سەپداشلىرىنىڭ قەتلى قىلىنىشى بۇنىڭغا

مىسال بولالايدۇ. مۇئاۋىيە ھۇجر بىن ئادى ۋە سەپداشلىرىنى قازى شۇرەيھنىڭ «قانلىرى ۋە جانلىرى ھارامدۇر» دېگەن پەتىۋاسىغا قارىماي، پەقەت ئۆكتىچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرگۈزگەن ئىدى. مۇئاۋىيە ئەگەر ھەزرىتى ئەلىگە لەنەت ئوقۇسا بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىدىغانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن ھۇجر «مەن رەببىم رازى بولمايدىغان بىر سۆزنى ئاغزىمغا ئالمايمەن» دېگەن ئىدى. سەبداشلىرى بولغان شەرىق بىن شەددات ئەلخادرامى، سەيفى ئەششەيبانى، قەبىسە بىن دۇبەي ئەلئەبسى، مۇھرىز بىن شىھاب ئەلمىنكارى، قىدام بىن ھەييان ئەلئەنزى قاتارلىقلارمۇ ھەزرىتى ئەلىگە لەنەت ئوقۇش تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە بۇ سەۋەبتىن دەرھال ئۆلتۈرۈلدى. ھەزرىتى ئائىشە مۇئاۋىيەنى كۆرگەن ھامانلا غەزەپتىن ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ: «ئەي مۇئاۋىيە! ھۇجرنى ئۆلتۈرگەن ۋاقتىڭدا ئاللاھ تىن قورقمىدىڭمۇ؟» دەپ ئېتىراز قىلغان ئىدى. ئىبنى ئەسىرگە ئاساسلانغاندا ھۇجرنىڭ شېھىت قىلىنىشى ھەزرىتى ئەلىنىڭ شېھىت قىلىنىشىدەكلا قاتتىق تەسىر قوزغىغان ئىدى.

بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. ھەزرىتى ئەلىنى لەنەتلەشكە ئۇنىمىغانلار ئىچىدىن ئابدۇراھمان بىن ھايیان مۇئاۋىيەگە «ئاللاھ تىن قورق» دەپ ۋاقىرغان ئىدى. مۇئاۋىيە ئۇنى بەسرە ۋالىسى زىياد بىن ئەبىھىگە «جازاسىنى جىمى ئالەمگە ئىبرەت بولىدىغان شەكىلدە بەر» دەپ يارلىق بىلەن ئەۋەتتى. زىياد ئابدۇراھمان بىن ھايیاننى تىرىك پېتى كۆمۈۋەتتى. بۇ بەسرەدىكى ئۆكتىچىلەرگە قىلىنغان ئىبرەت ۋە بىشارەت ئىدى.

تابارىنىڭ نەقلىگە قارىغاندا، مۇئاۋىيە بىر كۈنى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىدىن بىرىگە مۇنداق دېگەنىدى: «ئى ئىبن مەسئەدە! ئاللاھ  ئەبۇ بەكرىگە رەھمەت قىلسۇن. نە ئۇ دۇنيانى سۆيدى، نە دۇنيا ئۇنى ياخشى كۆردى. ئۆمەرنى دۇنيا ئىستىدى، بىراق ئۇ

دۇنيانى ياقتۇرمىدى. ئوسمانغا كەلسەك دۇنيا ئۇنىڭغا چىقتى، ئۇمۇ دۇنياغا نائىل بولدى. بىراق بىز ... بىز دۇنيانىڭ ئىچىدە بۇلغاندۇق، دۇنيانىڭ چاڭ - توزانلىرىغا پاتتۇق». ئەڭ ئاخىرىدا پۇشايمانغا تولغان بىر كەيپىياتتا دېدىكى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ، ئاللاھ نىڭ بىزگە بەرگەن سەلتەنىتى» (تارىخ، 5 - جىلد، 334).

مۇئاۋىيەدىن كېيىن تەختكە چىققان يەزىد دادىسىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە كەربالادىكى قەتلىئام بىلەن تارىخنىڭ قارا بەتلىرىدىن ئورۇن ئالدى. يەزىدنىڭ ئائىلىسىنىڭ چوڭلىرى بەدرىدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. مۇئاۋىيەنىڭ بوۋىسى ئۇتبە بىن رابىئا، تاغىسى ۋەلىد بىن ئۇتبە، ئېنىسى ھانزالا بەدرىدە ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

بەزى رىۋايەتلەر بەدرىدىن قالغان ئەلەم ۋە ئاداۋەتنىڭ ئەمەۋى ئائىلىسى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇپەسسىر ئالۇسى «روھۇل مەئانى» ناملىق ئەسىرىدە نەمىل 23 - ئايەتنىڭ تەپسىرىنى بايان قىلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەنبەلەردىن مۇنداق بىر رىۋايەتنى نەقىل قىلغان: ھەزرىتى ھۇسەيىنىنىڭ كېسىلگەن بېشى بىلەن بىرلىكتە، ئەھلى بەيتنىڭ ھايات قالغان ئەزالىرى يەزىدنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كېلىنىدى. ئەھلى بەيت ئاياللىرى مىندۇرۇلگەن ئۇلاغلىرىغا چەمبەرچاس باغلانغان ۋە بويۇنلىرىدىن بىر - بىرىگە چېتىلغان ھالدا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلارنى خورلاش مەقسىتىدە ئەتەي شۇنداق قىلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ خارلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىنىشىنى تاماشا قىلىش مەقسىتىدە چىققان يەزىد ئۇ ئەسنادا بىر قارغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇغان:

بىر قارغا قاقىلدىدى، ئاڭا: «خالىساڭ قاقىلدا، خالىساڭ قاقىلدىما» دېدىم،

شۇنىسى ئېنىقكى، مەن رەسۇلدىن ئالدىغىنىمنى قايتۇرۇۋالدىم.

يەزىدنىڭ دادىسى مۇئاۋىيە ۋە بوۋىسى ئەبۇ سوفيان رەسۇلۇللاھ «تۇلەقا (قويىۋېتىلگەنلەر)» دېگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. مەككە فەتھە بولغان كۈنى كەئبىنىڭ ھويلىسىدا غەمگە پېتىپ، ئۆزلىرى ھەققىدە ئېلان قىلىنىدىغان ھۆكۈمنى تېخىرقاش ئىچىدە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانلارغا رەھمەت پەيغەمبىرى: «ئىزھەبۇ! فە ئەنتۇم تۇلەقا - بېرىڭلار! سىلەر قويۇپ بېرىلدىڭلار!» دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىپادىسىگە ئاساسەن ئۇلار «تۇلەقا - قويۇپ بېرىلگەنلەر» دەپ ئاتالغانىدى.

يەزىدنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بەيئەت قىلىنغان (تەختكە چىققان) 2 - مۇئاۋىيە مۇتتەقى ئۇستازى ئامىر ئەل مەقسۇسنىڭ نەسىھەت ۋە تەۋسىيەسى بىلەن زورلۇق - زۇمبۇلۇق ۋە كەيىپ - ساپا ئۇستىگە قۇرۇلغان سەلتەنەتنىڭ ئورنىغا ئادالەت ئۇستىگە قۇرۇلغان نەبەۋى سىياسەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشتى. بىراق خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرۇپ ئالتە ئاي ئۆتكەندە شۈبھىلىك شەكىلدە ۋاپات بولدى. خانىدانلىق ئىچىدىكى بەزىلەر تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بوۋىسى ۋە دادىسىنىڭ ئادالەتسىز قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىپ كەلگەن 2 - مۇئاۋىيەگە داۋاملىق ئادالەتپەرۋەرلىكنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن ئۇستازى ئامىر ئەل مەقسۇس (63 / 680) 2 - مۇئاۋىيەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇمەييە ئوغۇللىرى تەرىپىدىن تىرىك كۆمۈپ تاشلانغان بولۇپ، ئامىر ئەل مەقسۇس ھۆر ئىرادە مەكتىپىنىڭ تۇنجى شېھىتلىرى بىرى بولدى.

2 - مۇئاۋىيەدىن كېيىن تەختكە چىققان مەرۋان ۋە باللىرى دەۋرىدە بېسىم تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. بولۇپمۇ ئابدۇلمەلىك بىن مەرۋان دەۋرى پۈتۈن ئۈممەت ئۈچۈن ھەم «قەدەر رىسالىسى» مۇئەللىپى ئۈچۈنمۇ ئېغىر بىر زامان

بولغانىدى. بۇ دەۋردە يېقىن سەپدىشى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىنىڭ ھارماس بايراقدارى مابەد ئەل جۇھەنى قەتلى قىلىنغان (80 / 699). رىسالە يېزىلغان ۋاقىت بۇ پاجىئەلەر يۈز بەرگەن يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

ئەمەۋىلەر قانداق قىلىپ ئىمامەتكە قارشى سەلتەنەتنى، ئەركىن ئىرادىگە قارشى قەدەرچىلىكنى يۇقىرى ئورۇنغا قويغان بولسا، تەقۋا ئاساس قىلىنغان ئۇستۇنلۇك چۈشەنچىسىگە قارشى ئەرەبچىلىكنى (ئارۇبە) يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى. راغىپ ئەل ئىسفاھانى مۇنداق بىر ۋەقەنى نەقىل قىلغان: «ھەججاج باسرادىكى ۋالىيغا ناباتلىق مەۋالىلەرنى (ئەرەبلەردىن بولمىغانلارنى) پالاشنى ئەمىر قىلغان. ۋالىي "قۇرئان ئوقۇغانلار ۋە دىندا خېلى يۇقىرى سەۋىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلاردىن باشقا قانچىلىك ناباتلىق بولغان بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پالىۋەتتىم" دەپ مەكتۇپ يازدى. ھەججاج ئۇنىڭغا: "بۇ مەكتۇبىمنى ئوقۇغان ۋاقتىڭدا ئەتراپىڭدىكى ھەكىم (تىۋىپ)لارنى چاقىر. سەندە ناباتلىق بىر تومۇرنى تاپسا، ئۇنى دەرھال كېسىپ تاشلىسۇن" دەپ مەكتۇپ يازغان» (مۇھادارا، 1 - جىلد، 218).

بۇنىڭدىن ھەججاجنىڭ ناباتلىق ئالىملارغا چېقىلماسلىقنىمۇ قوبۇل قىلالمىغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

بۇ دەۋر ھەققىدە ئەسەر يازغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋەقەلەرگە ۋە كىشىلەرگە ھاكىمىيەت نەزەر تاشلىغان نۇقتىدىن تۇرۇپ قارىغان. بۇ سەۋەبتىن ھەققىنى ھىمايە قىلىش كۈرەشلىرىگە ھاكىمىيەت بەرگەن «پىتنە» ئىسمىنى بېرىپ كەلگەن، بۇنىڭدا بىر ھەقسىزلىق بارلىقىنى نەزەرگە ئالمىغان. ھاكىمىيەت تەرىپىدىن زۇلۇم قىلىنغان ۋە قەتلى قىلىنغان ئۆكتىچىلەر ئۇچرىغان زۇلۇمنى قارغاشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ زىت پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئەيىپلەپ، ئۇلارنى زالالەت، بىدئەت ۋە ھەتتا زىندىقلىق بىلەن ئەيىپلەشتە بەسلەشكەن. بۇ

سەۋەبتىن مابەد ئەل جۇھەنى، غەيلەن بىن مۇسلىم ئەد دەمەشقى، جەھم بىن سافۋانغا ئوخشاش ھاكىمىيەتنىڭ دىن چۈشەنچىسىگە ۋە چۈشەندۇرۇشىگە قارشى چىققانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋاستىلىق ھالدا يوللۇق قىلىپ كۆرسەتكەن.

## قەدەر ۋە ئەركىن ئىرادە مۇنازىرىسىنىڭ تارىخى يىلتىزى

قەدەر توغرىسىدا ئىنسانلارنىڭ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىشىنىڭ تارىخى قەدىمقى زامانلارغا ھەتتا ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش دەۋرىگە سوزۇلىدۇ.

تارىختا «ئەركىن ئىرادىگە قارشى قەدەر (تەقدىر - پىشانە)چىلىكنى تۇنجى بولۇپ كىم كۆتۈرۈپ چىققان؟» دېگەن سوئالغا قۇرئان كەرىم «شەيتان» جاۋابىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي شەيتان قەدەرچىلىك چۈشەنچىسىنى ئاللاھ قا قارشى ياقىلىغانىدى. يەنى:

ئىبلىس ئېيتتى: «رەببىم! مېنى ئازدۇردۇڭ. شۇڭا مەنمۇ ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۇچۇن سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن» (سۈرە ئەئراف، 16- ئايەت).

ئىبلىس ئېيتتى: «رەببىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلدىڭ. مەنمۇ يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن» (سۈرە ھىجر، 39 - ئايەت).

ئاللاھ قا «سەن مېنى ئازدۇردۇڭ» دەپ بوھتان چاپلىغان شەيتان كۆرۈنۈشتە ئىرادە ئەركىنلىكىنى رەت قىلغان بولسا، ماھىيەتتە تاللاش ئىختىيارلىقى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ ئەخلاقى جاۋابكارلىقىنى رەت قىلغانىدى. بۇ ئايەتلەردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇكى، قۇرئان جەبىرچى قەدەرچىلىكنىڭ قارشى قۇتۇبىغا «ئىرادە ئەركىنلىكى»نى ئەمەس، بەلكى «ئەخلاقى مەسئۇلىيەتچانلىق»نى، يەنى «مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى(تەقۋا)»نى قويغان ۋە بۇ ئارقىلىق جەبىرچى قەدەرچىلىكنى بىر نۇقتىدا «مەسئۇلىيەتسىزلىك» دەپ تەسۋىرلىگەن.

مانا بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى شەيتاندىن ئايرىپ تۇرغان نىگىزلىك پەرق ئىدى. ھالبۇكى، ھەر ئىككىلىسى گۇناھ ئۆتكۈزگەن ۋە ئاللاھ قا ئاسىي بولغان بولسىمۇ، ئادەم سادىر قىلغان خاتالىقىنىڭ ئەخلاقى جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئىسمى جىسمىغا لايىق « ئادەم » بولغان. ئىبلىس قىلمىشىنىڭ ئەخلاقى جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، گۇناھىنى ئاللاھ قا ئارتىپ، خاتالىقىنى تەن ئالماي شەيتان بولغانىدى. ئادەم ئەركىن ئىرادىسى بىلەن قىلغان خاتالىقىنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنى قۇبۇل قىلىپ ئۆز ئۈستىگە ئالغاچقا تەۋبە قىلغان. ئىبلىس تاللاش ئىختىيارلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئاللاھ قا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئاللاھ نى ئەيىبلىگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن تەۋبە قىلمىغانىدى. رىسالىنىڭ شەرھىسىگە قايتىدىغان بولغاچقا بۇ تېمىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرايلى.

قەدىمقى يۇناندا قەدەرچىلىك بىلەن ئەركىن ئىرادىچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى باردى - كەلدىلەر ھېسسىيات بىلەن ئىلمىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ماس ھالدا تەرەققىي قىلدى. ئىيۇنىيالىق قوشاقچى ھومىر (مىلاددىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىر) بىر شېئىرىدا ئىنساننىڭ «ئۇلۇغ زەئۇس تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ تۇرىدىغانلىقىنى» ئېيتقان.

سوقرات ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئەركىن ئىرادىسىنى ياقىلىدى. ستوئاچىلار قەدەرچىلىككە يېپىشتى. ستوئاچىلارغا قارشى ئەركىن ئىرادە پىكرىدە چىڭ

تۇرۇش ۋە قوغداش ماركوس توللىئوس سىكوروغا (مىلاددىن بۇرۇنقى 43 - 106) نىسىپ بولغان ئىدى. سىكورو «ئىلاھلارنىڭ تەبىئىتىگە دائىر» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە مۇنەججىملارنىڭ قەدەرنى بىلىش داۋاسىنى غەلبىلىك ھالدا ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىدى. بىراق «ئىلاھى ئىلىم»نى ئىنكار قىلىپ قارشى قۇتۇپقا دومۇلىدى.

رىمدىمۇ ئوخشاش تالاش - تارتىشلار داۋاملاشتى. ستوئاچى ئەخلاق چۈشەنچىسىنىڭ رىمدا كۆپ سانلىقنى ئىگەللىگەن پىكرى ئېقىمغا ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، لىكئوس ئاننەئوس سەنەكا (مىلادىيەدىن 4 - مىلاددىن كېيىن 65) «قەدەر ئىنساننى مەجبۇرى باشقۇرىدۇ ۋە ئىتتىرىدۇ» دېگۈدەك دەرىجىدە قەدەرچى ئىدى.

ئىجات قىلىنغان خىرىستىيانلىق ئوپئوچۇق قەدەرچى بولۇپ، خىرىستىيان قەدەرچىلىكىنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشتىن ناچار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچە ياتىدۇ. بۇ چۈشەنچە ئادەمنىڭ چەكلەنگەن دەرەخ مېۋىسىنى يېگەنلىكى ئۈلگا بىنا قىلىنغان. خىرىستىيانلىق بۇ ئۆلنى ئاساس قىلىپ ناچارلىقنى كىشىلىكنىڭ مەركىزىگە، يەنى ئىرادىسىگە جايلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گۇناھ ئىنسان ئۇچۇن باش تارتىپ بولمايدىغان نەرسە، گۇناھنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىنغان ئىرادە بولسا باش جىنايەتچى ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئىرادە «شەيتانلاشتۇرۇلغان» ئىدى.

پاۋلوس (تارسۇسلۇق تالۇت) ئىنجىلنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇلغان «رىملىقلارغا مەكتۇپ»تا بەئەينى بەزى ئەمەۋى ھۆكۈمرانلىرىغا ئوخشاش «ھۆكۈمدارىغا (باشلىقىغا) قارشى چىقىش، ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق بولىدۇ» دېگەن ئىدى( 13، 1 -2 ). شۇنداقتىمۇ رىم ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن قۇتۇلالمىدى. پاۋلوسنىڭ قەدەرچى

ئىدىيىسى رىمغا ماس كىلەتتى. چۈنكى، رىم ئىمپېراتۇرلىرى ئۆزلىرىنى «رىم خەلقىنىڭ قەدەرى» دەپ قارايتتى. لېكىن، بۇ نەزىرىيىگە قارشى چىققان ئىسەۋى سايىنت جوستىن مارتىر (103 - 165) ئەركىن ئىرادىنى ياقىلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى.

25 يېشىدا خىرىستىيانلىقنى قوبۇل قىلغان قانۇنشۇناس ۋە خەتىپ تەرتۇللىئانۇس (155 - يىلى تۇغۇلغان) «ھېچكىمنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ تەلىماتىغا مۇخالىپ ھالدا پەلسەپە ۋە بىھۇدە يالغانلار بىلەن كالاللىقلارنى قايمۇقتۇرۇشىغا، سىلەرنى ئالداپ يولدىن چىقىرىشىغا يول قويماڭلار» دېيەلىگۈدەك دەرىجىدە پەلسەپىگە قارشى چىققان ئىدى. ئۇ، بۇ پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ماھىيەتتە ئىسەۋى ئىسلامنى يۇنان پاگانىزىمى بىلەن يۇغۇرۇپ خىرىستىيانلىقنى بەرپا قىلىپ چىققان پاۋلوسنىڭ قەدەرچى يولىنى بويلاپ ماڭدى.

خىرىستىيانلىقنىڭ كىيىندىسى دېيىشكە لايىق ئاتاقلىق ئىلاھىيەتشۇناس ئاۋرەلىئوس ئاۋگوستىن چىركاۋ ئىزچىل ھالدا تاقاپ كەلگەن ساھەنىڭ يۈگۈنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى يۇنان پەلسەپىسىگە ئاچتى. «تەڭرىنىڭ شەھرى»ناملىق مەشھۇر كىتاۋىدا قەدەر ۋە ئەركىن ئىرادە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ سىكەرونىڭ ئەركىن ئىرادىسىنى قوللايمەن دەپ، ئىلاھىي ئىلىمنى ئىنكار قىلغان خەتەرلىك تەرىپىنى رەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئەركىن ئىرادە ھەققىدە توغرا باھا بەردى. ئۇ ئىلاھى ئىرادە بىلەن ئىنساننىڭ ئىرادىسى ئوتتۇرىسىدا بارلىقنى باغلىنىش ئوتتۇرىغا قويۇپ «ھەر تۈرلۈك كۈچنى بەخش ئەتكەن تەڭرىدۇر، تاللاشتىكى خاتالىق ئۇنىڭغا خاس ئەمەس» دېگەنىدى. «(...) ئاللاھ نىڭ بىلىشى ئەركىن ئىرادىگە ئىگە بولمىغانلىقىمىزنى بىلدۈرمەيدۇ». يەنە بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ: «سادىر قىلىنغان گۇناھنىڭ جاۋابكارى قەدەر، پېشانە ۋەھاكازالار ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ دەل

ئۆزىدۇر. گۇناھ قىلىش ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر».

چىركاۋ پېشۋاسى ئاۋگوستىننىڭ بۇ كۆز قارىشىنى ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئەپسۇسكى، خىرىستىيانلىقنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنى ھەر تۈرلۈك ئىچكى ئېتىرازلارغا قارىماي 529 - يىلدىكى ئورىنج قۇرۇلتىيىدا تەقدىرى ئىلاھىي بىلەن ئەركىن ئىرادە ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئاساس قىلغان ئاۋگوستىننىڭ كۆز قارىشى ئەمەس، پېلاگېئوسچى كۆز قاراش بەلگىلىدى. چۈنكى، پاۋلوسپەرەست خىرىستىيانلىقنىڭ ئۆزگەرمەس شۇئارى «چىركاۋ نىجاتلىقتۇر» ئىدى. بۇ «نىجاتلىق ئىنساننىڭ ئىلكىدە ئەمەس» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. نىجاتلىق تەڭرىنىڭ ئىنايىتىدە. «ئىنايەت» بولسا چىركاۋنىڭ مونوپوللىقىدا ئىدى. شۇنداقتىمۇ رىم چىركاۋىنىڭ بېسىمىغا قارىماي قەدەر توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار ھېچ توختىمىدى. خىرىستىيانلىقنىڭ بىر مەزھىبىنى تەشكىل قىلغان ياقۇبىلەر جەبىرچى قەدەرچىلىكنى ياقىلىدى. ناستۇرىلەر ئەركىن ئىرادىنى ياقىلاشنى داۋاملاشتۇردى.

يەھۇدىي ئىلاھىيىتىدە، رەببانىيلەر (رەببانىيىيۇن) قەدەرچىلىك (جەبرى) ۋە تەقلىدنى ياقىلاشتا چىڭ تۇرغان بولسا، ئانان بىن داۋۇد (715 - 795) بۇنىڭغا رەددىيە سۈپىتىدە شەكىللەندۈرگەن سادۇقىلەرنىڭ ۋارىسى بولغان قارائىم پىرقىسى ئەركىن ئىرادە ۋە ئەقىلنى ياقىلىدى.

## ئەمەۋى قەدەرچىلىكنىڭ دۇنياغا كېلىشى

جاھىلىيەت مۇشرىكلىرى ھۆر ئىرادە ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت بىلەن جەبىرچى تەقدىر چۈشەنچىسى كۆرىشىدە جەبىرچى تەقدىرچىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇردى. جاھىلىيەت

ئىنسانلىرىنىڭ تەقدىر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى قۇرئان ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ...» (ئەنئام، 148). ئۇلار قۇرئاننىڭ تەۋھىد چاقىرىقىغا قارشى چىقىپ شېرىك ئەقىدىسىنى «تەقدىر» ئۈستىدىن ياقىلىغانىدى.

قۇرئان جاھىلىيەت تەقدىر چۈشەنچىسىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىنساننىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنى ياقىلىدى. مۇشرىكلارنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئاللاھ قا «مېنى سەن ئازدۇردۇڭ» دېگەن شەيتاننىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. لېكىن، قۇرئان رەت قىلىپ يۇغۇشتۇرىۋەتكەن جاھىلىيەت تەقدىر چۈشەنچىسى ئەمەۋىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئىبن ئەبىل ھادىد ئەسىرىدە مۇئاۋىيەنىڭ سىففىن ئۇرۇشىدا ئەسكەرلىرىگە قىلغان نۇتقىنى مۇنداق نەقىل قىلغان: «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى بىلەن قىسمەت بىزنى يەر يۈزىنىڭ بۇ جايىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بىز بىلەن ئىراقلىقلارنى قارمۇ - قارشى قىلىپ قويدى. بىز ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە رازى» (نەجھۇل بەلاغە شەرھى 11، 397).

قازى ئابدۇلجاببار «تاباقاتۇل مۇتەزىلە» ناملىق ئەسىرىدە ئەمىر مۇئاۋىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «سىلەرگە ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەن. چۈنكى ئاللاھ سىلەرگە ھۆكۈمران بولۇشۇمنى ئىرادە قىلدى».

ئىبن قۇتەيبەنىڭ «ئەل ئىمامە ۋەس سىياسە» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە نەقىل قىلىشىچە، ئەمىر مۇئاۋىيە ئوغلى يەزىد ئۈچۈن بەيئەد ئېلىش ئەسناسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «يەزىدنىڭ سىلەرگە ھۆكۈمران بولۇشى تەقدىر - پىشانىدۇر. بەندىلەرنىڭ بۇ ھەقتە باشقا تاللاش يولى يوق».

مۇئاۋىيەنىڭ بەسىرە ۋالىسى زىياد بىن ئەبىھىنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى تىلغا ئالماستىن سۆز باشلىغانلىقى ئۈچۈن «پەسكەش» (بەترا) ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر خۇتبىسى بار. زىياد ئۇشبۇ خۇتبىسىدە مۇئاۋىيە كۆتۈرۈپ چىققان تەقدىرچىلىك ئىدىيولوگىيىسىگە مۇنداق ھەسسە قوشقان: «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلار سىلەرنىڭ ھامىيلىرىڭلاردۇر. بىز سىلەرنى ئاللاھ بىزلەرگە ئاتا قىلغان ھۆكۈمرانلىق بىلەن باشقۇرىمىز. سىلەرنى ئاللاھ بىزگە ئىھسان قىلغان ئۇلۇش بىلەن قانات ئاستىغا ئالىمىز» (ئىبن ئابدىراببىھ، «ئەل - ئىقدۇل فەرىد»، 4، 173).

دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمەۋى ۋالىسى بولغان ئۇبەيدۇللاھ بىن زىيادمۇ ئەمەۋى تەقدىر چۈشەنچىسىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بىرى بولدى. كەربەلادىن سالامەت چىققان ئەھلى بەيت مەنسۇپلىرى خارلانغان بىر رەۋىشتە قەلئەسىگە ئېلىپ كېلىنگەندە، ئىبن زىياد ھەزرىتى زەينەپتىن «قېرىندىشىڭ ۋە ئەھلى بەيتىڭگە ئاللاھ نىڭ قىلغانلىرى ھەققىدە نېمە ئويلاۋاتىسەن؟» دەپ سورىغان ئىدى.

ئىبن زىيادنىڭچە بولغاندا ھەزرىتى ھۈسەيىننى يەزىد ئەمەس، ئاللاھ ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئىبن زىياد بۇ چۈشەنچىسىنى ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئەلىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىش ئەسناسىدىمۇ نامايەن قىلغان. ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ ئەلى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى كەربالادا شېھىت قىلىندى. يەنە بىر ئوغلى ئېغىر كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى زەينەپ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆلۈمدىن قىل پېيى ساقلاپ قالغانىدى. ئىبن زىياد ئەلىلەرنى پەرق قىلالمىغان بولسا كېرەك، مۇنداق دەپ سورىغان:

- «ئاللاھ ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئەلىنى ئۆلتۈرگەن ئەمەسمىدى؟».

ئەلــى ئەل ئەســغەر ئىــبن زىيادنىـــڭ ئىـــدېئولوگىيلىك (سىياسى غەرەزلىـك) بـۇ سـۆزىنىـڭ تېگىنـى بىلىـپ يەتكەچـكە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

- «مېنىــڭ ئەلــى ئىســىملىك بىــر ئاكــام بــار ئىــدى، ئـۇنى كىشىلەر قىلىچلىرى بىلەن ئۆلتۈردى».

جەفەر ئەس سـادىقنىـڭ تەقـدىر توغرىسـىدىكى كـۆز قارىشـى يـۇقىرىقى ۋەقەنـى كۈچلەندۈرىـدىغان مـاھىيەتتە، ئىمــام جەفەر تەقدىر توغرىسـىدا سوئال سورالغاندا مۇنداق دېگەن: «بەنـدىنىـڭ سـادىر قىلغـانلىقى تۇپەيلى ئەيىـپلەنگەن قىلمىشى بەنـدىنىڭ ئۆز قىلمىشىدۇر. بەندىنى ئەيىپلىگىنـى بولمايدىغان قىلمىش ئاللاھ تەرەپتىـندۇر». (ئىبنۇل مۇرتەزا، « تاباقات»، 34).

ئىبىن ئابدىرەببىھ نەقىـل قىلىـپ مۇنـداق دەيدۇ: «مۇئاۋىيە ئۆلگەنــدە ئۇنــڭ ئـوغلى يەزىــد مۇنــداق دېــدى: "خــالىغىنىنى قىلىـــــدىغان، مۇلـــۈكنى خـالىغـــان بەنـــدىگە بېرىـــــدىغان، خالىغىنىدىن تارتىۋالىدىغان، خالىغىنىنى خار، خـالىغىنىنى ئەزىز قىلىدىغان ئاللاھ قـا ھەمـدۇ - سـانالار بولسـۇن!"» (ئەل - ئىقدۇلفەرىد 4، 153). بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ «پاھ - پاھ! بـۇ نـېمە دېگەن چوڭقـۇر تەسلىمىيەت» دېگۈسى كېلىـدۇ. بىـراق مەسـىلىنىـڭ ئەسلى ماھىيىتىنىــڭ ھەرگىزمـۇ ئۇنــداق ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم.

يەزىــد ئەمەۋى ھــاكىمىيىتىگە قارشــى چىققانلارغــا مۇنــداق دەيتتـــى: «بىھـــۇدە ئـــاۋارە بولمـــاڭلار! ئـــاللاھ بىزنـــىڭ ھۆكــۈمرانلىقىمىزنى ئىــرادە قىلــدى. ئــاللاھ بىـــر نەرســىنى ياقتۇرمىسـا ئـۇنى ئالماشـتۇرىدۇ» (ئۇيۇنـۇل - ئاھبـار، 2، 239). (دۇنيا تارىخى بويىچە بارلىق ياخشـىلارنىڭ ئەقلى بىـر - بىـرىگە ئوخشاش بولغىنىـدەك پۈتكـۈل زالىـملارنىـڭ تەپەككـۇرىمـۇ بىـر - بىــرىگە ئوخشىشــىپ كېتىــدۇ. يەزىـددىن تەخمىـنەن 13 يىـرىم ئەسىر كېيىـن ياشىغان ئامېرىكا پرېزىـدىنتى رىچـارد نىكسـونمۇ (Richard Nixon) دۇنياغــا تەھــدىت قىلىـــپ مۇنــداق دېــگەن

ئىدى: «تەڭرى ئامېرىكا بىلەن بىللە. ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بىر دۇنيانى خالايدۇ». يەنى، ئامېرىكا ئېلىپ بارغان ۋە ئېلىپ بارغۇسى جىنايەتلىرىنى تەقدىر نۇقتىسىدىن يوللۇق كۆرسىتىشكە تىرىشقانىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر پوزىتسىيىنى سەئۇدىدا كۆرمەكتىمىز. 1990 - يىلىدىكى ھەج ئەسناسىدا يۈز بەرگەن «تونېل پاجىئەسى»دە رەسمىي باياناتقا ئاساسلانغاندا 1426 كىشى، مۇستەقىل مەنبەلەرنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا 5 - 6 مىڭ ھاجى مىنا تونىلىنىڭ ئىچىدە دەسسىلىپ ئېچىنىشلىق ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. سەئۇدى ھۆكۈمىتى بۇ پاجىئەنى «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى» دەپ چۈشەنچە بېرىشتىن باشقا بىر ئىزاھات بېرىشنى ئارتۇقچە دەپ قارىدى. كېيىن بۇ پاجىئەنىڭ بىر سەئۇدى شاھزادىسى يولدىن ئۆتىدۇ دەپ تونىلنىڭ چىقىش ئېغىزى توسىۋېتىلگەنلىكى، بۇنىڭدىن بىخەۋەر سەلدەك ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ھاجى نامزاتلىرى ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرىپ كەينىشىپ قالغانلىقتىن، بۇ دەسسىلىش ۋەقەسى كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم بولدى. چۈمۈلىنىمۇ دەسسەپ ئۆلتۈرۈش قەتئىي چەكلەنگەن مەزگىلدە ۋە ماكاندا دەسسىلىپ جان ئۈزگەن ھاجىلارنىڭ قېنىدىن جاۋابكارلىقتا تارتىلىشى كېرەك بولغانلار قوللىرىنى «تەقدىر» سوپۇنى بىلەن يۇيۇپ پاقىرتىۋەتكەن ئىدى).

ئۇمەييە ئوغۇللىرىنىڭ جاھىلىيەت تەقدىر چۈشەنچىسىنى دۆلەتنىڭ رەسمىي ئىدىيولوگىيىسى قىلىپ بېكىتىش تىرىشچانلىقلىرى بەزى ساھابىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇنىڭغا ئېتىراز قىلغانلاردىن بىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن ئىدى. ئىبنى مۇرتەزا ئۇنىڭ شاملىقلارغا يازغان بىر مەكتۇبىنى نەقىل قىلغان. تۆۋەندىكى قۇرلار ئۇ مەكتۇپتىن بىر ئۈزۈندە:

«ئەي بۇ ئالەمگە ۋىدالاشقان مۇناپىقلارنىڭ ئەۋلاتلىرى! ئەي زالىملارنىڭ ياردەمچىلىرى! ئەي پاسىقلار مەسچىتلىرىنىڭ قاراۋۇللىرى! ئىچىڭلاردىن (تەقدىر نامى ئاستىدا) ئاللاھ قا بۆھتان چاپلايدىغان، ئۆزلىرى سادىر قىلغان جىنايەتلەرنى ئاللاھ قا دۆڭگەيدىغان، شۇنداقلا قىلغانلىرىنى ئاللاھ قا ئارتىپ قويىدىغانلاردىن باشقىسى چىقمامدۇ؟» (ئەلمۇنيە ۋەل - ئەمەل 136-137).

ئەمەۋى تەقدىرچىلىكىگە قارشى چىققانلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ زەرنىڭ تالىپى ۋە مەدىنە مەكتىپى يېتىشتۈرۈپ چىققان مۇتتەقى ئالىم مابەد ئەلجۇھەنىمۇ بار ئىدى. مابەدنىڭ تەقدىر چۈشەنچىسىمۇ ھەسەن ئەلبەسرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئەمەۋى ئەمەس بەلكى قۇرئانى ئىدى. ھەتتا ئەل - ماقرىزنىڭ قارىشىچە، مابەد تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىسىنى ئەلبەسرىدىن ئالغان (ھىتات،2،356). مابەد تەقدىر توغرىسىدىكى ئەمەۋى دۆلەت ئىدىئولوگىيىسىگە قارشى چىققانلىقىنىڭ بەدىلىنى جېنى بىلەن تۆلىگەنىدى. مابەد ئابدۇراھمان ىبن ئەشئاس بىلەن قوزغالغان ئۆلىمالار ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. ھەججاج بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق دىئالوگلار بولۇپ ئۆتكەن:

- ئى مابەد! ئاللاھ نىڭ ساڭا بەرگەن بۇ تەقسىماتىغا قانداق قارايسەن؟

- مېنى ئاللاھ نىڭ تەقسىماتى بىلەن يالغۇز قويۇپ قوي! ئەگەر ئۇنىڭ قىسمىتىدىن ماڭا تېگىشلىك بولغان نېسىۋە بۇ بولسا مەن بۇنىڭغا رازى.

- ئۇنداقتا ساڭا بۇ رەۋىشتە كويزا - كىشەن سېلىنىشى ئاللاھ نىڭ تەقدىر - قىسمىتى ئەمەسمۇ؟

- ماڭا سەندىن باشقا بىرىنىڭ كىشەن سالغىنىنى كۆرمىدىم. قېنى، كىشەننى ئېلىۋەت. ئەگەر ئاللاھ نىڭ تەقدىر - قىسمىتى بۇنىڭغا توسالغۇ بولسا مەن ئۇنىڭغىمۇ رازى.

شۇنىڭدىن كېيىن مابەد قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنىپ، ئەڭ ئاخىرى قەتلى قىلىنغان.

ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ يېقىنلىرىدىن غەيلان بىن مۇسلىممۇ ھىجرى 120- يىلى ھىشامنىڭ قولى بىلەن ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان. قازى ئابدۇلجاببار «تەبەقاتۇل مۇتەزىلە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق نەقىل قىلغان: ھىشام بىن ئابدۇلمەلىك بىلەن مۇتتەقى ئالىم غەيلان بىن مۇسلىم ئوتتۇرىسىدا مۇنداق دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەن:

- دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ بىزگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىگە ئىشەنمەيسەن؟ شۇنداقمۇ؟

- ئامانەتنى خائىنلارغا بېرىشىدىن، خىلاپەتنى فاجىر ۋە پاسىقلارغا بېرىۋېتىشىدىن ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىمەن. ئاللاھنىڭ خەلىپىلىرى ئۇنىڭ ئەھكامىنى تەدبىق قىلىدىغان، ئاللاھ تىن قورقىدىغان، دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرىدىغان ۋە شۇنداقلا قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانسىز بولغان زاتنىڭ غەزىۋىدىن تەپتارتىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ فاجىرلارنى گۇناھقا... شاھىتلارنى يالغانچىلىققا مەجبۇرلىمايدۇ. ھاراقنى ھاراقكەشكە تەقدىر - قىسمەت قىلمايدۇ.

ھىجرى بىرىنجى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەدىنىنىڭ ئىمامى دەپ نام ئالغان غەيلان بىن مۇسلىم ھاكىمىيەت ئىدېئولوگىيىسى تەرەپدارى ئەۋزائىغا قارشى ھۆر ئىرادە مەكتىپىنىڭ چۈشەنچىسىنى ياقىلاپ مۇنازىرىلەشكەن. ئەۋزائى بۇ مۇنازىرىدە يېڭەلمىگەن رەقىبى ئىمام غەيلاننى پەقەت پەتىۋا بېرىش ئارقىلىقلا يېڭەلىگەن ۋە بۇ پەتىۋا ئارقىلىق ئۇنى قەتلى قىلدۇرغانىدى. غەيلان ئەۋزائىگە قارشى سۆزنىڭ كۈچىنى ئىشلەتكەن. ئەۋزائى غەيلانغا قارشى ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سالغانىدى. بەزى مەنبەلەر بۇ مۇتتەقى ۋە مۇجاھىد ئالىمدىن مىراس سۈپىتىدە 2000 بەتلىك بىر كۇللىيات قالغانلىقىنى بايان قىلغان. ھاكىمىيەتكە يان باسمىغان

ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتىلغان «تارىختا ئىز قالدۇرماسلىق» ھەرىكىتى مەدىنىنىڭ ئىمامى غەيلان بىن مۇسلىم ئەسەرلىرىگىمۇ قارا قولىنى ئۇزاتقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان كۆللىياتىدىن ھېچبىر نەرسە زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئەمەۋىلەرنىڭ جاھىلىيەت تەقدىر چۈشەنچىسىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ رەسمىي سىياسىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشقا قارشى چىققانلار ئىچىدە ھەسەن ئەلبەسرىمۇ بار ئىدى. ئىبنى قۇتەيبە مۇنۇلارنى نەقىل قىلغان:

ئاتا بىن يەسار ئەلبەسرىگە دەيدۇكى: «شۇ مەلىك (ھۆكۈمران)لار بارغۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈۋاتىدۇ، مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋاتىدۇ. ئاندىن "بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىز ئاللاھ نىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ" دېيىشىدۇ». ھەسەن ئەلبەسرى ئۇنىڭغا مۇنداق تارىخىي جاۋابنى بېرىدۇ: «ئاللاھ نىڭ دۈشمەنلىرى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ» (ئەل مائارىف، 441).

ئوخشاش بىر ۋەقەلىك باشقا بىر مەنبەلەردە ئاتا بىن يەسار ئۈچۈن ئەمەس، مابەد ئەلجۇھەنىگە نىسبەت بېرىلگەن ھالدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش. ئىمام ئەلبەسرى ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشى بىلەن ياقىلانغان تەقدىر چۈشەنچىسىنىڭ مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يوق قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «ئاللاھ قا قارشى دۈشمەنلىك ۋە بۆھتان» دەپ قارىغان ئەمەۋى ھاكىمىيىتىنىڭ تەقدىر (جەبىر) چۈشەنچىسىگە قارشى ھەققانىيەتنى ياقىلاش ئۈچۈن قەلەمگە ئالغان رىسالىسى ۋە ئۇنىڭ شەرھىسىدۇر. ھەسەن ئەلبەسرىگە ئوخشاش مۇتتەقى بىر ئالىمنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارىغاندا، «ئاللاھ نىڭ دۈشمىنى» بولۇپ كۆرۈنگەن ئەمەۋى ھۆكۈمدارى ئۆزىنى

«ئاللاھنىڭ خاس دوستى» دەپ بىلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىدا ئۇنى ئاللاھ تاللىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشى ئاللاھ نىڭ تەقدىر - قىسمىتى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىشى ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق بولاتتى.

ئۇلارنىڭ كەبىنى مەنچاناق بىلەن چېقىپ، ئوت قويۇۋېتىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، ئېپپەت - نۇمۇسىنى ئاياق - ئاستى قىلىشى، ھارىرە ۋەقەسىدىكىگە ئوخشاش مەدىنىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ياۋايى ئەسكەرلەرگە سۇنۇپ بېرىشىمۇ يەنىلا «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى» ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمران بولۇشقا تاللىغان ئىدى؟!

رىسالىدە مەلۇم بولغاندەك ئىمام ئەلبەسرىنىڭ «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى» بىلەن ھېچ ئىلمىي - بېرەلمەي قالغىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ دەردى «بەندىلەرنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتى» ئىدى. رىسالىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغىنى ئىرادىدىن بەكرەك ئەخلاقى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىدى.

بۇ دەرت ئۇممەتنىڭ دەردى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭمۇ دەردىگە ئايلانغانىدى. چۈنكى، ئۇممەتنى جاھىلىيەت تەقدىر چۈشەنچىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ھاكىمىيەت زۇلۇم، قان، زورلۇق -زومبۇلۇق ۋە مۇشتۇمزورلۇق بىلەن باشقۇرماقتا. بارلىق زۇلۇم ۋە مۇشتۇمزورلۇقنى «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى» دەپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئاللاھ قا ۋە ئىنسانغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بۆھتان بولمىسا كېرەك. بولۇپمۇ بۇ خىل تەقدىر چۈشەنچىسى ئەخلاقى مەسئۇلىيەتنى يوق قىلىدىغان بىر يۇقۇملۇق ۋاباغا ئايلانماقتا ئىدى. ئىنسانلار ھەر تۈرلۈك ھارامlarغا پەرۋا قىلماستىن گۇناھ ئۆتكۈزمەكتە ۋە «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى» دەپ جاۋابكارلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرماقتا ئىدى. دەرۋەقە، ھەسەن ئەلبەسرىنى ئۇ نامى چىققان ئېغىر - بېسىقلىقىنى قۇربان

قىلىش بەدىلىگە مۇشۇنداق بىر رىسالىنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەب دەل بۇ ئىدى.

## §3. ئەسەرنىڭ قىممىتى

### بۆلۈشەلمىگەن كۈچ (ئىمام)

ھەر مەزھەپ ۋە مەشرەپ ھەسەن ئەلبەسرىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىشقا تىرىشقان. بىراق، ئۇنى شۇ ياكى بۇ تامغا بىلەن پىچەتلەپ خۇسۇسىيلاشتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ.
ئۇنىڭ قەدەر رىسالىسى ۋەھىيدىن باشقا ھېچبىر تەۋەلىكنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە قۇرئانىيدۇر. ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بولۇپ، جاھىلىيەت تەقدىر سەپسەتىسىنى يېڭىدىن كۆتۈرۈپ چىققان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيەتنىڭ ئۇلىنى قېزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. ئىلاھىي ئەمىر ۋە چەكلىمىلەرنى، مۇكاپات ۋە جازانى، ھەتتا ئاخىرەتنى بىكارغا چىقارغان بىر تەقدىرچىلىكنىڭ قۇرئاننىڭ ئۇممەتكە بېغىشلىغان ئەخلاقىي قىممەت قاراشلىرىنى يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. رىسالە مانا بۇ ئەندىشىنىڭ دەۋرلەر ھالقىغان نىداسىدۇر.
شۇنىسى ئېنىقكى، ھەسەن ئەلبەسرى قەدەر رىسالىسى يېزىلغاندىن كېيىن مەيدانغا چىققان مەزھەپلەرنىڭ ھېچبىرىگە مەنسۇپ ئەمەس. ئۇ قۇرئاننىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدا ماڭغان بىر ئالىمدۇر. ئەڭ بۇرۇن بولغاندا ھىجرى 2 -

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان كالام مەكتەپلىرى رەقىپلىرى بىلەن بولغان ماجىرادا ئۇنىڭ ئىسمىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ مەنپەئەتكە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلغان.

بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قەدەرىييەچى بولغان - بولمىغانلىقى ھەققىدە تالاش- تارتىشلار بولغان. قەدەرىييە چۈشەنچىسىنى ئۆز مەزھىبىنىڭ قارىشىغا زىت دەپ قارىغانلارنىڭ ئالدىدا ئىككى خىل يول بار ئىدى. بىرى، 3 - ئەسىر مۇئەللىپلىرىدىن ئىبنى قۇتەيبە (ۋاپات، 276 / 889)گە ئوخشاش ئەلبەسىرنىڭ ئىسمىنى قەدەرىييەنىڭ قۇرغۇچىلىرى تىزىملىكىگە قوشۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىما قىلىش. ئىككىنجى يول، ئىبنى سائات (ۋاپات 230 / 845) ۋە تابارى (ۋاپات 310) غا ئوخشاش ئەلبەسرىنى قەدەرىييەنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشقا ھەمدە قەدەرىييەنى قامچىلاشقا تىرىشىش ئىدى. بۇ ئىككى خىل پوزىتسىيە توغرا ئەمەس.

ئەمما ئەلبەسىرىنىڭ قەدەرىييەگە مەنسۇپ ياكى ئەمەسلىكىنى تالاش - تارتىش قىلىش بىزنىڭچە بىھۇدە بىر ئىش. سەۋەبلىرىگە كەلسەك:

1. «قەدەرىيە» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى نامەلۇم بولۇپ، بۇ مەيكۇرە، قولىغا چۈشكەن قارشى تەرەپتىكى كىشىگە چاپلايدىغان بىر لاي (بۆھتان)دىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، جەبىرچى (تەقدىرچى)لەرنىڭ ھۆر ئىرادە تەرەپدارلىرىغا كىيگۈزگەن بۇ مەيكۇرە جەبىرچىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن. ئەسلىدە «قەدەر ( تەقدىر)» ئىسمى مەنا نۇقتىسىدىن ھۆر ئىرادىگە قارشى چىقىۋاتقانلارغا بەكرەك يارىشىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتىكى شۈبھىلىك «ھەدىس»نىڭ بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل تېكىستى ئوتتۇرىدا ئايلىنىپ يۈرمەكتە.

2. ئىمام ئەلبەسرى ئۆمرىنى ئەمەۋى تەقدىرچىلىك چۈشەنچىسىگە قارشى كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ۋە تالىپلىرىنىڭ ھاياتى بۇنىڭغا شاھىت. بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك نەقىل قىلىنغان مىساللار بۇ شاھىتلىقنى ئىسپاتلايدۇ.

3. ئۇنىڭدىن زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم ۋە ئىشەنچىلىك ئەسىرى بولغان «قەدەر رىسالىسى» بۇنداق تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ بىمەنە ئىش ئىكەنلىكىگە ئوچۇق پاكىت بولالايدۇ.

بىز بۇ ئەسىرىمىزدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا قېلىپلاشقان قەدەرىييە، جەبرىييە، ئەھلى سۈننەت ۋە مۇتەزىلە... قاتارلىق مەزھەپ ئىسىملىرىنى ئىشلەتمىدۇق. چۈنكى، رىسالە قەلەمگە ئېلىنغان دەۋرلەردە بۇ ئىسىملارنىڭ ھېچبىرى يوق ئىدى.

مەسىلەن، جەبرىييەگە نىسبەت قىلغان جەھم بىن سەفۋاننى مىسالغا ئالساق، قەدەر رىسالىسى تەخمىنەن ھىجرى 75 - 80 - يىللىرى ئارىسىدا قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ۋاقىت دەل ئابدۇلمەلىك ۋاپات بولغان 86 - يىلدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. رىسالە يېزىلغان ۋاقىتتا جەھم بىن سەفۋان تېخى دۇنياغا كەلمىگەنلىك ئېھتىمالى يۇقىرى. نۇرغۇن مۇخالىپ مەزھەپ تەرەپدارلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭدىن رەقىپلىرىنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق خەۋەردار بولدۇق. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا توغرا بولغان ئەخلاقى مۇئامىلە ئۆزىگە قارىتىلغان ئاغزاكى ۋە يازما ھۇجۇملارغا «تەۋاققۇف (سۈكۈت)» قىلىشتۇر. چۈنكى، بىر ئىنساننى رەقىپلىرىنىڭ ئاغزىدىن تونۇش ئۇنى تونۇمىغانلىقتۇر.

ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، جەبرىييە مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن جەھم بىن سەفۋان (ۋاپات 128 / 745) جەبىر چۈشەنچىسىنى قەتلى قىلىنىشىدىن 80 يىل بۇرۇن دۆلەتنىڭ رەسمىي ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلاندۇرغان ئەمەۋىلەر تەرىپىدىن قەتلى

قىلىنغان. جەھمىنىڭ «ئىنسان شامالنىڭ ئالدىدىكى يوپۇرماققا ئوخشاشتۇر» دېگەندەك دەرىجىدە جەبىرچى (تەقدىرچى) ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئەمما، جەھمىنىڭ جەبىرچىلىكى ھېچكىم ئۈچۈن زۇلۇمغا ئايلانمىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلغان.

جەھم ياقىلىغان «جەبىر» چۈشەنچىسى ئېھتىمال ئەمەۋىلەرنىڭ «جەبرى» بىلەن ئوخشاش بولمىسا كېرەك. بۇ خۇددى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (ئىمام ئەزەم) ئەرەب بولمىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئەرەبچىلىكنى رەسمىي دۆلەت سىياسىتى قىلىۋالغان بىر ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن «ئىرجا» پىكرىنى قوللىغانلىقتىن ۋە بۇ سەۋەبتىن «مۇرجىئە» قالپىقى كىيدۈرۈلگەندەك جەھممۇ بۇ ۋەجىدىن جەبىر پىكرىنى قوللىغان ۋە كېيىن ئۇنىڭغا «جەبرىيە» قالپىقى كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ قارشىچە ئەمەۋى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جىزىيە كىرىمى ئازىيىپ كەتمىسۇن دەپ ئىمانلىرىنى ياراتماي مۇسۇلمان ھېسابلىمىغان ۋە جىزىيە بېرىشكە مەجبۇرلانغان غەيرى ئەرەب مۇسۇلمانلار جەبىر (مەجبۇرىيەت) ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇلار بۇ مەجبۇرىيەتتىن خالىي قىلىنىشى كېرەك ئىدى. جەھم «ئاللاھ گۆش ۋە قاندۇر» دېگەن ئازغۇن تەشبىھ (مىسال، سېلىشتۇرۇش) ئەھلىگە قارشى «تەنزىھ (پاك دەپ بىلىش)» نى ياقىلاش بىلەن داڭقى چىققان كىشى ئىدى.

قەدەرىيىيە ئىسمى ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۆرنەكلەر مۇتەزىلە ئىسمى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش مىسال بولالايدۇ. مۇتەزىلە ئىسمى بۇ مەكتەپكە رەقىپلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مەزھەبنىڭ مەنسۇبلىرى ئۆزىنى «ئادالەت ۋە تەۋھىد ئەھلى (ئەھلىل ئادل ۋەت تەۋھىد)» دەپ ئاتىغان. بىرسىنى رەقىبى

قويغان ئىسمىم بىلەن ئاتاشنىڭ ئادىل بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بۇنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرساق، ئوتتۇرىدا جاۋاب بېرىلىشى كېرەك بولغان بىر قانچە سوئال بار. ھەقىقەتەن «مۇتەزىلە» ئىسمى تارىختا كىمگە ۋە ياكى كىملەرگە بېرىلگەن؟

بۇ سوئالنىڭ يەتتە جاۋابى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. نەۋباھتىغا ئاساسلانغاندا، ھەزرىتى ئەلىدىن ئايرىلغان سەئىد بىن مالىك، سەئىد بىن ئەبى ۋاققاس، ئىبن ئۆمەر، مۇھەممەد بىن مەسلەمە ۋە ئۇسامە بىن زەيد قاتارلىقلار مۇتەزىلە دەپ ئاتالغان بىرىنچى تۈركۈم كىشىلەر ئىدى. بۇلار ئۆز رازىلىقى بىلەن بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، بەيئەتلىرىنى بۇزۇپ ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن «مۇتەزىلەر (ئايرىلغانلار)» دەپ ئاتالغان. ئۇلار «ئەلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئەلىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش جائىز ئەمەس» دەپ قارايتتى.

2. ئەبۇلفىدانىڭ «ۋاقىئەتۇ سىففىن» ناملىق ئەسىرىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئورتاق يەكۈنگە ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى مۇتەزىلە ھەزرىتى ئوسمان شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى قەتلى قىلغان مىسىرلىقلاردىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتقان قەيس بىن سەئىد ۋە تەرەپتارلىرى ئىدى. ئۇلار «مىسىر مۇتەزىلەسى» دەپ ئاتالغان.

3. مىلەل - نىهەل ئەدەبىياتىنىڭ تۈنجى ئەسەرلىرىدىن بىرىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان «ئەتتەنبىه ۋەر رەت» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ھەمشەھرىمىز ئەبۇل ھۈسەيىن ئەل مالاتى (ۋاپات: 377)نىڭ قارىشىچە ئەڭ باشتا مۇتەزىلە دەپ ئاتالغانلار ھەزرىتى ھەسەن ئەمىر مۇئاۋىيەگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن (ھىجرى 41 - يىلى رەببۇلئاخىر) ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ئەھلى بەيت مەنسۇپلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆيلىرىگە بەنت قىلىپ، «بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىمىزنى ئىلىم ۋە ئىبادەتكە ۋەخفە قىلىمىز» دېگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇتەزىلە

دەپ ئاتالغانىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر ئوغلى مۇھەممەد (بىن ھەنەفىييە) ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بار ئىدى.

4. تۈنجى تىلشۇناسلاردىن ئىبن دۇرەيدنىڭ «ئەل - ئىشتىقاق» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، تۇنجى بولۇپ مۇتەزىلە دەپ ئاتالغان كىشى ئەلبەسرى داۋاملىق دەرسلىرىگە قاتناشقان ئۇستازى ئەبۇ مۇسا ئەل - ئەشئەرى (ۋاپاتى، 44)نىڭ دەرس ھالقىسىدىن ئايرىلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن «ئامر بىن ئابدىقەيس» ئىدى. بۇ كىشى ھەسەن ئەلبەسرى ئەڭ كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

5. ئىبن قۇتەيبەنىڭ «ئەلمائارىپ» ناملىق ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇنجى بولۇپ مۇتەزىلە دەپ ئاتالغان كىشى ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ دەرس ھالقىسىدىن ئايرىلغان «ئامر بىن ئۇبەيد» ئىدى. بۇ، كېيىنكى مەزگىللەردىكى مىلەل- نىھەل كىتابلىرىدا ئېتىبارغا سازاۋەر دەپ قارالغان ئىككى قاراشنىڭ بىرسى.

6. «مۇرۇجۇز زەھەب» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مەسئۇدىنىڭ قارىشىچە، مۇتەزىلەنىڭ قۇرغۇچىسى ۋاسىل بىن ئاتا ئىدى. «ماقالەتۇل ئىسلامىييىن»نىڭ ئاپتورى ئەبۇ قاسىم ئەلبەلھى - ئەلقابىنىڭ قارىشىچە (ۋاپاتى، 319) ۋاسىل بىن ئاتا ۋە ئامر بىن ئۇبەيدلەر بىلەن بىرلىكتە يولداش بولغان مۇتەزىلەلەر خارىجىلەرنىڭ تەكفىرچى چۈشەنچىسى بىلەن مۇرجىئەنىڭ تەئمىن چۈشەنچىسىدىن «ئايرىلىپ» ئوتتۇرا يولنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن مۇتەزىلە دەپ ئاتالغان.

7. «تاباقاتۇل مۇتەزىلە» نىڭ ئاپتورى قازى ئابدۇلجاببار ھەزرىتى ئەلىنى مۇتەزىلەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىسى دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق تۆت ئىسىمنى تىلغا ئالغان: ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئىبن مەسئۇد، ھەزرىتى ئىبن ئابباس. ئابدۇلجاببارنىڭ قارىشىچە يۇقىرىدا

ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر مۇتەزىلەنىڭ تۈنجى تۈركۈمىنى تەشكىل قىلغۇچىلار ئىدى. ئابدۇلجاببار «مەزھەپنىڭ ئۇلى دەلىل - پاكىتلارغا ئېتىبار بېرىش، تەۋھىد ۋە ئادالەت پرىنسىپىغا مەھكەم ئېسىلىشتۇر» دەيدۇ. يەنە شۇ مەنبەدە كۆرسىتىلىشىچە، ھەسەن ئەلبەسرى 3 - تۈركۈمدىكى مۇتەزىلە ئىماملىرىدىن بىرى ئىدى.

ئەمدى بىز شۇنى سوراپ باقايلى: كىمنىڭ سۆزىنى ئاساس قىلىپ، كىمنى مۇتەزىلە دەيمىز؟ كىمنىڭ مەيدانىنى ئاساس قىلساق، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ نەزەر تاشلىغان بولىمىز؟ كىمنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن نەزەر تاشلىساق ئۇنىڭ ئاجىزلىقى بىزنىڭمۇ ئاجىزلىقىمىز بولىدۇ؟ كىمنىڭ سىپىدىن ئورۇن ئالساق ئۇنىڭ مۇخالىپلىرىگە قارشى چىققان بولىمىز؟ بۇ ئىنساپ، ۋىجدان ۋە مۆتىدىللىككە توغرا كېلەمدۇ؟

يۇقىرىدىكى تەپسىلاتنى نەقىل قىلىشىمدىكى مەقسەت، ئەسلىدە تارىختا بەزىلەر بەزىلەرنى قارىلىغان، قالپاق كىيگۈزگەن ۋە ئۇنى مەھكۇم قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆتمۈشنىڭ خۇسۇمىتىنى كەلگۈسى نەسىللەرگە مىراس قالدۇرۇشنى خالىمىساق، رەقىپلەرنىڭ بىر - بىرىگە قارشى يازغانلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەندە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھەر قانداق مەزھەپ ۋە مەشرەپنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن خالىي ھالدا تۇرۇپ نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ھەسەن ئەلبەسرى ئىسلام تەپەككۇرىنى بەرپا قىلغۇچىلاردىن بىرسى بولۇپ، سەرخىل ساھابىلەرنىڭ ئەخلاق ۋە ئەقلىگە مۇكەممەل رەۋىشتە ۋەكىللىك قىلغان بىر ئۆرنەك. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر بىلەن كېيىنكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچلىك بىر كۆۋرۈك بولغانىدى. قۇرئان بىلەن بەرپا قىلىنغان ئەقىلنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنىڭ بىر جانلىق مىسالى بولغان. ئۆز دەۋرىدىكى جەبەرۇت (زالىم) ھاكىمىيەتكە قارشى قەلەمگە

ئالغان «قەدەر رىسالىسى»دە ئەخلاقى مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن ھۆر ئىرادىنى كۆكرەك كېرىپ تۇرۇپ ھىمايە قىلغان ئىدى. ئۇ كۇرىشىنى ئېلىپ بارغاندا مۇراجەت قىلىدىغان يەككە ئۆلچىمى بار ئىدى. يەنى، ئۇ ۋەھيىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغانىدى.

ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھ نىڭ سۆزى قاراڭغۇلۇققا نىسبەتەن يورۇقلۇققا، ئۆلۈمگە نىسبەتەن ھاياتقا ئوخشايدۇ!».

## ئەخلاقى ۋە ئېرپانى نوپۇز

ھەسەن ئەلبەسرىنى ھايات ۋاقتىدىلا «مۇتتەقىلەر پېشۋاسى» دېگەن نامغا ئىگە قىلغان ئامىل ئۇنىڭ ئەخلاقى بولۇپ، بۇ ئارتۇقچىلىقى ھەر خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئۇنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىپ كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولغانىدى. ئۇ پەقەت ئەخلاقلىق بولۇپلا قالماي، ئەخلاقى پرىنسىپنى جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمىغا كېڭەيتىشكە تىرىشقانىدى. قەدەر رىسالىسى ماھىيەتتە بۇ كۇرەشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر زامانىسىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىدىيىۋى بۇرمىلىنىشنى يۇقىرىدا قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بۇ بۇزۇلۇشنىڭ سەلبىي تەسىرى پەقەتلا سىياسىي ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ئەخلاقى ساھەگىمۇ سىڭىپ كىردى. ئۇمەييە ئوغۇللىرىنىڭ قوللىشى بىلەن باش كۆتۈرگەن جاھىلىيەت تەقدىر چۈشەنچىسى ئەخلاقى زېھنىيەتنىمۇ غىدىقلاشقا باشلىغانىدى. نەتىجىدە جاھىلىيەت ئەخلاقى ساھەدە قامالغان كامادىن قايتىپ چىقتى.

رەسۇلۇللاھ، راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر زامانىسىدا «فەتىھ» دېگەندە بۇ كەلىمە «يۈرەك فەتھى»نى بىلدۈرەتتى. كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە «فەتىھ» دېيىلگەندە، زېمىننى ئىشغال قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

زېمىن كېڭەيگەنسىرى كىرىممۇ ئاشتى. ئەمدى دۆچ كەلگەن مەسىلە قولىدا بار (مال دۇنيا)غا سەبىر قىلىش مەسىلىسى ئىدى. كىرىم ئاشقانسىرى ئاخىرەتلىك ھالاۋەتنىڭ ئورنىنى دۇنيالىق پاراغەتتە بەسلىشىش ئىگەللىدى. سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەكراتتىكى ۋاقتىدىمۇ قولىدا قالغان ئالتە - يەتتە دانە تىللا ياكى يامبۇنىڭ ئىنفاق مەسىلىسى ئۈنى ئەسىر ئالغانىدى. ئۇنىڭ مال - دۇنياغا قارىتا تۇتقان بۇ مۇئامىلىسىنى ئۆزگە ئۆرنەك قىلمىغان كىشىلەر بۇ ئۆرنەكنىڭ دەل ئەكسىچە ئۆرنەكلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

قۇرئان قەبىلە ۋە غەنىيمەتنىڭ ئالدىغا ئەقىدىنى قويغان ئىدى. لېكىن قۇرئان يېتەكلىگەن بۇ كېمە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەتۈر يۆنىلىشكە يۈزلىنىپ، قەبىلە ۋە غەنىيمەت ئەقىيدىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلدى. يەزىد قەبىلىگە، ھۆسەيىننىڭ كاللىسىنى ئالغان ئۆمەر بىن ساد غەنىمەتكە، ھۆسەيىن ئەقىدىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. قەبىلە ۋە غەنىيمەت ئەقىدىگە قارشى ھەمكارلىق ئورناتتى. نەتىجىدە ئەقىدە كۈچسىز، كۈچ ئەقىدىسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى ۋە ئەخلاق كۈچتىن، كۈچ ئەخلاقتىن ئايرىلىپ قالدى.

ئىمام ئەلبەسىرى دەل مۇشۇنداق بىر تارىخى دەۋردە بىر ئەخلاق جەڭچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى ۋە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشكە قارشى كۈرەش قىلدى. بىر قۇرئان تالىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆزنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ساماغا قاراپ شۇنداق بىر خىتاپ قىلدىكى:

«ئى ئادەم باللىرى! ئاخىرەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇنيانى بەرسەڭلار ھەر ئىككىسىنى قولغا كەلتۈرسىلەر. بىراق، دۇنيا (مال - مۈلۈك)غا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاخىرەتنى بېدا قىلساڭلار ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قالىسىلەر». يەنە بىر قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئاخىرەت ئۈچۈن تەر تۆكۈپ دۇنيالىقلارغا ئىگە بولغانلارنى كۆردۇق. ئەمما، دۇنيالىق ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئاخىرەتنى قولغا كەلتۈرگەنلەرنى ئۇچراتمىدۇق».

«جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى نېمە؟» دەپ سورىغان كىشىگە «سېنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسىڭگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىڭدۇر» دېگەن ئىدى.

ئىمام ئەلبەسرى ئىسلامنى بىر ئىبادەت دىنى سۈپىتىدە ئەمەس، ئۇبۇدىيەت (ئاللاھقا بەندە بولۇش) دىنى دەپ چۈشەنگەن. ئىبنۇل جەۋزى ئەلبەسرى توغرىسىدىكى ئەسىرىدە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «دىنىي قېرىندىشىمنىڭ بىر ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش مەن ئۈچۈن بىر ئاي ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتىنمۇ ئەۋزەل». بۇ تەقۋا ئەھلىنى روھبانىلاردىن، تەقۋانى روھبانلىقتىن ئايرىيدىغان ئىنچىكە سىزىق ئىدى.

ئۇ تەقۋانىڭ ئورنىنى ئاستا - ئاستا تەركىدۇنيالىق ئىگەللىگەن بىر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشىدى. ئىمام روھبانلىقنى ئەسلىتىدىغان «رىياكار دىندارلىق»قا قارشى باشتىن -ئاخىرىغىچە ھەقىقىي دىندارلىق سېپىدە ئورۇن ئالدى. بۇ ۋەجىدىن ئۇ سۇف(يۇڭ) جەندە كىيىپ «كۆرۈنۈش»نى «دىنىي ھەقىقىي تۇردە ھاياتىغا تەدبىقلاش»نىڭ ئالدىغا قويىدىغان بىر سوپى ئەمەس بەلكى بۇنداقلارنى قامچىلىغان بىر «ئارىف (پاراسەتلىك كىشى)» بولغان ئىدى. «قۇرئان ئەقىلدۇر، ئەقىل بولسا قۇرئاندۇر» دېگەن بۇ ئېسىل سۆزنىڭ ئىگىسى ۋە شۇنداقلا ھەسەن ئەلبەسرى قۇرئانى ئىرفان مەكتىپىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ۋەكىلى ھېسابلانغان ھارىس ئەل - مۇھاسىبى ئۆزىنىڭ «ئەررىئايە» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭدىن مۇنداق سۆزلەرنى نەقىل قىلغان:

«جەندە (يۇڭ كىيىم) كىيگەن كىشىنىڭ كىبىرى يىپەك كىيىم كىيگەن كىشىنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر».

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ تەركىدۇنيالىق ئالامىتى بولغان جەندە كىيىۋالغان فەرقاد ئەسسۇبھى ئىسىملىك زاھىدقا قارىتا ئېيتقان شۇ سۆزىنى ئەبۇ نۇئەيىم «ھىلىيە» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە نەقىل قىلغان:

«ئېرىشىشكە تېگىشلىك مەرتىۋىگە ھەقىقەتەن ئېرىشكەن بولساڭ ئۇچاڭغا كىيىۋالغان شۇ يۇڭ (جەندىنى) كىيىمىڭنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلىۋېتەتتىڭ».

ئۇنىڭ تەقۋا ئۇقۇمى ھەققىدىكى ئىزاھاتىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە تەقۋانىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بار.

1. ئاچچىقلانغان چاغدىمۇ ھەقنى سۆزلەش.

2. ۋۇجۇد ئەزالىرىنى تىزگىنلەپ، ھارامدىن ساقلاش.

3. قىلغان ھەر ئىشتا ئاللاھ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش.

ئەخلاقىي خىسلەتلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل رامكىسىنى ھەسەن ئەلبەسرى ئىزاھلاپ بەرگەن دېسەك ئارتۇق بولۇپ كەتمەيدۇ:

«ئۇنىڭچە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بىر مۆئمىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىندۇر: دىندا ساداقەت، ئېغىر بېسىق بولۇش، ئىماندا جەزملىك بولۇش، ئىلىمدە كەمتەر بولۇش ۋە كەمتەرلىكنىڭ ئۇلىدا ئىلىم بولۇش، دوستلۇقتا سىلىق - سىپايىلىق، يوقلۇقتا رازىمەنلىك، باياشاتچىلىقتا ئىقتىساتچانلىق، ئۆي ئەھلىگە كۆيۈمچانلىق، ئاجىزغا مەرھەمەت قىلىش، ھەق ئىگىسىگە رىئايە قىلىش، ئۆزىدە توغرىلىق ۋە ھەممىگە قارشى ئادالەت ۋە ئىنساپلىق بولۇش».

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئىخلاس ۋە تەقۋاسىنىڭ ئىپادىسى بولغان تۆۋەندىكى مىسال ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

بىر كۈنى ئولتۇرغان مەجلىستە بىرەيلەن ھاياجانلىنىپ «ئاللاھ!» دەپ ۋاقىرايدۇ. ھەسەن ئەلبەسرى ئۇ كىشىگە بۇرۇلۇپ: «ئى قېرىندىشىم! بۇ نېمە قىلىق؟ بۇ قىلىقىڭدا سەمىمىي بولساڭ بىلگىنكى ئۆزەڭنى كۆرسىتىپ چاندۇرۇپ

قويدۇڭ. ياق، ئەگەر سەممىي بولماي ياساللىق قىلغان بولساڭ ئۆزەڭنى ھالاك قىلدىڭ» دېگەن ئىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ «قۇرئانى ئىرپان»، مۇتەسەۋۋۇپنىڭ بولسا «رەببانى ئارىف» بولغان ۋە ئەقىل دەپسەندە قىلىنماستىن باش تاجى قىلىنغان ئۇ دەۋر بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ «تەفاخۇر»غا ئايلانغان ۋە ئەقىلنىڭ ئورنىنىڭ ئاياغنىڭ ئاستىدا ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن كېيىنكى مەزگىللەردىكى پەرقىنى تۆۋەندىكى بېيىت ئەڭ يارقىن شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرمەكتە:

ھۇما ئۇچتى ئۇۋىسىدىن، ئورنىغا قويدىلار ھۇمنى،

كۆرگەنلەر دېدىلەركى توۋا، ھۇما دېگىنى بۇمۇ؟

(ھۇما - رىۋايەتلەردىكى بىر قۇش، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس)

ھەقىقەتەن ئۇ ھېچقانداق بىر تەرىقەتمۇ قۇرمىغان. قۇرۇش ئۇچۇن ئۇلمۇ سالمىغان. ئۇ تەربىيلىنىش، چۈشەنچە ۋە ياشاش ئىستىلى نۇقتىسىدىن بىر «زاھىد شەيخ» بولماستىن، بىر «مۇتتەقى ئالىم» ئوبرازىنىڭ تىپىك ئۆرنىكى بولغانىدى. ئۇ تەركىدۇنيالىقنى ئەمەس تەقۋانى؛ «بىر دوست بىر خانىقا» چۈشەنچىسىنى ئەمەس، «ئەمىرىبىلمەرۇف نەھى ئەنىلمۇنكەر (ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن يېنىشقا نەسىھەت قىلىش) مەسئۇلىيىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان» ئىدى. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا كەشىپ (بايقاش)نى ئەمەس، ئەقلىنى قۇرئان بىلەن بەرپا قىلىشنى ئالدىنقى قاتارغا قويغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ يېنىدا «پالانى كىشى ئاجايىپ سالىھ كىشى ئىكەن» دېيىلگەندە، ھەر زامان سورايدىغان سوئالى: «ئەقلى ئىقتىدارى قانداغراق ئىكەن؟» بولغانىدى. ئۇ خىيالنى ھەقىقەتنىڭ، چۈشىنى كۆز بىلەن كۆرگەننىڭ، ئىلگىرى كۆرۈلمىگەننى مۆجىزىنىڭ، مۆجىزىنى ئىستىقامەت (توغرا يول)نىڭ، خىلۋەتنى جامائەتنىڭ، كەمبەغەللىكنى تىرىشچانلىقنىڭ، چۈشەنچىنى ھېكمەتنىڭ ئورنىغا قويۇۋالمىغان ئىدى.

ئۇنى ئوبدان تونۇيدىغان يۇنۇس بىننى ئۇبەيدىنىڭ شۇ گۇۋاھلىقى ئىشىنىمەنكى چوقۇم سىزنىمۇ تەسىرلەندۈرمەي قالمىسا كېرەك: «ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ ناماز ئوقۇغاندا سەجدىگە بارغان ھالىتى ئارقىسىدىن قارىغان ئادەمگە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشىنىڭ جاللاتنىڭ قىلىچىغا بېشىنى تۇتۇپ بېرىۋاتقان مەنزىرىسىنى ئەسلىتەتتى. جەھەننەم خۇددى پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى» (ئەل - مائارىف).

ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە چوڭ ھەجىملىك بىر كىتاب يازغان ئىبنۇل جەۋزىنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئۇنى كۆرگەنلەر پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ غەم - قايغۇسى، جاپا -مۇشەققەتلىرى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئارتىلغاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. ئۇ نامازدىكى «خۇشۇئ»نى «قەلب ئۈچۈن ھەمىشە زۆرۈر بولغان بىر قورقۇنچ» دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. ئۆلۈمدىن قورققان بىر كىشىگە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان:

«بايلىقىڭنى ئارقاڭدا تاشلاپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقىۋاتىسەن. بايلىقىڭنى ئالدىڭئالا ئەۋەتكەن بولساڭ ئۆلۈمدىن ئەنسىرىمىگەن بولاتتىڭ».

جابىر بىننى زەيد بەسىرە نىڭ ئالىمى بولۇپ، بىر كۈنى ھەسەن ئەلبەسرى كېلىۋاتقاندا: «شۇ كېلىۋاتقان ئادەم شۇنداق بىر كىشىكى، ئاخىرەتتىن ھازىرلا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئاخىرەتكە بولغان مۇستەھكەم ئىمانى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن قىزغىنىدىغان ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەرگە قارىتا مۇنداق دەيتتى: «سىلەرنىڭ دىنىڭلار تىلىڭلارنىڭ ئۇچىدا، ئىچىڭلاردىن بىرسىگە "ھېساب كۈنىگە ئىشىنەمسەن؟" دەپ سورالسا، "ئەلۋەتتە" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھېساب كۈنىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ».

ئۇ ئەخلاق بىلەن بىلىمنى، ئىلىم بىلەن ئېرپاننى، ھايات بىلەن ئىماننى، سۆز بىلەن ئەمەلىيەتنى، جاسارەت بىلەن تەمكىنلىكنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن. ئىلىمنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان، ئېرپاننى كامالەتكە يەتكۈزگەن، ئەقلى شامىل (كەڭ دائىرىلىك مۇلاھىزە قىلالايدىغان)، قۇرئانى ھامىل (قۇرئاننىڭ خىزمەتكارى) بولغان كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىغان كىشى ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىماي تۇرالمايتتى. ئۇنى يېقىندىن تونۇيدىغانلاردىن بىرى بولغان قەتادە ئۆز دەۋرىنىڭ مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ھەسەن ئەلبەسرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ھەسەن بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىرىنى پەقەت ئۇچرىتىپ باقمىدىم». بۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنى ئابدۇلمەلىك قەتلى قىلدۇرغان ھۆر ئىرادە مەكتىپىنىڭ تۇنجى ۋەكىللىرىدىن بىرى ۋە ئەبۇ زەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى مابەد ئەل جۇھەنىمۇ تىلغا ئېلىپ: «مەن ئايلانغان دىيارلاردا نۇرغۇن ئالىملار بىلەن ئۇچراشتىم، بىراق ھەسەنگە ئوخشايدىغان بىرسىنى كۆرمىدىم» دېگەن ئىدى. مۇجاھىت، ئاتا ۋە تاۋۇسمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گۇۋاھلىقلارنى بەرگەن.

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ بىر ۋەزىنى ئاڭلىغان «ئىلىمنىڭ ئانىسى» ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن ۋەز قىلىۋاتقانلىقىنى» ئېيتقان. ئەگەر رىۋايەت سەھىھ بولسا بۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىلىمىزكى، سۆز جەسەت بولۇپ، ئۇنىڭ روھى سەممىيەتتۇر. ئاللاھ ئەمەلىيىتى بىلەن بىردەك بولغان سۆزگە تەسىر كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سوئاللىرىغا بىر «رىسالە» ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن بەسىرەلىك ئالىم ئوسمان ئەل - بەتتى: «ھەسەن بەسرىدىن باشقا سۆزى پەيغەمبەرنىڭ

سۆزىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرسىنى كۆرمىدىم» دېگەن ئىدى.

ئۇنىڭ تەقۋا ئاساسىدىكى دىندارلىقى ئۇنىڭ تالىپلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ۋاسىل بىننى ئاتا ۋە ئامىر بىننى ئۇبەيد. بۇ ئىككەيلەننى يېقىنىدىن تونۇيدىغانلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا قارىغاندا، ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ ئەينەن تالىپلىرىغىمۇ يۇققانلىقى مەلۇم بولماقتا.

ئىمام ئەلبەسرى «ئادىمىيلىكى بولمىغان كىشىنىڭ دىنىمۇ بولمايدۇ» جۈملىسىنى قۇرالىغۇدەك ئالىم كىشى ئىدى. بۇ سۆز ئۇنىڭ ئىنسان بولۇشنى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئۇلى دەپ قارىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئۆگىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئايال بىلەن ھەرگىز يالغۇز قالماڭلار». بۇ ئۇنىڭ شەرئى ئۆلچەمگە قارىتا قانچىلىك رىئايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## ئىلمى نوپۇز

«ئەگەر ئىلىم بولمىغان بولسا ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ھېچ پەرقى بولمايتتى» دەپ ئېيتقان قەدەر رىسالىسىنىڭ ئاپتورى ھەسەن ئەلبەسرى ئۆزى ياشىغان دەۋردە ئەخلاقى بىلەنلا ئەمەس، ئىلمى بىلەنمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدى. ئۇنى زاماندىش ئالىملاردىن پەرقلىق قىلغان نۇقتا ئۇنىڭ ھەر قايسى ئېقىملاردىن ئىلىم ئالغانلىقى ئىدى. ھەسەن ئەلبەسرى 15 يېشىغىچە ساھابە ئىچىدىكى ھەممە ئېقىملارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدىنىدە ياشىغاچقا، ھەممىسىنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە ئۇلگە قىلغان ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇ ئىسلام ئىلمى تارىخىدا ئىككى ئانا ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلغان ھىجاز ۋە ئىراق ئېقىملىرىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ھىجازنىڭ رىۋايەتنى ئاساس قىلغان دىرايىتى (سەۋەبى ئۇستىدە

ئىزدىنىش) بىلەن ئىراقنىڭ ئەقىلنى ئاساس قىلغان دىرايىتى ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەشكەن.

ئۇنىڭ ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئىلىمنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا تۇنجى بولۇپ ھەزرىتى ئۆمەرنى كۆرىمىز. ھەسەن ئەلبەسرى سۆھبەتلىرىدە ساھابىلەر ئىچىدىن سۆزىنى ئەڭ كۆپ نەقىل قىلىدىغان كىشى ھەزرىتى ئۆمەر ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر فىقھى ئۇنىڭغا بىۋاستە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ فىقھىنى بىر ۋاستە ئارقىلىق ئالغان بولسا كېرەك. بۇ ۋاستە دادىسى ھەزرىتى ئۆمەردەك دىرايەتچى بولمىغان ئابدۇللاھ بىننى ئۆمەر بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. ھەسەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ فىقھىنى ئۇ فىقھىنىڭ يەتكۈزگۈچىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق ئالىملار بىردەك قاراشتا بولغان، «دىرايەت» ۋە «رەيئى»گە بولغان جاسارىتىدىن «جەسۇر» دەپ نام ئالغان سەئىد بىننى مۇسەييەبتىن (637 - 715 )دىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ ئىككىنجى مەنبەسى ھەزرىتى ئەلى ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىلمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدىنە مەكتىپىنىڭ ۋاستىلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئىبنى ئابباس بەسرەگە ۋالى بولغان يىللىرىدا، تۆت - بەش يىل ئۇنىڭ قۇرئان ھالقىلىرىغا قاتناشقان ئىدى. ھەسەن ئەلبەسرى ئىلمىنىڭ بۇ ئىككى مەنبەسى رەسۇلۇللاھتا بىرلىشەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلمىنىڭ مەنبەسى قۇرئان ئىدى.

قۇرئان ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ ئانا مەنبەسىدۇر. ناس (ئوچۇق تېكىست - قۇرئان)نى ئوقۇشتىن كېيىن، نۆۋەت ئۇنى تەپەككۇر قىلىش باسقۇچىغا كېلەتتى. ناس ئۈستىدە تەدەببۇر (چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش) قىلىش، بولسا ناسنىڭ ئەمرى ئىدى. بۇنى تۇنجى بولۇپ ئەمەلىلەشتۈرگەن كىشى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ بەيان (بايان قىلىش) ھوقۇقىنى ئىشلەتكەندە، ناسىنىڭ تەدەببۇرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرنەكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. سۈرە تەۋبەنىڭ 108 - ئايىتى نازىل بولغان ۋاقىتتا، قۇبالىقلاردىن «سىلەر قانداق پاكلىنىسىلەر؟» دەپ سورىشى بۇ سەۋەبتىن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەدى بىنىنى ھاتەمنى مەجاز بىلەن ھەقىقەتنى ئايرىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ تەھقىق (ئىزدىنىش) سۈننىتىنى بۇ ئىقىمغا ۋەكىللىك قىلغان ساھابىلار داۋاملاشتۇردى. ھەسەن ئەلبەسرى بۇ ئىقىمنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر ۋەكىل بولماستىن، قۇرئاننى ئاساس قىلغان ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسچىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئۇ تابىئىنلار ئىچىدە تەپەككۇر ساھەسىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك كىشى. رەي بىلەن تەفسىرنى ئۇ باشلىمىغان، ئەمما بۇ ئىقىم ئۈچۈن چىغىر يول ئاچقان.

رىسالىدە ئىيتىدۇكى: «ئاللاھ نىڭ كىتابىغا ئاساسلانمىغان ھەر قانداق بىر كۆز قاراش ئازغۇنلۇقتۇر». ئۇ ئىتىقادى ئاساس ۋە پرىنسىپلارنى گۇمانى بايانغا تايانغان «ئاھاد» سۆزلەر ئۈستىگە بەرپا قىلمىغان. قەدەر رىسالىسى دەل بۇ سەۋەبتىن پرىنسىپ بەلگىلەيدىغان بىر ھۆججەتتۇر. ئۇ بەرپا قىلغان پرىنسىپلار كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆتكەن كالامچىلار تەرىپىدىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا ئىدى، «ئاقائىدتا مەزھىبىڭ نىمە؟» دېگەندەك بىھۇدە سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى. بۇ سوئالنى ئاڭلىغاندا چېھرى ئۆزگۈرۈپ كەتكەن قۇرئان : «بىز بۇ يەردە، سىلەرگە نىمە بولاۋاتىدۇ؟» دەپ ھېساب سورىسا ھەقلىق ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ئۇ ئېقىم كۈچلۈك شەكىلدە كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈلگەن بولسا ئىدى، ئاللاھى، كىتابى ۋە پەيغەمبىرى بىر بولغان ئۈممەتنىڭ ئەقىدىسىمۇ پىرقە - پىرقە، گۇرۇپ - گۇرۇپ، مەزھەپ - مەزھەپلەرگە بۆلۈنمىگەن بولاتتى. ئەگەر «ئىمان ئاساسلىرىنى بەندە ئەمەس، ئاللاھ بەلگىلەيدۇ» دېگەن پرىنسىپىغا خۇددى ھەسەن ئەلبەسرىگە ئوخشاش كېيىنكى ئالىملارمۇ رىئايە قىلغان بولسا ئىدى، ئىمان ئاساسلىرىدا رىۋايەت كۆلتۈرىنى ئىشقا سېلىپ، قۇرئان بەلگىلىمىگەن ئاساسلارنى كېيىنكىلەر بەلگىلەشكە ۋە ئاللاھ بېكىتمىگەن يېڭى شەرتلەرنى قوشۇپ قويۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى.

ئىمام ئەلبەسرىنىڭ ئىلمىنىڭ مەركىزىدە قۇرئان ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ بىر قۇرئان ئاشىقى بولۇپ، بەزىدە قۇرئان ئوقۇۋېتىپ ھۆكرەپ يىغلاپ، ئۇزۇن ساقاللىرى كۆز ياشلىرى بىلەن نەملىنەتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

«ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىشنى خالىغان كىشى ئۆزىنى قۇرئانغا سېلىپ باقسۇن».

«قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمەكچى بولغان ئادەم ئەمەللىرىنى قۇرئانغا تەڭلەپ بېقىشى كېرەك».

بىز ھەدىسنى، رىۋايەتنى، فىقھىنى، ئەقىدىنى قۇرئانغا سېلىپ بېقىشنى بىلەتتۇق. ئەمما، كىشىنىڭ ئۆزىنى قۇرئانغا سېلىپ بېقىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئىمام ئەلبەسرىدىن ئۆگەندۇق.

قۇرئان ئوقۇغاندا ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە مەنىۋى كېسەللىرىگە قۇرئاندىن شىپا ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئازلىقىدىن زارلىناتتى. قۇرئاننى يۈزەكى (لەبزىنى تەلەپپۇز قىلىپ) ئوقۇپ، مەنىسىنى يۈرىكىدىن مۇلاھىزە قىلمايدىغانلاردىن نارازى ئىدى. ئۇ قۇرئان ئوقۇيدىغانلارنى ئۈچ تۈرگە ئايرىيتتى:

1. ماددى مەنپەئەت ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار

2. تەجۋىدكە چۈشۈرۈپ ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرسىمۇ، ئوقۇغىنى بىلەن ئەمەل قىلمايدىغانلار

3. قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇ بۇلاقتىن قانغۇدەك ئىچكەنلەر

ئۇ چوڭقۇر ئىلىمگە قارىماي، ھەقىقەتنى شۇھرىتىگە قۇربان قىلىدىغان دەرىجىدە ھەقشۇناس ئىدى. ئەلبەسرى ئۈچۈن ھەقىقەتنىڭ نوپۇزى رىۋايەتنىڭ نوپۇزىدىن ئېغىر باساتتى. ئەبۇ ھەنىفە (ۋاپات، 150) تېخى «مەشرىق ۋە مەغرىپنىڭ ئىمامى» دەپ ئاتالغۇدەك نامى چىقمىغان، زامانىسىنىڭ ئەڭ ئاتاغلىق ئالىمى ھەسەن ئەلبەسرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىر مەسىلىدە ئىجتىھاتىدا خاتا قىلغانلىقىنى، ئۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئىجتىھادىنىڭ تېخىمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەردىكىلەردىن بىرەيلەن ئەبۇ ھەنىفىگە قوپاللىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ۋەلىدى زىنا (ھارامدىن بولغان)! ھەسەن ئەلبەسرىگە ئوخشاش بىر ئالىمنى خاتالاشتىڭ دېگۈدەك سەن كىم ئىدىڭ؟». ھەسەن ئەلبەسرى سالماقلىق بىلەن ئەبۇ ھەنىفىگە: «شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەسەن بۇ ھەقتە خاتالىشىپتۇ، ئىبنى مەسئۇدنىڭ توغرا» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەلبەسرىنىڭ ئىلىمدە تۇتقان يولى تەقلىد ئەمەس تەھقىق، رىۋايەت ئەمەس دىرايەت يولى ئىدى. ئۇنى رەي ئەھلىنىڭ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن بۇرۇنقى ئىمامى دەپ ئاتىساق خاتالاشمايمىز. ئۇ بەسرە رەي مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئېقىمنى تەشكىل قىلغان مۇتەزىلە ئىماملىرى ئۇنىڭ ھالقىسىدا يېتىشىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەقىلگە بەرگەن ئەھمىيىتىنى ئىبنى ئۇل جەۋزى نەقىل قىلغان شۇ سۆزدىن بىلىۋالايمىز: «ئەخمەقلەردىن قانچىلىك يىراق تۇرسا، ئاللاھ

قا شۇنچىلىك يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن قانچىلىك يېقىن ئۆتسە، ئاللاھ نىڭ دىنى شۇنچە كۈچلىنىدۇ» (ئەلھەسەنۇلبەسرى .35).

ئۇنىڭ تەنقىدى ئەقىلدىنمۇ ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغانلىقىنى ۋە تەھقىق ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى تەفسىرىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. ھەزرىتى سۇلايمانغا قارىتا ئېيتىلغان «سېھىرگەر» بۆھتىنىنى رەت قىلغان بەقەرە 102 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «الْمَلَكَيْنِ - مەلەكەينى (ئىككى پەرىشتە)» كەلىمىسىنى ئۇنداق ئوقۇماي، «مەلىكىينى (ئىككى پادىشاھ)» دەپ ئوقۇغان ۋە سەۋەبىنى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پەرىشتىلەر سېھىر ئۆگەتمەيدۇ». دېمىسىمۇ سېھىرگەرلىك قىلىشنى «كۇپۇرلۇق» دەپ مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئايەت بۇ مەنانى كۈچلەندۈرمەكتە. ئەسلىدە ئۇ بۇ خىل ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ دىرايەت ئىزىدىن ماڭغان ئىدى. چۈنكى، ئۇستازلىرىدىن ئىبنى ئابباسمۇ مەزكۇر ئايەتنى ئاشۇنداق ئوقۇغان ئىدى.

قىرائەت ئىلمىگە ئاساسەن «مەلەكەينى (ئىككى پەرىشتە)» دەپ ئوقۇش « مۇتەۋاتىر قىرائەت »، «مەلىكىينى (ئىككى پادىشاھ)» دەپ ئوقۇش «شاز قىرائەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر قىرائەتنىڭ مۇتەۋاتىر ياكى شاز قىرائەت ئىكەنلىكى تەدۋىن ئەسرىدە ياشىغان قىرائەت ئىماملىرىنىڭ قىرائەتلىرىگە قاراپ ئېنىقلانغان. مەزكۇر ئۆرنەكتە مەلۇم بولغىنىدەك، قىرائەتلەر ئۆلچىمىنى يېڭىباشتىن قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا قىرائەتنى سېلىشتۇرىدىغان ئۆلچەم قۇرئانى كەرىم بولىدۇ، بۇنىڭدا ھېچ شۈبھە بولمىسا كېرەك.

ئىمام ئەلبەسرى «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ۋە ئەقىل ئىگىللىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر »

(نىسا، 29) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بۇ كىتاب - ھۆكۈملىرىنى تەرك ئېتىپ، پەقەت لەبزىنى يادلايدىغان كىتاب ئەمەس!».

ئۇ «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى» (قەمەر،1) ئايىتىنى تەھقىق ئەھلى بولغان ساھابىلەر ۋە تابىئىن ئالىملىرىغا ئوخشاش قىيامەتكە ئاز قالغاندا مەيدانغا كېلىدىغان بىر ۋەقەلىك دەپ چۈشەنگەن. بۇمۇ ئۇنىڭ تەھقىقچى ئېقىمغا ئەگەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇنداق بىر سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلىشى مۇمكىن. يەنى، بىر ھەسەن ئەلبەسرى فىقھىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

شۇنداق، بىر ئىمام ئەلبەسرى فىقھى بار دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بەلگىلىك شەكلى يوق. ئەمما، «رىۋايەت»كە ئەمەس «دىرايەت» ۋە «رىئايەت»كە، «تەكەللۇم (سۆز)»گە ئەمەس «تەفەققۇھ (چۈشىنىش، تەكشۈرۈش)»قا ئاساسلىنىش بۇ فىقھىنىڭ ئالاھىدىلىگى ئىدى. خۇددى رەسۇلۇللاھ، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد، ھەزرىتى سەلمەن، ھەزرىتى ئائىشە، ھەزرىتى ئىبنى ئاباس، ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ فىقھىسىغا ئوخشاش ئىدى. ئىمام مالىك قانچىلىك دەرىجىدە ئىبنى ئۆمەرنىڭ رىۋايەتچى فىقھىنىڭ ۋارىسى بولغان بولسا ھەسەن ئەلبەسرىمۇ ئۇنىڭ دادىسى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دىرايەتچى فىقھىنىڭ ۋارىسى ئىدى. ئىبنى ھازىم (ۋاپات.456 \1064) شۇ ۋاقىتلاردىلا ھەسەن ئەلبەسرى فىقھىنىڭ يەتتە جىلتقا توپلانغانلىقىنى بايان قىلغان (ئەل - ئىھكام 5 - جىلد، ب. 97). ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ فىقھى كۈنىمىزدە ئىككى جىلد سۈپىتىدە يىغىدىن نەشىر قىلىنغان (مەۋسۇئاتۇ فىقھىل ھەسەن ئەلبەسرى، مۇھەممەد راۋۋاس قالئاجى، دارۇن نەفائىس، ئوردۇن، 2007) .

ئۇنى مۇتەزىلە قاتارىدىن كۆرسەتكەن ئىبنى قۇتەيبە ئۇنىڭ ئەقىلچىلىقىغا بىر مىسال سۈپىتىدە مۇنداق بىر نەقىلنى بايان قىلغان: «ھەسەن ئەلبەسرىگە قۇياش ۋە ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرىدا جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر "ھەدىس" نەقىل قىلىپ يەتكۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن ئۇ كىشىدىن " گۇناھلىرى نېمە ئىكەن؟ " دەپ سورىغان». مانا بۇ ئۇنىڭ دىرايەتچى فېقىھىنىڭ تىپىك ئۈرنەكلىرىدىن بىرى.

ئۇنى «مۇتتەقىلەرنىڭ پېشۋاسى» قىلغان ئامىل شەكىلنى مۇددىئانىڭ ئورنىغا قويىدىغان «زۇھد (تەركىدۇنيانلىق)» ئەمەس، قۇرئان بىلەن شەكىللەنگەن مانا بۇ ئەقىل ئىدى. ئۇنىڭ «قۇياش ۋە ئاينىڭ جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلىقى»نى خۇددى رەسۇلۇللاھ ئېيتقاندەك قىلىپ نەقىل قىلغان بىرسىگە: «ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى نېمە ئىكەن؟» دەپ سورىشى قۇرئان بىلەن يېتىشىپ چىققان بىر ئەقىلنىڭ ئۇستىدىكى ھەققى ئىدى. بۇ ئەلبەسرى ئۇچۇن ئىبنى قۇتەيبە ئېيتقاندەك بىر قۇسۇر بولماستىن بەلكى بىر ئارتۇقچىلىقتۇر.

ئۇ لەبزىلەرنى مەقسەت بىلەن ئۇچراشتۇرغان. مەسىلەن، ئۇ ئىمام ئاتاغا ئوخشاش شەكىلدە ئەھلى كىتاب (خىرىستىيان ۋە يەھۇدىلار) ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشنى ياقتۇرمىغان. قۇرئاننىڭ بۇ رۇخسىتىنى ئۇ زامانىنىڭ شەرت - شارائىتىغا باغلاپ تۇرۇپ چۈشەنگەن. بۇمۇ قۇرئاننى مەقسەت ۋە غايىسىگە ئاساسەن چۈشەنگەنلىكىنىڭ بىر ئۆرنىكى.

ئىمام ئەلبەسرىنىڭ بەزى ئايەتلەردىن كۆپچىلىكتىن پەرقلىق چۈشەنچىلەرنى چىقىرىشى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا دالالەت قىلسا كېرەك. بۇنىڭغا بىر مىسال، زۇمەر 75 -ئايەتتە ھېساب كۈنىدىن كېيىن «ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ قا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دېيىلگەن. بىراق بۇنى كىمنىڭ ئېيتىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. ھەسەن ئەلبەسرى بۇنى جەننەت ۋە جەھەننەم ئەھلىنىڭ بىردەك

ئېيتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۆرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە ھەممىگە ھەققانىيەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئاللاھ نىڭ بۇ ھەققانىيىتى ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھمىتى ئالدىدا جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلارمۇ ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن باشقا دەيدىغان گەپ تاپالمايدۇ. نەتىجىدە ئۆزلىرىنى يوقلۇققا ئەمەس، مەۋجۇدلۇققا مەھكۇم قىلغىنى ئۈچۈن جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلارمۇ ئاللاھ قا ھەمدۇسانالار ئوقۇيدۇ.

ئەلبەسىرىنىڭ بۇ تەپسىرىگە جەننەتكە نائىل بولغانلارنىڭ ھەمدۇسانالىرى نەقىل قىلىنغان يۇنۇس سۈرىسى 10- ۋە فاتىر سۈرىسى 34 - ئايەتنى دەلىل كۆرسىتىپ ئېتىراز قىلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن زۇمەر سۈرىسىنىڭ 75 - ئايىتىنى ئىلاھى ھېكمەت ۋە ئىلاھى رەھمەتنىڭ كەڭ - كۇشادىلىقىنى تىلغا ئالغان ئايەتلەر ۋە ئەسمائۇلھۇسنا دائىرىسى ئىچىدە چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ يىپ - يېڭى ئۇپۇقلار ئاچىدىغان تەپسىرىنى چەتكە قېقىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

ئەلبەسىرىنىڭ تەھقىقچى ئالاھىدىلىكى ھەدىس ساھەسىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن: ئۇ شېھىت بولغۇچىنىڭ مېيىتىنى يۇيۇش كېرەكلىكىنى ئېيتقان بولۇپ، بۇ ئىجتىھادى ئارقىلىق ئۇنىڭ تەشەببۇس ئەھلى بولماستىن بەلكى تەئەسسىس (سۈننەت) ئەھلى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مەقسەت ۋە شەرت - شارائىتقا ئاساسەن بولغان دەپ چۈشەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، يول كۆرسىتىشىنى «دىنى ئەمەس»، بەلكى شۇ زاماندىكى ئۇرۇش شەرت - شارائىتى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان «زۆرۈرى» بىر يول كۆرسىتىش دەپ قارىغان. «ئەلمەبسۇت» سەرلەۋھىلىك ئەسەرنىڭ ئاپتورى سەراھسى ئۇنىڭ بۇ ئىجتىھادىغا ئادەم

ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدىم سۈننەتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى قەيىت قىلغان.

ئۇ يەنە مەقسەتكە مەركەزلەشكەن چۈشەنچە بويىچە مۇلاھىزە قىلىنغان ئوچۇق ئىبارىلىك دەلىللەردىن بىرسى «فاتىھەسىز ناماز بولمايدۇ» ھەدىسى ۋە بۇ ھەدىسكە بىنائەن تەدبىقلانغان نەبەۋى سۈننەت بولۇپ، ئۇ ھەر رەكەتتە فاتىھە ئوقۇش ئەمەس، پۈتۈن نامازنىڭ ئىچىدە بىر قېتىم فاتىھە ئوقۇش پەرز دەپ قارىغان. ئۇنىدىن باشقا يەنە بىر كىشىنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خۇددى زىنا مەسىلىسىدىكىدەك تۆت گۇۋاھچى بولۇشىنى شەرت قىلغان. ئۇنى بۇنداق ئۆزگىچە ئىجتىھاتقا ئېلىپ بارغان سەۋەب، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جازاسىنىڭ قايتۇرغىلى بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك.

ئۇ، ئەمەلنىڭ توغرا - خاتالىقىنى تەستىقلىتىپ باققان قۇرئانغا ھەدىسلەرنىمۇ سېلىپ باققان بولۇپ، بۇنى رىسالىدىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ دىرايەت ۋە تەھقىق ئەھلى بولغان ساھابىلەرنىڭمۇ ئۇسلۇبى ئىدى. ئۇنىڭ رىۋايەت ئەھلى ئەمەس، رىئايەت ئەھلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى مىسال ھەدىسلەرگە قارىتا ئەستايىدىللىق بىلەن تەھقىقچى پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنىڭ بىر نەمۇنىسى. ئىبنۇل جەۋزى ئەلبەسىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەرجىمىھال ئەسىرىدە مۇنداق نەقىل قىلغان:

«ئى ئادەم ئوغلى! "كىشى ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىللە بولىدۇ" دېگەن ھەدىس سېنى غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. شۈبھىسىزكى، سەن ياخشىلار قىلغان ئەمەلنى قىلماي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولالمايسەن. يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلارمۇ پەيغەمبەرلىرىنى ياخشى كۆرەتتى (ھەتتا تەڭرىلەشتۇرگىدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرەتتى). بىراق ئۇلار

پەيغەمبەرلـــــــرى بـــــــــلەن بىلـــــــلە بولالمايـــــــدۇ» (ئەل ھەسەنۇلئەلبەسرى، 32).

ئىمـام ئەلبەسـرىنىڭ بىـز كۆرۈۋاتقـان بـۇ خىـل ئاجايىـپ مۇھاكىمە قىلىش كۈچىگە كۈنىمىزدە تېخىمۇ ئېھتىياجىمىز بـار. ئىمــام ئەلبەسـرى بـۇ يەردە ھەر بىـر مـۇتتەقى ئـالىم ئـۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغانــدى. ئـۇ «مەسـئۇلىيەتچانلىق»، رىۋايەتلەرنىـڭ نـادانلار تەرىپىـدىن ئەپيۈنغـا ئوخشـاش سۈيىئىسـتېمال قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

ئەلــۋەتتە، ئۇمـــۇ ھەر ئىنســـانغا ئوخشـــاش ھەر نۇقتــــدا، ئىزاھاتـــدا، شەرھىســـىدە خاتـــالىقتىن خـــالىي بولالمىغـــان. مەسىلەن، ئۇ يۇنۇس سۈرىسى 109 - ئايىتىنى ئايالالر ئىچىدىن پەيغەمــبەر چىقمىغــان دەپ ئىزاھلىغـــان بولســىمۇ، بــۇ ئــايەت نەزەردە تۇتقان نۇقتـا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەر - ئايال جىنسىيىتى بولماســتىن، ئىنســيىتى - ئىنســان ئىكەنلىكــى ئىــدى. بــۇ ئــايەتتىن ئايالالرنىــڭ پەيغەمبەرلىكـتىن نەفيــي(چەكلەنـگەن) قىلىنغـانلىقىنى چۈشـەنگۈچىلەر يالغـانچى ئايـال پەيغەمــبەر «سـەجاھ»نـى ئايەتنىـــڭ نازىـل بولـۇش سـەۋەبى سـۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. ھـالبۇكى، ئـايەت مەككىـدە نازىـل بولغـان بولـۇپ، ســـەجاھنىڭ پەيغەمبەرلىـــك داۋاســـى بولســـا پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى. ئەسلىدە ئــايەت ئىنســان پەيغەمبەرنى ياراتمــاي، پەرىشــتىدىن پەيغەمــبەر تەلەپ قىلغان ئەقىللەرگە بىر جاۋاب سۈپىتىدە نازىل بولغان.

ئــۇ يەنە ئېغىــر گۈنــاھ (چــوڭ گۇنــاھ) ســادىر قىلغــۇچىنى «مۇناپىق» دەپ ئاتىغان. بۇمۇ بىزنىڭچە توغرا قاراش ئەمەس. بۇ گـەپنى قىلغانـدا « مۇناپىقلار پاسـىقلارنىڭ دەل ئۆزىـدۇر» (سـۈرە تەۋبە 67 - ئايەت) نى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ ئــايەت مۇنــاپىقلىقنى پاســىقلىق بىــلەن ئوخشــاش دەرىجىــگە قويمايـــــدۇ. مۇناپىقلارنىـــــڭ نىفاقلىرىغـــــا پاســــــىقلىقى

قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇناپىقلار قۇرئاندا بەزى جايلاردا كاپىرلاردىنمۇ بەك شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىنىدىغانلىقى، بەزى يەرلەردە جەھەننەمنىڭ ئەڭ تېگىگە تاشلىنىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دېمىسىمۇ يۇسۇف پەيغەمبەرنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئاساسەن بۇ چۈشەنچىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئاتاغا «توغرا دېدىڭ» دېگەنىدى. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا پىكرىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ ئىلمىنى زالىملارنىڭ ھاكىمىيىتىگە يانتاياق سۈپىتىدە سۈيىئىستېمال قىلىشىغا يول قويمىغان ئالىملاردىن ئىدى. ئۇ ياشىغان دەۋردە ئىلىمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلىيالمىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى. بىر مىسال كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە ئەبۇ يەئلاندىن نەقىل قىلىنغان شۇ مىسالنى بېرىشكە بولىدۇ: «يەزىد بىن ئابدۇلمەلىك خەلىپىلەرنىڭ ئاخىرەتتە ھېسابقا تارتىلمايدىغانلىقى ۋە ئازابقا دۇچار بولمايدىغانلىقىغا گۇۋاھ بېرىدىغان 70 ئالىمنى بىر يەرگە يىغقانىدى» (ئەلمۇتەمەد، 235). ئۇنىڭ ئىلمىنى زالىمنىڭ زۇلمىغا ساتمىغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ پاكىتى بولسا دۇنيا مەۋجۇت بولغان مۇددەتچە مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قالىدىغان «قەدەر رىسالىسىدۇر».

# §4. ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئۇسلۇبى

## كۆرەش قىلىش ئۇسلۇبى

قەدەر رىسالىسى مۇئەللىفىنىڭ مەكتىپىگە بىر ئىسىم قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا ئەڭ لايىق ئىسىم ھېچ شۈبھىسىزكى «مۆتىدىللىق مەكتىپى» بولاتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ھاللىق يولىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. سىياسىي ئۆكتىچىلىكتە مۆتىدىل بولۇش. يەنى، ئۇ خارىجىلارغا ئوخشاش قوراللىق قوزغىلاڭ ياكى مۇرجىئىلەرگە ئوخشاش زۇلۇمغا يانتاياق بولۇش يولىنى تۇتمىغانىدى.

2. ئىلىمدە مۆتىدىل بولۇش. ئىلىمنى ئاداققى غايىمۇ قىلىۋالمىغان ۋە شۇنداقلا ئۇنى ھېقىرمۇ كۆرمىگەن ئوتتۇرا ھال يول.

3. كۈندىلىك ھاياتتا مۆتىدىل بولۇش. دۇنياپەرەستمۇ بولۇپ كەتمەسلىك، روھانىلىشىپمۇ كەتمەسلىك.

4. قەدەر چۈشەنچىسىدىكى مۆتىدىل بولۇش. ئاللاھ نىڭ مەۋجۇداتقا مۇداخىلىسىنى رەت قىلماسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆر ئىرادە ۋە ئىنساننىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنىمۇ چەتكە قاقماسلىق.

5. چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر ھەققىدە مۆتىدىل بولۇش. خارىجىلارغا ئوخشاش تەكفىر (كاپىرغا چىقىرىۋېتىش) قىلماسلىق، مۇرجىئىلەرگە ئوخشاش «ئىمانى بولسىلا ھېچبىر گۇناھنىڭ زىيىنى بولمايدۇ» دەپمۇ قارىماسلىق.

ئۇنىڭ مۆتىدىل بولۇشىنى چىقىش قىلغان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىگە سىڭگەن ئىدى. ئىمام ئەلبەسرىدىن: «ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىغۇەتكەن كىشى بىلەن بالا - چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن

كىشىنىڭ قايسىسى پەزىلەتلىك؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ ھەر ئىككىسىنىڭ تەلەپكە لايىق توغرا يولدا ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ھاياتى سۆزىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئۇ زاھىدلىق نامىدىن تەركى دۇنيالىقنى ياكى دۇنيا پاراغىتىگە غەرق بولۇش يولىنى تۇتمىغانىدى. يۇقىرىدىكى مىسالدىن مەلۇم بولغاندەك، ئۇ «ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئوتتۇراھال يول ئۈستىدە بولغىنىدۇر» دېگەن نەبەۋى دەستۇرنى پرىنسىپ قىلغانىدى.

ھۆكۈمدارلارغا بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ بۇ پرىنسىپنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ ھاياتى بۇ پرىنسىپنىڭ نامايەندىسى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. ھەر ئىسياننى قارغۇلارچە قوللاپ قۇۋۋەتلىمەسلىك بىلەن بىرگە زۇلۇمغىمۇ يانتاياق بولمىغانىدى. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك ئانا ھەم دادا تەرەپتىن ئەرەب بولمىغان (مەۋالى) بىرى ئىدى. ئەمەۋىلەر خۇددى تەقدىرچى/ جەبىر ئىدېئولوگىيىسىنى قوللىغاندەك، ئەرەب مىللەتچىلىكى (ئاروبە)نىمۇ دۆلەت سىياسىتى قىلىۋالغان. ئەرەب ئۆكتىچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا ئۇلارغا بىر ھەسسە زۇلۇم قىلغان بولسا، ئەجەم (ئەرەب بولمىغانلار) ئۆكتىچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا ئەرەبلەرگە قارىغاندا ئون ھەسسە قاتتىق زۇلۇم قىلاتتى. ئەجەملەرگە ئەقىلگە سىغمىغۇدەك ئۇسۇللارنى قوللىناتتى، قاتتىق خارلايتتى. ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋە ھال - ئەھۋالى ياخشى بولغان ھەسەن ئەلبەسرىنى شۇنچە ئىلمىي ھەيبىتىگە قارىماي قوزغىلاڭلاردا ئارقا پىلاندا تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان يوشۇرۇن ئامىللارنىڭ بىرى مۇشۇ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئۇنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئۆچمەنلىكى بىر نەپرەت، ئادالەتكە بولغان مۇھەببىتى بىر نۇرغا ئوخشايتتى. بۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئۇ تۆت خەلىپىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تىلغا ئالغان بىر

ۋەزىدە، ھەزرىتى ئۆمەرنى بىرىنچى قاتاردا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرنى ئىككىنچى قاتاردا تىلغا ئالغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئەمەۋىلەرگە قارشى ئۆكتىچىلىكىنىڭ دەرىجىسى ھاكىمىيەتنىڭ قاتتىق قوللىنىلغا ماس ھالدا ئاشقانىدى. ئۇنىڭ مۇئاۋىيەگە بولغان كۆز قارىشى كلاسسىك كالامنىڭ ئەندىزىسىگە سىغدۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە پرىنسىپالدۇر.

تابارى(51 - يىل ۋەقەلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن) ۋە ئىبنى كەسىر تارىخلىرىدا نەقىل قىلىدۇ:

ھەسەن ئەلبەسرى دېدىكى: «مۇئاۋىيەنىڭ تۆت ئىشى باركى، بۇ ئىشلاردىن يالغۇز بىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھالاك بولۇشىغا يېتەرلىك ئىدى».

لولم يكن فيه منهن إلا واحدة لكانت موبقة

1. ئۇ ئۇممەتنىڭ ئۇستىدىكى ھاكىمىيەتنى شۇرا ئورنىغا قىلىچ ۋە مۇشتۇمزورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈردى.

2. ئوغلىنى ۋەلىئەھدى (ئورۇنباسار) تەيىن قىلدى. ھالبۇكى ئۆزى يەزىدنىڭ ھاراقكەش، ئىشرەتخور، يىپەك كىيىم كىيىپ، كەيىپ - ساپا قىلىدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

3. رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈمىگە پىسەنت قىلماي، ھارام بىر ئىشنى قىلىپ، سۇمەييەنىڭ ئوغلى زىيادنى نەسەبىگە (جەمەتىگە) قوشۇپ، دۆلەت مەمۇرىيىتىنى ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ قولىغا بەردى.

4. ھۇجر بىننى ئادى ۋە سەپداشلىرىنى ئۆلتۈردى.

ئىمام ئەلبەسرىنىڭ ئەمەۋى خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇ سۇفيان ئۈچۈن قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئۆكتىچىلىكىنىڭ پرىنسىپال ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى دەپ قارىساق بولىدۇ.

ئۇ تاكى باشتىن ئاخىرىغىچە سەلتەنەتكە قارشى قۇرۇلتاي (كېڭەش) يولىنى ياقىلاپ كەلگەنىدى.

ئىبنۇل جەۋزىنىڭ نەقىل قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر مۇغىرە بىنى شۇبە مۇئاۋىيەنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن يەزىد ئۈچۈن زورلۇق بىلەن بەيئەت ئالمىغان بولسا ئىدى، قىيامەتكە قەدەر خەلىپە شۇرا (كېڭەش) تەرىپىدىن سايلىناتتى» (ئەلھەسەنۇلبەسرى،37 ).

بۇ سۆزدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەلبەسرى مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى يەزىدنى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلىشىنى ئىسلامى سىياسىتىدىكى بىر قېيىش ۋە نەبەۋى سۈننەتتىن ئايرىلىش دەپ قارىغان ئىدى. ئەسلىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇقتا ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىدا شۇرا ۋە كېڭەشنىڭ تېگىشلىك ئورنى ۋە قىممىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دەرىجىسىدىكى نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلىدىن قۇرئانىي سىياسەتنىڭ تۈپ ۋە ئاساسىي تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولغان كېڭەشنىڭ ئەھمىيىتىگە دائىر بىرەر يېرىم جۈملە بولسىمۇ سۆز قىلىنغانلىقىغا شاھىت بولالمىدۇق. سىياسەتنىڭ قانۇنلۇق بولۇشى باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ تاللىشى ۋە رىزاسىدىن كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بۇنىڭدىنمۇ يارقىن ئىپادىلىگىلى بولمىسا كېرەك. «كېڭەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھاكىمىيەتنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىشى» ئۇنىڭ ئاززۇ - ئارمىنى ئىدى. ئەلبەسرى قۇرئانى سىياسەتنىڭ شۇرا پرىنسىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خانىدان سىستېمىسىنى ئورناتقان مۇئاۋىيەنى تەنقىد قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمىغانىدى.

ئىمامنىڭ جاسارىتى بەزىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھەججاجنىڭ يۈزىگە: «ئاسمان ئەھلى سەندىن نەپرەتلىنىدۇ، زېمىن ئەھلى ساڭا لەنەت ئوقۇيدۇ» دېگەن ئىدى. «ئەلمۇنيە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىبنۇل مۇرتەزانىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ بۇ سۆزنى ھەججاجنىڭ

ۋاسىتىسىدە سارىيىنىڭ ئىچىدە ئىستىقامەت قىلغان
چاقىرىقىغا ئىجاۋەت قىلىپ، سارايىنى كۆرگەندىن كېيىن
ئېيتقان ۋە ئارقىسىدىنلا شۇ سۆزلەرنى قىلغان: «ئاللاھ
ھەقىقەتنى يوشۇرماسلىق توغرىسىدا ئالىملاردىن ۋەدە ئالغان».

ئۇنىڭ ھەججاج بىلەن ئارىسىدا ئەگرى - توقاي بىر مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى مەلۇم بولماقتا. بىر كۈنى ھەججاجنىڭ ئامانلىق ئەمىرلىرىدىن بىرى ئەلبەسرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «تۆۋە قىلدىم، بۇندىن كېيىن ھاراق ئىچمەيمەن» دېگەن. ئەلبەسرى زالىم ھاكىمىيەتكە يانتاياق بولغانلىقىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: «سەن تۆۋە قىلىشنى ئاۋۋال چوڭ گۇناھىڭدىن باشلا!». ھەججاجنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئالغان ۋاقتىدا سەجدىگە بېرىپ مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئاللاھىم، ئۇنى ئۆلتۈرگىنىڭدەك ئۇ ئاچقان چىغىر يولىنىمۇ ئېتىۋەتكىن!».

يەزىد بىننى ئابدۇلمەلىكتىن قورققان ئىراق ۋالىسى ئىبنى ھۇبەيرەنىڭ يۇزىگە «ئاللاھ سېنى يەزىدنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، بىراق يەزىد سېنى ئاللاھ نىڭ شەررىدىن ساقلىيالمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋالىنىڭ ھۇزۇرىدا يەنە ئىككى ئالىم بار ئىدى، بىرى يۇرتلىقى ئىبنى سىرىن، يەنە بىرى كۇفەلىك ئالىم شەئبى ئىدى. ۋالى ئىبنى ھۇبەيرە يەزىدنىڭ ھەققە ۋە ئادالەتكە ماس كەلمەيدىغان ئەمىرلىرىگە قارىتا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشى توغرىسىدا ئۇلاردىنمۇ سورىغان، بىراق ئۇلار ھەسەن نامايان قىلغان جاسارەتنى كۆرسىتەلمىگەن ئىدى.

بۇ نۇقتىدا شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەيلى. بۇ ئىبنى ھۇبەيرە كۇفە ۋالىسى بولغان ۋاقىتلاردا ئەبۇ ھەنىفەنى قازىلىق تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ كۈن زىندانغا تاشلىغان ۋە قامچىلاتقان ئىدى. ئەبۇ ھەنىفە بۇ ۋالىنى ئىما قىلىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ مەندىن ۋاسىت جامەسىنىڭ

ئىشىكلىرىنى سانىشىمنى تەلەپ قىلسا قىلمايمەن» دېگەن ئىدى.

جاھىز « ھايەۋەن » ناملىق ئەسىردە مۇنداق قەيت قىلغان: ئەمەۋى ئائىلىسى ئۈچۈن قىلىچ ئوينىتقانلاردىن بىرى بولغان راقى بىننى ئەبىل ئەسۋەت بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ : «ئەي ئەبۇ سائىت! پىتنىنىڭ قېنى تېگىپ كەتكەن بىر كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش توغرىسىدىكى پەتىۋايىڭ نېمە؟» دەپ سورىغان. ئۇ ئىلىم ھالقىسى ئىچىدىكى جامائەتنىڭ ئىچىدە مۇنداق تارىخى جاۋابنى بەرگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى ئىتتىنىڭ قېنىنى تۆككەندەك ئاققۇزۇپ، ئەمدى كېلىپ پىت قېنىنىڭ ھۆكۈمىنى سوراش غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟».

ھاكىمىيەتكە يېقىن بەزى كىشىلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئەخلاقسىز قىلمىشىنى تەنقىد قىلىشنى «غەيۋەت» نامى ئاستىدا چەكلىمەكچى بولغاندا ھەسەن ئەلبەسرى: «كەلسە - كەلمەس گۇناھ قىلغان پاسىقنىڭ غەيۋىتى بولمايدۇ. ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپسىنى ئىلاھلاشتۇرۇۋالغانلارنىڭ غەيۋىتى بولمايدۇ» دېگەن پەتىۋاسى بىلەن بۇ ئويۇننى بۇزغان.

ئەمەۋى ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ «ئاتا دىۋانى» (دۆلەتنىڭ مائاش بېرىش ئورگىنى)دىن ئېلىۋاتقان مائاشىنى توختىتىۋەتكەن بولۇپ، ھەققىنى ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە ئالالىغان ئىدى. ھاكىمىيەتنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرۈپ قويغان ۋاقىتلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ۋە ھەتتا ۋاپات بولغان قىزىنىڭ جىنازىسىغىمۇ قاتنىشالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈدا ئۈچ يىل ھاكىمىيەتتىن قېچىپ يۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمغا قارىتىلغان قاتتىق ئۆكتىچىلىك پوزىتسىيىسىنى توختىتىپ قويغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز بولۇپ، بۇ دەل ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز دەۋرى ئىدى. ئەمەۋى خانىدانلىقىنى بىر زۇلۇم دېڭىزىغا ئوخشاتساق، بۇ

مۇبارەك خەلىپە شۇ دېڭىزنىڭ ئۈچ ئادالەت ئاراللىرىدىن بىرى ئىدى. قالغان ئىككىسى خىلاپەتكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاران 6 ئاي ياشىغان يەزىدنىڭ ئوغلى ئىككىنچى مۇئاۋىيە ۋە يەزىد بىننى ۋەلىد ئىدى.

ئىمام ئەلبەسرى ئۆزۈلۈپ قالغان مائاشىنىڭ يېڭىدىن بېرىلىشىگە باشلىغان ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە، قىسقا ۋاقىت بەسرەنىڭ قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھاكىمىيەت بىلەن ئارىسىدىكى مۇساپىنى ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز دەۋرىدىمۇ ساقلاپ كەلگەن. خەلىپە ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ دۆلەت خىزمىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىسىم تەلەپ قىلغاندا ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «دۇنيا ئىنسانىنى سەن خالىمايسەن، ئاخىرەت ئىنسانلىرى بولسا سېنى خالىمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاللاھ ياردەمچىڭ بولسۇن! دېمەكتىن باشقا ئىلاجىم يوق».

## سىياسىي مۇخالىپەت ئۇسلۇبى

قەدەر رىسالىسى مۇئەللىپىنىڭ ھاكىمىيەت زۇلۇمىغا قارىتا تۇتقان مۇخالىپەت (ئۆكتىچىلىك) چۈشەنچىسىنى كۈنىمىز تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا «ئاممىۋى ئىتائەتسىزلىك» ياكى «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش» دېگەن ئۇقۇملار ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەلبەسرى قورققانلىقنى يوشۇرمايدىغان دەرىجىدە دۇرۇست، قورقۇسىغا ئەسىر بولمايدىغان دەرىجىدە پرىنسىپچان كىشى ئىدى.

ئۇ قورققانلىقىنى يوشۇرمايتتى. بۇنىڭغا ئۆرنەك سۈپىتىدە ئىبنى ھاجەر ئەلھەيتەمەنىڭ «فەتەۋا» ناملىق ئەسىرىدە ھەدىسچى ئەلمىززىدىن نەقىل قىلغان شۇ تېپىك مىسالنى بايان قىلىشقا بولىدۇ. ئەلبەسرىدىن: «سەن رەسۇلۇللاھنى كۆرمىگەن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن شۇ ھەدىسنى نەبىدىن ئىشىتتىم

دېيەلەيسەن؟ نەبىدىن ئاڭلىدىم دېيىشىڭ ئۈچۈن سەن ئۇنى كۆرگەن بولىشىڭ لازىم» دەپ سورالغان. ھەسەن ئەلبەسرى بۇ سوئالغا : «مەن شۇنداق دېگەن بارلىق رىۋايەتلەردە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنى نەزەردە تۇتۇپ تۇرۇپ ئېيتتىم. مەن ئەلىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئۆزىلا ھاياتى خەۋپ ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان شۇنداق بىر زاماندا ياشاۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى ساد ۋە تابارىنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ھەدىسچى تالىپلىرىدىن ئەييۇب ئەسساختىيانى مۇنداق دەيدۇ: «ھەسەننىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇنىڭ بىلەن قەدەر توغرىسىدا مۇنازىرلەشتۇق. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت بىلەن تەھدىت قىلدىم (ھاددەستۇھۇ بىس سۇلتان). شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە ھەرگىز ئېغىز ئاچمايمەن (لا ئەئۇدۇ فىھى بادەل يەۋم)» دېدى.

ئەگەر بۇ ۋەقە توغرا بولسا قورققان بىر قېتىم، قورقۇتقان كىشى ئىككى قېتىم ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان بولىدۇ.

ھەسەن ئەلبەسرىنى قورقۇتقان ئامىل گۇۋاھ بولغان ھايات تەجرىبىسى ئىدى. ئۇستازلىرىدىن، دوست - يارەنلىرىدىن، ھەتتا تالىپلىرىدىن نۇرغۇنلىرى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن، خورلانغان، پالانغان، ئائىلىسى خانى ۋەيران قىلىنغان ئىدى. گۇۋاھ بولغان بۇ ھايات تەجرىبىلىرى، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تەدبىر ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇنىڭ ئالغان تەدبىرلىرىدىن بىرسى «ئېھتىيات قىلىش» مەنىسىدىكى تەقىييە ئىدى.

ئىمام ئەلبەسرىنىڭ مۇخالىپەت ئۇسلۇبى تەقىييە «ئېھتىيات قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش»نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ قۇرئاندىكى «تەقىييە» رۇخسىتىنى ئىزاھلىغاندا، «تەقىييە قىيامەتكە قەدەر باقىيدۇر» دەيتتى. ئۇ، «پەۋقۇلاددە

ئەھۋاللاردا ۋە خەۋپ ئاستىدا، ھەقىقىي ئېتىقادىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان تەققىيەگە بىر نەچچە قېتىم مۇراجەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن زامانداش نۇرغۇنلىغان ئالىملار دۇچار بولغان ئەمەۋى زۇلمىدىن ئۆزىنى تەقىييە ۋەسىلىسى بىلەن ساقلاپ قالالىغان ئىدى.

ئۇ دەۋر تاغ - تاشلارمۇ قورقۇنچتىن نېسىۋىسىنى ئالغان بىر زامان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئالىملاردىن ئەبۇ ۋائىلە ئىياس بىنىنى مۇساۋىدىن بىر كىشى : «سەن ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا قەدەر توغرىسىدىكى چۈشەنچەڭنى يوشۇرىسەن؟» دەپ سورىغاندا، «مەن جەيلان بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ھەقنى، ئادالەتنى كۆرگەنىدىم. بىراق، ئۇنىڭغا ئوخشاش كىرىسقا مىخلىنىشنى خالىمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە يۇقىرىدىكى نەقىل بايان قىلىنغان مەنبەدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك نەقىل قىلىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئالىملاردىن ئامىر بىنىنى دىنار بىر ئالىمنىڭ پۇت - قولى يەرگە تەككۈزۈلمەي ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، جىنايىتىنىڭ قەدەر توغرىسىدا دۆلەت ئىدىيئولوگىيىسىگە قارشى گەپ قىلغانلىقى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئامىر بىنىنى دىنار: «ياخشىلىقنىڭ ئاللاھ تىن، يامانلىقنىڭ ئىنساندىن ئىكەنلىكىنى ئېيتماپتىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. سوئالىغا «شۇنداق، ئېيتىپتۇ» دېگەن جاۋابنى ئالغاندا، «ئۇ ھەققە سىلەردىن بەكراق يېقىن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكىلەر : «ئۇنداق بولسا بۇ چۈشەنچەڭنى نېمىشقا ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلىمەيسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئامىرنىڭ جاۋابىمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولغان. يەنى : «ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» (فەدلۇل ئىتىزال، 327 - 333).

ئەلبەسرى شۇنچە ئېھتىياتچان بولۇشىغا قارىماي، ۋاقتى كەلگەندە ھەقنى سۆزلەشتىن باش تارتمىغان. ھەزرىتى

ئەلىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش ئۆلۈمگە كۆكرەك كېرىش بولۇپ قالغان بىر زامانلاردا ئۇ دادىللىق بىلەن «ئۇ (ھەزرىتى ئەلى) بۇ ئۇممەتنىڭ رەببانىسىدۇر» دېگەن. ھەزرىتى ئەلى شېھىد قىلىنغاندا ئۇ تېخى 20 ياش چامىسىدا ئىدى. بىراق ئىبنىۇل جەۋزى نەقىل قىلغان بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ يېشىغا قارىغاندا ئىلىمدە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: «قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئاللاھ نىڭ ئوقلىرىدىن بىر ئوقنى يوقۇتۇپ قويدۇڭلار. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھ نىڭ ئەمرىگە قارشى ئىش قىلمىدى. ئەكسىچە مەيلى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولسۇن، مەيلى ئۆزىگە پايدىلىق بولسۇن، دائىم قۇرئاننىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىگە بىرمۇ - بىر ئەمەل قىلدى».

ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ مۇخالىپەت چۈشەنچىسى كۈچ ئىشلىتىشنى رەت قىلغان بىر ئۇسلۇب ئىدى. ئۇ ئۆزگىرىشنىڭ قورال ئارقىلىق ئەمەس، ئىسلاھى - ھال (تۇپلۇمنىڭ ئۆزگىرىشى) بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا تۇپلۇمنىڭ ئۆزگىرىش سۈننىتىنى ئىپادىلىگەن تۆۋەندىكى ئايەتنى كۆپ ئوقۇيتتى:

«مۇھەققەقكى، ھەر قانداق بىر قەۋم ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» (سۇرە رەئىد سۇرىسى، 11 - ئايەت).

ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئاۋامنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى ئىرادىسىنى كۈچلۈك ئەمەس دەپ قارايتتى. ھەتتا زالىم ھۆكۈمرانلارنى ئاللاھ ئۇ قەۋمگە قارىتا بىر جازا ۋە بالايى - مۇسىبەت سۈپىتىدە مۇسەللەت قىلغان دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى ئىبنىۇل جەۋزى نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ۋەقەدىن بىلەلەيمىز:

«ھەسەن زالىم ھەججاجقا بەددۇئا قىلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردى ۋە مۇنداق دېدى: ئۇنى ھۆكۈمران قىلغان سىلەر ئۆزەڭلا ئەمەسمۇ؟ ھەججاج بىر كۈنى ئۆلسە ياكى ئەمىلىدىن ئېلىپ

تاشلانسا، ئۇنىڭدىن بەتتەر مايمۇن ياكى توڭگۇز مىجەز بىرسىنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىشىدىن ئەنسىرەيمەن. رەسۇلۇللاھنىڭ "ئەمەللىرىڭلار قانداق بولسا، سىلەرنى باشقۇرىدىغانلارمۇ شۇنداق بولىدۇ. سىلەر نېمىگە لايىق بولساڭلار، شۇنداق باشقۇرۇلىسىلەر"» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ».

ئەلبەسرى مالىمانچىلىق ۋە بىر ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشنى ئەڭ زالىم ھاكىمىيەتتىنمۇ خەتەرلىك دەپ قارايتتى. ئۇ ئېيتىدۇكى: «ھۆكۈمدارلار بولمىسا خەلق بىر - بىرىنى يەيدۇ». ئۇ ياشىغان دەۋردە كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەتنىڭ بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان سەلبىي ئەھۋاللار ئۇنى بۇ چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. دۆلەتنىڭ زۇلمىدىن قاخشىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن ئاجىزلىق كۆرۈلگەن ھامان ئۆزلىرى شىكايەت قىلىۋاتقان زۇلۇمدىن بەتتەررەك زۇلۇملارنى سادىر قىلغانلىقىغا شاھىت بولغان بولسا كېرەك.

بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇنىڭ دەۋردىكى بەزى ئىسيانلاردا كۆرىمىز. زالىم ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغالغانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى جايلاردا ئۆزى قارشى چىققان زۇلۇمنى سادىر قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنى ئىبنى ئەشئاس باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭغا قاتنىشىشتىن توسقان سەۋەب بەلكىم بۇ بولسا كېرەك. رەقىپلىرى تەرىپىدىن قارا چاپلىنىشنى بىلسىمۇ ئۇ بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان ئىدى.

ئىبنى سادنىڭ «تاباقات» ناملىق ئەسىردە بايان قىلىنىشىچە ۋەقە مۇنداق يۈز بەرگەن:

ھىجرى 81 - يىلى ئەمەۋىلەرنىڭ سابىق سەركەردىسى ۋە ۋالىلىرىدىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەشئاس ئابدۇلمەلىك ۋە ھەججاجنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغانلارنىڭ ئەمىرى بولدى.

بۇ قوزغىلاڭغا ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ قېرىندىشى سەئىد قاتارلىق نۇرغۇن ئالىملارمۇ ئىشتىراك قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مابەد ئەلجۇھەنى، سائىد بىنى جۇبەيىر، شەئبى، ئەبۇل بەھتەرى، ئىبنى ئەبى لەيلا، ئاتا بىننى يەسار قاتارلىق مۇجتەھىدلەر بار ئىدى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان يېتەكچىلەر قوزغىلاڭچىلار ئەمىرى ئابدۇراھماندىن ھەسەن ئەلبەسرىنىمۇ قوزغىلاڭغا قوشۇلۇشقا قايىل قىلىشنى، ئۆزلىگىدىن كەلمىسە قاتتىق قوللۇق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن قوزغىلاڭچىلاردىن قاچقان ھەسەن ئەلبەسرى دەرياغا سەكرەپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلدى.

ئۇنىڭ قوزغىلاڭ فىقىھىسى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قوزغىلاڭ فىقىھىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ بىر قوزغىلاڭنىڭ جائىز بولۇشى ئۈچۈن «نەتىجىگە ئېرىشىش (تەمەككۇن)» شەرتىنى مۇھىم ئامىل دەپ قارايتتى. ئىبنى ئەشئاس قوزغىلىڭىدا بۇ شەرتنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. دەرۋەقە، مۆلچەرلىگىنىدەك بولدى. مابەد ئەلجۇھەنى، سائىد بىننى جۇبەيىر، ئىبنى ئەبى لەيلا قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ مۇجتەھىدلىرى قوزغىلاڭنىڭ بەدىلىنى جانلىرى بىلەن ئۆتىدى، شەئبى ئەپۇ قىلىشىنى تىلىگەنلىكى ئۈچۈن ھايات قالدى.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرككى، ئىبنى ئەشئاس قوزغىلىڭىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ئىمام ئەلبەسرى قانخورلىقى بىلەن داڭقى چىققان مەشھۇر ھەججاجنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ: «زېمىن ئەھلى سەندىن نەپرەتلىنىدۇ، ئاسمان ئەھلى ساڭا لەنەت ئوقۇيدۇ» دېيەلىگەن بىر زات ئىدى. ئۇ يەنە، ھاكىمىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش يولىدا ھەر قانداق يامانلىقتىن تەپتارتمايدىغان مىجەزى بولغان ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋانغا ھەر تۈرلۈك خەۋپكە قارىماي «قەدەر رىسالىسى» دىن ئىبارەت بىر ئەسەرنى يېزىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر.

قەدەر رىسالىسى ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ قىيامى (ئىسيانى) ئىدى. ئۇ قىيامنى پىكرى ۋە قەلىمى بىلەن قىلغانىدى. بىز ئىشىنىمىزكى، كۆرەشنىڭ بۇ تۈردىكىسى تېخىمۇ كۆپ تەسىر كۈچكە ئىگە ۋە قەرەلسىزدۇر. دېمىسىمۇ، ئەمەۋى ھاكىمىيىتى گۇمران بولدى، لېكىن ئۇنىڭ قەدەر رىسالىسى يېزىلىپ ئاردىن 13 ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە سولاشقان ھېسلارنى تىرىلدۈرۈشكە، تەقلىد، ھورۇنلۇق، بىخۇدلۇق، تەپرىقىچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك ۋە جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن زېھىنلارنى يورۇتۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

# ئىككىنجى باب
# قەدەر رىسالىسى توغرىسىدا

## §1.قەدەر رىسالىسىنىڭ نۇسخىلىرى

### رىسالىنىڭ سەرگۈزەشتىسى

رىسالىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى بوران - چاپقۇنلار ئۆتكەنلىكىنى مۆلچەرلەش قىيىن بولمىسا كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، رىسالىنىڭ گۈل - گۈلىستانلىق بىر مۇھىتتا بىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلىشى ئىككى سەۋەبتىن بىزنى ھەيران قالدۇردى.

بىرىنجى سەۋەب، رىسالە زالىم بىر ھاكىمىيەتنىڭ رەسمىي ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى بىر پاكىت ئىدى. ئاپتور ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ھەر خىل ئېقىملار تەرىپىدىن بۆلۈشىلەلمىگەن بىر نوپۇزلۇق شەخس بولۇشى رىسالىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا. بۇ ھەممە بالايى - ئاپەتلەرنى رىسالىنىڭ ئۈستىگە تارتىۋاتقان قوشۇمچە بىر سەۋەب ئىدى. ئىمام ئەلبەسرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرىۋەتكەنلىكى ھەققىدە رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەتنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغاندەك توغرا بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلىشتىن بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن كۆپەيتىلگەن كۆپەيتىلمىگەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيمىز. مەسىلەن، ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۋەتكەن ئەبۇ ھايياننىڭ ئەتتەۋھىدىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ باشقا مىساللىرىمۇ بار. دېمەككى، ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىش تەشەببۇسى ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوق

قىلىۋېتىشكە يېتەرلىك بولمىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئەمەۋى خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك بىن مەرۋانغا يازغان رىسالىسىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ قالغان قالمىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. ئەگەر ئېلىپ قالغان بولسا بۇ نۇسخىسىنى باشقىلارمۇ كۆپەيتىۋالغان بولۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھۆججەتلەردىن ۋە بۇ ھۆججەتلەرنى كۆرگەن شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن شۇنى جەزىملەشتۇرەلەيمىزكى، قەدەر رىسالىسىنىڭ بۇگۈن سۇلايمانىيە كۆپرۈلۈ كۇللىياتىدا ساقلانغان مۇئەللىپ نۇسخىسىنىڭ بىر كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ۋە ئۇ نۇسخىسىدىن ئەمەۋى مەمۇرلىرى يىغىنچاقلاپ ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتكەن نۇسخىسى، ئاياسوفيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قىسقارتىلغان نۇسخىسى قولىمىزدا تۇرۇپتۇ.

ئىككىنچىسى ۋە، رىسالىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندىنمۇ ئېغىرراق بولغان بىر بەختىسىزلىكى ھىجرى 2 - ئەسىردە رىسالە ئوتتۇرىغا قويغان قۇرئانى تەقدىر چۈشەنچىسىنىڭ «قەدەرىيە» (تەقدىرپەرەستلىك) مەپكۇرىسى بىلەن چەكلىنىشى ئىدى. چۈنكى قۇرئانغا ئاساسلانغان تەقدىر چۈشەنچىسى رىۋايەت ئەنئەنىسى ئارقىلىق توقۇپ چىقىرىلغان تەقدىر چۈشەنچىسى بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى ئىدى. رىسالىنىڭ ئىزىنى نېمە ئۈچۈن مەلۇم مەزگىل يوقۇتۇپ قويدۇق؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۇستىدە ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر تەرىپىدىن «خەتەرلىك» دەپ قارا سۇركىلىپ، «قەدەرىيە» ئىسمى بىلەن يامان كۆرسىتىلگەن بىر چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان «رىسالە»نىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەيدانلاردا غالىبانە مېڭىشىنى خىيال قىلىش بىر ساددىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دېمىسىمۇ شۇنداق بولدى ۋە رىسالە ئەمەۋى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك بېسىملىرى

سەۋەبىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئاساسەن ھاكىمىيەتكە يېقىن كالامچى ئېقىمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسىگە زىت بولغان ئەسەرلەرنى يوق قىلىشتىكى ماھارىتى «قەدەر رىسالىسى» بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانىدى. مەسىلەن، ئىبن نەدىم «ئەلفىھرىست» ناملىق ئەسىرىدە مەشھۇر مۇخالىپ ۋە مۆتەزىلى ئىمام غەيلان بىن مۇسلىمغا ئائىت 2000 بەتلىك ئەسەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇلاردىن بىزگە بىرەر بەتمۇ يېتىپ كەلمىگەن. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئەسەرلىرى يوق قىلىۋېتىلگەن كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە قارىتا ھەرخىل تەنقىدلەر فىراق ۋە مىلەل - نىھەل (دىنلار ۋە مەزھەبلەر) كىتابلىرىدا كۆپلىگەن ئورۇندا تېپىلماقتا.

رىسالىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئىككى مۇسىبەتكە قارىماي، ھىجرى 3 - ئەسىردە ئىمالىق رەۋىشتە بولسىمۇ ئۇنىڭ بەزى ئىزلىرىنى ئۇچرىتىمىز. رىسالىنى ئىما يولى شىپى كەلتۈرگەن شەخس «فادلۇلئاراپ ئەلەلئەجەم (ئەرەبنىڭ غەيرى ئەرەبتىن ئۈستۈنلىكى)» ناملىق ئەسىرى بولغان ئەرەبچە يازغۇچىمىز ئىبنى قۇتەيبە ئەد دىنەۋەرىدۇر (213 - 276). «ئەل مائارىپ» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىبنى قۇتەيبە ھەسەن ئەلبەسرى ھەققىدە «تەقدىر توغرىسىدا بىر نەرسە دېگەن ئىدى (وكان تكلم في شيء من القدر)» دېگەن ۋە ئارقىدىن «كېيىن ئۇ پىكرىدىن ۋاز كەچكەن» دەپ قوشۇپ قويغان. ئىبنى جەرىر ئەتتابەرى (ت. 310) تارىخ ھەققىدىكى ئەسىرىدە «ھەسەن ئەلبەسرى قەدەرىيە چۈشەنچىسىنى قوللايتتى (كان يقول بقول القدرية)» دەيدۇ. بۇ دارىتمىلارنى ھىجرى 3 - ئەسىردىكى يازغۇچىلارنىڭ رىسالىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۈستى يېپىق دارىتمىلىرى دەپ قارىساق بولىدۇ.

بۇ ئۈستى يېپىق دارىتمىلار بىلەن رىسالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرمەسكە سالساقمۇ، كۆپ ئەگرى - توقاي

يولللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن رىسالىنىڭ مەزكۇر دەۋرلەردىكى كىتابلاردا قەيت قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى كۆرسىتىپ كەلگەن. رىسالىنى تۈنجى قېتىم ھىجرى 3 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا ۋە 4 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەبۇلقاسىم ئەلبەلخىي ئەلكائىبى (ۋاپات. 319)نىڭ «ماقالەتۇن ئىسلامىييىن» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرىتىمىز. بۇ ئەسەر قازى ئابدۇلجاببار (ۋاپات. 415)نىڭ «فادلۇل - ئىتىزال» ناملىق ئەسىرىنىڭ پايدىلىنىش مەنبەلىرىدىن بىرى ئىدى.

ھىجرى 4 - ئەسىر مۇئەللىپلىرىدىن ئىبىن نەدىم (385 / 995) مەشھۇر مونوگراپىسى «ئەلفىھرىست» تە رىسالىنىڭ ئىسمى ۋە جىسمى ھەققىدە توختالغان. لېكىن باشقا نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى تىلغا ئالغاندا، مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن «قەدەر رىسالىسى»نىڭ مەزمۇنى ھەققىدە توختالمىغان. رىسالە ھىجرى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قازى ئابدۇلجاببار نىڭ «فادلۇل - ئىتىزال» ناملىق ئەسىرىدە قىسقىچە ئىزاھلىنىپ ئۆتۈلگەن (فۇئاد سەيىد تەرىپىدىن «فادلۇل - ئىتىزال ۋە تەباقاتۇل مۇتەزىلە» ( تۇنىس، 1974) ئىسمى بىلەن 3 ئەسەر بىرلىكتە نەشىر قىلىنغان. بۇلار 1-ئەبۇلقاسىم ئەلبەلخىينىڭ «ماقالاتۇن ئىسلامىييىن / زىكرۇلمۇتەزىلە». 2- ئەلقازى ئابدۇلجاببار، «فادلۇل-ئىتىزال / تەباقاتۇل مۇتەزىلە». 3- ئەلھاكىم - ئەلجۇشەمىنىڭ 11 - تاباقاتىدىن كېيىنكى بىر زەيلى. زەيل - بىر يازغۇچىنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئەسىرى ھەققىدە يازغان ئەسىرى). ئادالەت ۋە تەۋھىد ئەھلى (مۇتەزىلە)نىڭ ئاخىرقى ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن بىرى بولغان قازى ئابدۇلجاببار رىسالىنىڭ ئەلبەسرىگە ئائىت ئىكەنلىكىدىن ھېچ ئىككىلەنمەيدۇ. ئۇ ئەسىرىدە رىسالە ئۈچۈن 4 ۋاراقلىق ئورۇن بەرگەن. دەسلەپكى قاراشتا ئۇزۇن بىر نەقىلدەك كۆرۈنىدىغان بۇ تېكىستنى ئىچكىرلەپ ئوقۇغاندا،

ئۇنىڭ رىسالىنىڭ شەرھىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئەسلى تېكىستتە دەلىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلمىگەن نۇرغۇن ئايەت بۇ تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان. نەقىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاراگرافىدا رىسالىدە دېيىلگەن سۆز باشلانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ پاراگراف رىسالىنىڭ ئانا ۋە قىسقارتىلغان نۇسخىلىرىدا ئورۇن ئالمىغان. رىسالىنىڭ كۈنىمىزدىن 1000يىل ئاۋۋال قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغانلىقى بۇ ئارقىلىق مۇقەررەرلەشكەن بولدى.

ئەلھاكىم مۇھسىن بىننى كارامە ئەلبەيھەقى ئەلجۇشەمى (431 - 494) «شەرھۇل - ئۇيۇن» ناملىق ئەسىرىدە رىسالىنىڭ بىر قىسقارتىلغان مەزمۇننى بايان قىلغان. ئېھتىمال جۇشەمى پايدىلانغان ئەسەرمۇ قازى ئابدۇلجاببارنىڭ ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن.

«ئەلمىلەل ۋەن نىھەل» نىڭ ئاپتورى شەھرىستانى (ۋاپات، 1076/548) «ۋە رائەيتۇ رىسالەتەن» دەپ رىسالىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بىراق «كۆردۈم» دېگەن رىسالىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىر نەرسە تىلغا ئالمىغان. ئۇ رىسالىنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ياشىغان دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغان. يىگانە ئېتىرازى رىسالىنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىگە ئائىت ئەمەس بەلكى «ۋاسىل بىن ئاتاغا ئائىت بولسا كېرەك (ۋەلا ئاللەھا لى ۋاسىل بىن ئاتا)» دەيدۇ، لېكىن بۇ ئېتىرازغا مۇۋاپىق بىر پاكىت ئوتتۇرىغا قويمىغان. سەۋەب سۈپىتىدە پەقەت شەھرىستانىمىزنىڭ «مەزھەپچىلىكتىن» باشقا بىر دەلىلى يوق. رىسالىنىڭ ئىشەنچىلىكلىكى ھەققىدىكى بۆلۈمدە بۇ تېما توغرىسىدا قايتا توختىلىمىز.

يەمەنلىك ئالىم ئىبنۇل مۇرتەزا (ۋاپات. 1437/840)نىڭ «ئەلمۇنىيە ۋەلئەمەل» ناملىق ئەسىرىدە رىسالىنىڭ تېكىستى ھەققىدە بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە توختالغان (ئەھمەد بىننى

يەھيا ئەلمۇتەزانىڭ كىتابۇلمۇنىيە ۋەلئەمەل فىشەرھى كىتابىل مىلەل ۋەننىھەل ئىسىملىك ئەسىرى توماس ئارنۇلد تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان، دائىرەتۇلمەئارىفىن نىزامىيە. ھايدار ئابات/دەككان 1903/1316). بىراق بۇ تېكىست ھازىر سۇلايمانىيە كۆپرۈلۈ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقىنى ھەسەن ئەلبەسىرىگە مەنسۇپ ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئاياسوفيادا ساقلىنىۋاتقان ئەمەۋى خادىمىنىڭ يازغان مەكتۇپىدا قىسقارتىلغان تېكىستىدۇر. «ئەلمۇنىيە»نىڭ ئاپتورى رىسالىنى يىغىنچاقلىغان ئەمەۋى خادىمىنىڭ ھەججاج ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان بولسا كېرەك، كىتابنىڭ بېشىدا رىسالىنى تۇنۇشتۇرۇپلا مۇنداق دەيدۇ : «ھەججاج ھەسەنگە مۇنداق دەپ يازدى: تەرىپىڭدىن بىزگە تەقدىر ھەققىدە بىر نەرسىلەر يېتىپ كەلدى، بىزگە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىڭنى يازغىن!». بۇنىڭغا بىنائەن ھەسەن ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر مەكتۇپ يازدى». بىز بۇ يەردە ئۇ مەكتۇپ توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىمىز (ئەلمۇنىيە. 112). «ئەلمۇنىيە»نىڭ 1903 - يىلى نەشىر قىلىنغان نۇسخىسى ئارقىلىق قىسمەن كەمچىل بولغان نۇسخىسىغا ئېرىشتۇق. بىراق ھازىر سۇلايمانىيە كۆپرۈلۈ كۇتۇپخانىسىدا يورۇقلۇققا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاپتور (ھەسەن ئەلبەسىرى) نىڭ قولىيازما ئەسىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاردىن يەنە 30 يىل ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

رىسالىنى ئىستانبۇل كۇتۇپخانىلىرىنىڭ توپا باسقان تەكچىلىرىدىن تېپىپ يورۇقلۇققا چىقىرىش شەرىپىنىڭ بۇ مەملىكەتتە يېتىشىپ چىققان بىر ئالىمغا نېسىپ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەپسۇسكى ئۇنداق بولمىدى. بۇ شەرەپ نېمىس شەرقشۇناس ھەلمۇت رىتتەرگە مەنسۇپ بولدى. رىتتەر رىسالە نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ چىققان ۋە 1933- يىلى گېرمانىيىدە «دەر ئىسلام» ژۇرنىلىدا رىسالىنى نەشىر قىلغان. رىتتەر يورۇقلۇققا چىقارغان ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ

قەدەر رىسالىسى لۇتفى دوغان ۋە ياشار قۇتلۇئاي تەرىپىدىن تۈرۈكچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى ژۇرنىلىدا نەشىر قىلىنغان (ئەنقەرە، 1954).

رىتتەرنىڭ بۇ چوڭ ئەمگىكىنى تەقدىرلىمەسلىك مېھنەت ۋە ئەمگەككە ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. لېكىن بىز تېخىمۇ مۇكەممەلرەك بىر تېكىستنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن شەرھىيلەشتە بىۋاستە كۆپرۈلۈ كۇتۇپخانىسىدىكى نۇسخىنى ئاساس قىلدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى رىتتەر ئېلان قىلغان نەشرى بەزى قۇسۇرلاردىن خالى بولالمىغان. رىتتەر كونىراپ كەتكەن، كونا ھەمدە بەزى ئورۇنلىرى تىل جەھەتتىن خاتا بولغان قوليازما نۇسخىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر سىڭدۇرگەن ۋە كۆپىنچە مەسىلىنى ھەل قىلغان. بىراق رىتتەرنىڭ تېكىستتىن كېلىپ چىققان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىغان ياكى خاتا كېتىپ قالغان تەرەپلىرىنىڭ بولۇشى نورمال بىر ئەھۋال. دېمىسىمۇ رىتتەردىن تېكىستتىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈتۈش ئەخمەقلىق بولىدۇ. مەن ئۈچۈنمۇ شۇنداق. رىتتەر نەشرىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئوقۇش نۇقتىسىدىن قوليازمىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر. مەسىلەن، بىرنىڭچە ئېھتىمال كۆچۈرۈپ يازغان كىشىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلى كېلىپ چىققان خاتا ئىملالار شۇ پېتى ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا مۇئەللىپ ياكى كۆچۈرۈپ يازغۇچىنىڭ سەۋەنلىكىدىن سادىر بولغان سۆزلەرنىڭ ۋە قوشۇمچىلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى تۈزىتىلمىگەن. بۇنىڭدا نەشىر قىلىنغاندا تېكىست مەزمۇنىدىن بەكرەك ئەسەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ۋە نەشىر قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مۇھىم رول ئوينىغان بولسا كېرەك.

2. نەشىر قىلغۇچىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇش خاتالىقلىرى. قىسمەن ئورۇنلاردا خاتا ئوقۇپ قېلىش، ئالقىشلاش كېرەك بولغان يەرلەردە ئالقىشلىماسلىقتەك مەسىلىلەر كۆرۈلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېكىست ئۆز ۋاقتىدا قىزىل رەڭ بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆچۈپ كەتكەن سۆزلەردىن بەزىلىرىنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويغان ۋە يوق دەپ ھېسابلانغان.

3. بىر - بىرىدىن ئايرىم بولغان ئىككى مەكتۇپنى بىر - بىرىنىڭ پەرقلىق نۇسخىسى دەپ قارىغان. رىتتەر ئايا سوفىيا نۇسخىسىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەنبەدىن ئېلىنغان ئىبنۇل مۇرتەزانىڭ «ئەلمۇنىيە» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىنى كۆپرۈلۈ نۇسخىسىنىڭ بىر خىل قىسقارتىلمىسى دەپ چۈشىنىپ قالغان ھەمدە ئىككى تېكىست ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغان. ھالبۇكى، بۇلار بىر كىتابنىڭ ئىككى خىل نەشرى ئەمەس. كۆپرۈلۈ نۇسخىسى بولسا ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «قەدەر رىسالىسى»، ئايا سوفىيا نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان «ئەلمۇنىيە»نىڭ قىسقىچە ئىزاھاتى بولسا ھەججاج تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان ۋە ئەلبەسرىنىڭ رىسالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رىسالىدۇر. ھەججاجنىڭ مەكتۇبىدا ئەلبەسرىنىڭ رىسالىسىدىن ئالتە پاراگراف نەقىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ تەخمىنەن رىسالىنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىز شەرھىنى يېزىشتا رىتتەر نەشىر قىلغان نۇسخىسىنى ئەمەس، قول يازما نۇسخىسىنى ئاساس قىلدۇق. شۇنداقتىمۇ رىتتەرنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ بىزگە كۆپ پايدىسى بولدى. ئۇنىڭ خاتا ئوقۇغان جايلىرى بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتتى. مەن بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى ئەخلاقى ۋەزىپە دەپ بىلىمەن. يەنە بىر ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىمىز بولسا بىز

تېكىستنى يەشكەندە بىلمەستىن خاتا كېتىپ قېلىش ئېهتىماللىقىمىزنىڭ بولۇپ قېلىشىنى باشتىلا ئېتىراپ قىلىش. ئەڭ چوڭ تەسەللىيىمىز ئەهلى هامىيەت ئىلىم ئىگىللىرىنىڭمۇ بىزدىن سادىر بولغۇسى مۇهتەمەلەن قۇسۇرلىرىمىزنى تۈزىتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز.

يۇقىرىدىكى ئىزاهاتلار ئاساسىدا تېكىست تەرجىمىسىنىڭ خېلى كۆپ جايلاردا ئوخشىماسلىقىقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئەسكەرتىپ قويۇشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز. قولىمىزدىكى دوغان - قۇتلۇئاي تەرجىمىسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر تېكىستتىن ئەمەس تەرجىمە قىلىشتا سادىر بولغان مەسىلىلەر بولۇپ، تەرجىمىدە نۇرغۇن خاتالىقلار ساقلانغان.

مەسىلەن، رىسالىنىڭ باشلىنىشىدىلا يەر ئالغان «فە ئىننى ئەهمەدۇ ئىلەيكەللاهۇ» ئىبارىسى «زاتىدىن باشقا ئىلاه بولمىغان تەڭرىگە هەمدۇ سانا ئېيتىمەن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. هالبۇكى بۇ جۈملە ئەرەبچىدە قېلىپلاشقان بىر ئىپادە بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «ساڭا ئاتا قىلغان لۇتفى (ئىنئامى) ئۈچۈن ئاللاه قا هەمدۇ سانا ئېيتىمەن» دېگەنلىكتۇر. يەنە مەسىلەن، تۆۋەندىكى پارچىگە قاراپ باقايلى:

لان ذلك بزعمهم ليس منهم ولا اليهم ولكنه شيء عمل بهم

ولكان الله قال فيما ذكر من جزائهم جزاءً بما[ لم يعمل ]بهم وجزاء بما

كتبت لهم ، ولما كان قال: "جزاءبما كانوا يعملون"

بۇ تېكىست مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان: «ئۇلار سادىر قىلغان بىر ئىش بولغانلىقتىن، ئاللاه بۇ هەقتە گەپ قىلغان ۋە جازالىرىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا پۈتۈلگەنلىكىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: "بۇلار قىلغانلىرىنىڭ

جازاسىدۇر" (سۈرە ۋاقىئە 24-ئايەت). بۇ تەرجىمىنىڭ تېكىست بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ئىپادىلەش ھاجەتسىز.

تەرجىمىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا تەرجىمە خاتالىقلىرىمۇ بار. بۇلارنى كۆپتۈرۈش توغرا بولمىغاندەك كۆرمەسكە سېلىشمۇ ئىلمىي ئىش ئەمەس. ئىككى تەرجىمىنى بىر بىرى بىلەن سېلىشتۇرالايدىغان ئۇستىلار بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بايقىيالايدۇ.

تەرجىمانلار كۈچىنىڭ يەتكىنىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. 57 يىللىق بۇ تەرجىمىدىن كېيىن يەنە باشقا بىر تەرجىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقى ئەسلىدە ئەيىپلىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىر ئىش. بۇنى قويۇپ تۇرايلى، بۇ ئەمگەك ئۈچۈن دۇنيادا پەقەت بىزنىڭلا قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسىدىن يېڭى بىر تەرجىمە روياپقا چىقمىدى. ھېچ بولمىسا رىتتەرنىڭ نەشىر قىلدۇرغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ بولاتتىغۇ؟ ئۇمۇ ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقتىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان دوغان - قۇتلۇئاي تەرجىمىسى ئۇيەر بۇيەردە «چىكىتىمۇ ئۆزگەرتىلمەستىن» نەقىل قىلىنىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى ئايەتلەرنىڭ نومۇرىدا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى بولسىمۇ تۈزىتىپ قويۇش ئەقىلگە كەلمەيۋاتىدۇ.

كۆپرۈلۈ نۇسخىسىنىڭ يېڭى بىر نەشرى ئۈچۈن تا بۈگۈنگىچە بىرەر خىزمەتنىڭ ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنىڭ ئىزاھاتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە رىتتەر نەشرىگە ئاساسلىنىپ ئىشلەنگەن دوغان - قۇتلۇئاي تەرجىمىسىنىڭ چېكىت پەشلىرىگىمۇ تەگمەي نۇرغۇن قېتىم نەشىر قىلىنىشىنى تېخىمۇ ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ.

# كۆپرۈلۈ نۇسخىسى (a)

ئەسەرنىڭ دۇنيادا تونۇلغان بىردىنبىر نۇسخىسى رىسالەتۇل قەدەر (قەدەر رىسالىسى) نامى بىلەن ئىستانبۇلدىكى سۇلەيمانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ نۇسخا ئىپلىنغان ۋاقتى 8-ئەسىر دەپ تەخمىن قىلىنماقتا. رىسالە كۆپرۈلۈ (فازىل ئەھمەت پاشا) كولېكسىيونىدا 297.4 نۇمۇر ۋە 039-0001589 رەقەم بىلەن ئەنگە ئىپلىنغان. رىسالە ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن رىساللەر مەجمۇئەسىنىڭ 40-ئەسىرى {10}. مەجمۇئەدە رىسالەتۇقەدەر بەتنىڭ كانارلىرىدىكى ئەسلى سانكىرىتچە 428-431- بەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورۇن ئالغان. بۇ بەتلەر كېيىنچە بەتلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن يېڭى نومۇرلار بىلەن نومۇر سېلىنغان. (434-436) كاتولوگىدا رىسالەتۇل قەدەرنىڭ ئالدىدىلا ئورۇن ئالغان 39-نۇمۇرلۇق ئەسەر ئەبۇلفەرەج بىننى سائىد بىننى ئەبۇلفەرەجنىڭ «ئۇيىنۇلئەدىللە ۋە ئىداھۇلمىللە» ناملىق ئەسىرىدۇر. رىسالىدىن كېيىنلا ئورۇن ئالغان ئەسەر بولسا كامالۇددىن ئەلكاشانىنىڭ دىۋانىدۇر. رىسالە يېزىلغان 6 بەتنىڭ ھەممىسىنىڭ كانارلىرىدا شېئىرلار ئورۇن ئالغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاللاھۇئەئلەم، سۇخرەۋەردىنىڭ «مۇسۇلئۇشتاق» ناملىق ئەسىرىدىن بېيتلەر، بىر بۆلىكى بولسا تالانما رۇبائىلاردىن تەركىپ تاپقان. رىسالىنىڭ تامامى قولىيازما ئەرەبچە/تالىق يېزىقى بىلەن يېزىلغان. قوشما تاۋىقى 3 ۋاراق، ھىجرى 8 - ئەسىردە نامەلۇم بىر مەنبەدىن كۆچۈرۈپ ئىپلىنغان. بۇ تېكىستنىڭ كۇچۈرۈلگەن تارىخى ئاياسوفىيادىكى ھەججاج رىسالىسىدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر ئەۋۋەلقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. رەسىمدە كۆرۈلگىنىدەك بۇ نۇسخا بەك كونىراپ كەتكەچكە بەزى جايلىرى قىيىن ئوقۇلىدىغان بىر تېكىستتۇر. باشلىنىش ۋە شۇنداقلا ئاخىرلىشىش بۆلۈملىرى بىلەن مۇكەممەل بىر ئەسەردۇر.

بوگۈنگە قەدەر بۇ نۇسخىغا قارىتا ئېيتىلغان ۋە يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ھ .رىتتەرنىڭ نەشرىگە قارىتا يېزىلغانلاردۇر.

*{10} مەجمۇئەدىكى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىگىگە قارالسۇن؛ مۇندەرىجە مەختۇتاتى مەكتەبەتى كۆپرۈلۈ، تۈزگۈچى: د ر.ر شەشەن .ج، ئىزگى-ج. ئاقپىنار2، ئىستانبۇل 1986/1406*

*ھەلمۇت رىتتەرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە تۈزىتىلىشكە تېگىشلىك ئەسىرىنىڭ نەشرى(1933)دىن باشقا، بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئەسلى نۇسخا باشقا بىر ئەسەردە تېما قىلىنمىغان.*

## ئايا سوفيا نۇسخىسى (b)




قەدەر رىسالىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەججاج تەرىپىدىن ئابدۇلمەلىككە يېزىلغان مەكتۇپ، ئاياسوفيا (3998)

قەدەر رىسالىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەججاجنىڭ ئابدۇلمەلىككە يازغان مەكتۇبى ئاياسوفيا

(3998) رىسالىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئۇچىنجى بىر شەخس قىسقارتىپ كۆچۈرگەن بۇ ئىككىنجى نۇسخا ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا 3998 -نۇمۇرلۇق كولىكسئۇندا ئەنگە ئېلىنغان. نۇسخىنىڭ تاش ۋارىقىدا مۇنداق بىر ۋەخپە خېتى بار: بۇ قىممەتلىك نۇسخىنى ئۇلۇغ پادىشاھىمىز، بۈيۈك خاقان، تۇپراق ۋە دېڭىزلارنىڭ ھاكىمى، ئىككى ھەرەمنىڭ خىزمەتكارى سۇلتان بىننى سۇلتان ئەبىسسۇلتانغازى ماھمۇدخان سەھىھ ۋە شەرئى بىر ۋەخفىيە بىلەن ۋەخفە قىلغاندۇر.

بۇ نۇسخىنى ھەرەمەينى شەرەفەيىن (ئىككى ھەرەم)نىڭ مۇپەتتىشى ئەھمەد شەيخزادە قەلەمگە ئالغان. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز مەغفىرىتىگە ئالسۇن.

كۆچۈرۈپ ئالغۇچىنىڭ قەيت قىلىشىغا قارىغاندا نۇسخىنى شەمسىددىن ئەلقۇدسى ھىجرىيە 1477/882 -يىلى نۇسخىلىغان بولۇپ جەمئى 13 ۋاراقتىن ئىبارەت. قەدەر رىسالىسىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىراق باشقا بىر قەلەمدىن چىققان بۇ ئىككىنجى رىسالە رەسىمدە كۆرگىنىمىزدەك مۇستەسنىخ تەرىپىدىن بىر قۇرئان خېتى شەكلىدە ئۇنچە -مەرۋايىتتەك ئوچۇق تىزىلغان ھەمدە زىر-زىۋەرلىرىمۇ قويۇلغان ئىدى. ئانا نۇسخىغا ئوخشاش كونىراپمۇ كەتمىگەن ۋە يىرتىلمىغان. ئوقۇشقىمۇ ناھايىتى قولايلىق بىر نۇسخا {11} ئىدى.

رىسالىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىبنۇلمۇتەزانىڭ «ئەلمۇنيە»سى ۋە مۇھەممەد ئۇمارانىڭ «رەسائىلۇلئەدل ۋەتتەۋھىد» قاتارلىق ئەتراپلىق بارلىق مەتىنلىرى ئاپتورنىڭ نۇسخىسى ئەمەس بەلكى ئۇنى يىغىنچاقلىغان 3 - شەخس (ھەججاج)نىڭ بۇ مەكتۇبىدىن ئېلىنغان. {12}

*{11} ئايا سوفىيا نۇسخىسىنىڭ يېقىنقى زاماندا رويابقا چىققان بىر نەشرى ئۇچۇن «م.قۇبات . دىن بىلىملىرى ئاكادېمىك تەتقىقات ژورنىلى8(2008).1 -سان»*

*{12} مۇھەممەد، ئۇمارا، رەسائىلۇلئەدل ۋەتتەۋھىد1.2(81-93 بەت) دارۇلھادل، قاھىرە 1971.*

# قەدەر رىسالىسى ئىككى نۇسخىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

ئاپتور ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئەسىرى بولغان «قەدەر رىسالىسى»نىڭ دۇنيادا مەلۇم بولغان بىردىنبىر نۇسخىسى بولغان كۆپرۈلۈ نۇسخىسىنى (a)، ئۇنىڭ بىر قىسقىچە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇچىنچى بىر شەخس تەرىپىدىن خەلىپە ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتكەن مەكتۇبى بولغان ئاياسوفيا نۇسخىسىنى (b) ئىسمى بىلەن قىسقارتىپ ئاتايمىز.

ئالدى بىلەن (a) ۋە (b) نۇسخا توغرىسىدا ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىككى ھەقىقەت بار:

1. (a) ۋە (b) نۇسخا بىر بىرىدىن ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە.

2. (a) ۋە (b) ھەرگىزمۇ بىر بىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بولماستىن ئەكسىچە پەرقلىق ئىككى كىشىنىڭ قولىدىن چىققان ئىككى ئايرىم مەكتۇپتۇر.

ھېلمۇت رىتتەرنىڭ قىلغان ئەجىرى ئالقىشلىنىشقا تېگىشلىك. لېكىن ئۇ بىرىنچى ھەقىقەتنى كۆرەلىگەن بولسىمۇ ئىككىنجى نۇقتىنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك. بۇ سەۋەبتىن (b) نى (a) نىڭ كۆپەيتىلگەن بىر نۇسخىسى دەپ قارىغان. بۇ قىسمەن جەھەتتىن توغرا. چۈنكى (b) نى ئاخىرىغا قىستۇرغان بىر قوشۇمچە ئىزاھات مەكتۇبى بىلەن ئەمىرى ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋانغا يوللىغان ئۈچىنچى شەخس ئەسلى نۇسخا بولغان (a) دىن نەقىل ئالغان. بىراق بۇ ھەقىقەت (b) نىڭ (a) نىڭ كۆپەيتىلگەن بىر نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى (b) نىڭ مۇئەللىپى

ئىلگىرى ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتكەن مەكتۇبى بولغان (b) دا (a) نى ئېنىق ھالدا تىلغا ئالغان. بۇ سەۋەبتىن (b) نۇسخا (a) دىن ئۆزگىچە بىر مەكتۇپ بولۇپلا قالماستىن (a) نىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك بىر دەلىلدۇر.

يەنە بىر نۇقتا، بۇ ئىككى نۇسخا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. (a) دا تېكىست ئەسلىدىكى ھالىتى بىلەن باشلانماقتا:

« سەلامۇن ئەلەيكە يا ئەمىرەلمۇئمىنىن (ساڭا سالاملار بولسۇن ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى)!» شەكلىدە باشلانغان ۋە يەنە ئەسلى مۇۋاپىق شەكىلدە ئاخىرلاشقان. يەنى باش ۋە ئاخىرى بولغان بىر پۈتۈن ئەسەردۇر. مەسىلەن، «ۋە ھازا جەۋابۇ ما سەئەلتەنى ئەنھۇ قەد بەيىيەنتۇھۇ ۋە ئەۋزەھتۇ (مانا بۇ مەندىن سورىغان سوئاللارنىڭ جاۋابىدۇر، ئۇلارغا جاۋاب بەردىم ۋە ئىزاھلىدىم)». بىراق (b) دىكى كىرىش قىسمى بۇنداق ئەمەس، ئاخىرلاشتۇرۇش بۆلۇمىمۇ يوق. (b) دا بۇنىڭ ئورنىغا مۇئەللىپنىڭ مۇقەددىمە قۇرلىرى يەر ئالىدۇ.

2. (a) دا ئاپتور ھەسەن ئەلبەسرى مۇھاتابى خەلىپە ئابدۇلمەلىككە ئۇدۇللا بىرىنچى شەخس ئالمىشى بىلەن خىتاپ قىلىدۇ: ئەھدەسىنا (تۇنجى بولۇپ بىز سۆز باشلىدۇق)، كەلامى ۋە كىتابى (سۆزۈم ۋە مەكتۇبۇم)، بەيىيەنتۇھۇ ۋە ئەۋزەھتۇھۇ (بايان قىلدىم ۋە ئىزاھلىدىم). بىراق (b)دا نەقىللەردىن باشقا جايلاردا بۇ ئۇرغۇ ئەسلى تېكىستتىكىدەك زىچ ئىشلىتىلمىگەن.

3. (a) نىڭ ھەجمى (b) نىڭ تەخمىنەن تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ (b) دا بولغان بولسىمۇ (a) دا يەر ئالمىغان بىر بۆلۈم مەۋجۇت. بىراق (b) دا ئورۇن ئالغان بولسىمۇ (a) دا يەر ئالمىغان بۇ ئارتۇق بۆلۈم (a) دا مەۋجۇت، ئەمما (b) دا ئورۇن ئالمىغان بۆلۈملەرگە سېلىشتۇرغاندا يوق ھېسابىتا.

4. (a) نىڭ ئاخىرىدا ئورۇن ئالغان رىسالىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى (b) دا ھېچ تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ بۆلۈمدە ئەلبەسىرى بىۋاستە قەدەرچى / جەبىرچىلەرنى قامچىلايدۇ ۋە «قارا قوساقلار» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە بۇ گۇرۇھنى ئايەتلەر بىلەن ئوق يامغۇرغا تۇتىدۇ. (b) دا بۇلارنىڭ ئورنىغا ئەمەۋى دۆلەت ئەربابىنىڭ «رىسالە»نى خەلىپىگە تەقدىم قىلىش جۈملىلىرى يەر ئالغان.

5. (a) نى (b) دىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۈچىنچى شەخسكە ئائىت بولغان تۆۋەندىكى قۇرلار (a) دا يەر ئالمىغان:

«ئۇ (ھەسەن) مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە ئىنسانلار تەقدىرنى ئىنكار قىلغان بىر مەزگىلدە بۇ مەسىلىگە دائىر گەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى: " بىدئەت پەيدا قىلغۇچىلار دىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تالاش تارتىش قىلغان ۋاقىتلىرىدا مەن ئۇلار ئويدۇرۇپ چىقارغان كۆز قاراشقا قارشى ئاللاھ نىڭ كىتابىنى ئەسلەتتىم". ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئىنكار قىلمىغان، ئەكسىچە قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە تەستىق قىلغان، مەلۇم بولغان دەلىللەرنىمۇ تىلغا ئالدى. ھەسەننىڭ رىسالىسىدە ئاللاھ نىڭ كىتابىدىن قالسىلا بۇ مەسىلىگە دائىر شىپالىق دەلىللەر مەۋجۇتتۇر. «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوقۇپ باقسۇن ۋە ئۇستىدە مۇلاھىزە قىلسۇن دەپ ھەسەن بەسرىنىڭ رىسالىسىدىن بىر نۇسخا سىزگە ئەۋەتىلدى. ئاللاھ تائالا ھىدايىتىڭىزگە ھىدايەت، ئىلمىڭىزغا ئىلىم قاتقاي. رىسالىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئويلىنىڭ، ئۆزىڭىز ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى نېمىنى تەقەززا قىلسا ئۇنى ئۆز ئىدراكىڭىز ۋە ئەقلىڭىز بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ شۇ ئاساستا ئىش كۆرگەيسىز. رىسالىگە قارىتا شۈبھىدە بولمىغايسىز. چۈنكى بۇ رىسالە ئاللاھ نىڭ ئادالىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ۋە ئەقىل يۇرگۈزىدىغان بىرى ئۈچۈن روشەن نەسىھەتتۇر».

شۇنى ياخشى بىلىڭكى، رەسۇلۇللاھنىڭ (سالاتۇ سالام ئۇنىڭغا بولسۇن) ساھابىسى بولغان ئىلگىرىكى نەسىللەر ئىچىدىكى ئالىملاردىن ئىلىم ئالغانلار ئارىسىدا ھەسەندىنمۇ بەكرەك ئاللاھ نى ياخشى بىلىدىغان، ئاللاھ نىڭ دىنىدا چوڭقۇر مەلۇماتى بولغان، ئاللاھ نىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان باشقا كىشى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىسلامنى ئۆزلەشتۇرگەن، دىندا ئىشەنچلىك، ئەمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساۋابىنى ئاللاھ تەئالادىن ئۈمىد قىلغان رەۋىشتە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغايسىز».
ئەلبەسىرىنىڭ رىسالىسىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە تەقدىم قىلغان بۇ قۇرلاردىن ئوچۇق ھالدا رىسالە مۇئەللىپىنىڭ بېشىغا بىرەر خاپىلىق يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەجھۇل ئۈچىنچى شەخسنىڭ بۇ قۇرلار بىلەن خەلىپىگە يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(a) دا ئورۇن ئالمىغان بۇ قوشۇمچە ئىككى نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

1). (b) نۇسخىسى رىسالىنىڭ ئەسلى بولغان (a) نىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا.

2). (b) نۇسخىسى ئەسلى بولغان (a) نۇسخىسىنى ئابدۇلمەلىككە تەقدىم قىلغان ئۈچىنچى شەخسنىڭ قولىدىن چىققان.

6. (b) دا (a) نىڭ تۆتتىن بىر قىسمى كۆچۈرۈپ ئېلىنغان. رىسالىنى خەلىپىگە تەقدىم قىلغان ئۈچىنچى شەخس (b) نىڭ يازغۇچىسىدۇر. ئۇ مەكتۇبىدا (a) دىن ئالتە بۆلۈمنى ئۈزۈندە قىلىپ ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە (b) دا ئورۇن ئالغان ئۈزۈندىلەرنىڭ تەرتىپى (a) دىكىدىن پەرقلىق. مەسىلەن، (a)دا كىرىش قىسمىدا يەر ئالغان بۆلۈم (b) دا ئاخىرىدا ئورۇن ئالغان. ئېلىنغان بۇ ئۈزۈندىلەردە رىسالە مۇئەللىپى ھەسەن ئەلبەسرى

ئۇچۇن ئەندىشە قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياقىسىنى ئابدۇلمەلىكتىن قۇتقۇزۇشقا يەك ئىچىدە ياردەم قىلماقتا. ئەمەۋى دۆلەت ئەربابىنىڭ رىسالىسىنىڭ يەنى (b) نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان ھەسەن ئەلبەسرىنى ئاقلايدىغان ۋە مۇرەسسەلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى جۈملىلەر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.

7. (b) نىڭ ئاخىرىدا ئورۇن ئالغان ئاقلاش خاراكتېردىكى جۈملىلەردە (a) نىڭ بىر كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنىڭ (b) نى يازغان ئۇچىنچى شەخس تەرىپىدىن ئىلگىرى خەلىپىگە ئەۋەتىلگەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان (ۋەقەد بۇئىسە ئەلەيكە يا ئەمىرەلمۇئمىنىن نۇسخاتۇ كىتابىل ھەسەن - ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى! ھەسەننىڭ مەكتۇبىنىڭ بىر نۇسخىسى ئىلگىرى سىزگە ئەۋەتىلگەندى). يەنە بىر مەسىلە، ھەججاجنىڭ خەلىپىگە ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئەسلى مەكتۇبىنى ئەۋەتمەستىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن بەزى ئۇزۇندىلەر ئېلىپ يېزىلغان ئۆزىنىڭ مەكتۇبىنى ئەۋەتىش بىلەن كۇپايىلەنگەنلىكى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. لېكىن يۇقىرىقى جۈملە ئابدۇلمەلىككە يېتىپ بارغان رىسالىنىڭ بىر ئەمەس ئىككى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىرسى باشتا ئەۋەتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ئەلبەسرىنىڭ رىسالىسى، يەنە بىرسى ھەججاجنىڭ مەكتۇبى.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، كۆپرۈلۈدىكى رىسالە (a) ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «قەدەر رىسالىسى»نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدۇر. ئاياسوفيادىكى رىسالە (b) (a) نىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمەۋى دۆلەت ئەربابىنىڭ خەلىپىگە يازغان رىسالىسىدۇر.

سوئال: ئابدۇلمەلىكتىن ئىبارەت دېكتاتور بىر ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىدا شۇنچە يۈز خاتىرىسى بار ئەمەۋى دۆلەت

ئەربابى يەنى (b) نۇسخىنى قەلەمگە ئالغان ئۇچىنچى شەخس كىم؟

جاۋاب: بارلىق مەلۇماتلار بۇ سوئالغا پەقەت بىرلا جاۋابنى يەنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئىراق ئومۇمىي ۋالىسى ھەججاج بىننى يۇسۇف ئەسسەقافىنى ئىشارەت قىلماقتا. ئىبنۇل مۇرتەزامۇ بۇ قاراشتا بولغان بولسا كېرەككى، « ئەلمۇنيە » ناملىق ئەسىرىدە ھېچ ئىككىلەنمەستىن بۇ مەكتۇپنىڭ مۇئەللىپىنىڭ ھەججاج ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. يەنى، «ئىننەل ھەججاجە كەتەبە ئىلەل ھەسەنى - ھەججاج ھەسەنگە يازدى».

ئەگەر ئەھۋال بۇنداق بولسا، بۇنىڭغا ئاساسەن رىسالىنىڭ يېزىلغان يىلىنى تەخمىن قىلىپ بىكىتەلەيمىز. رىسالە ھىجرى 70 - 80 - يىللىرى ئارىسىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھەججاج 75 - يىلى ئىراققا ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ ۋالى بولغاندا ھەسەن ئەلبەسرى 55 ياشتا بولۇپ، بەسرەنىڭ ئەڭ كۆچلۈك خاتىبى ئىدى. شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقىغان، تونۇلغان مەزگىلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلىم نوپۇزىنىڭ تەسىر دائىرىسى پەقەتلا كوچىدىكى كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۆز دەۋرىنىڭ بارلىق ئالىم ۋە يېتەكچىللىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى. بۇنى ئىبنى ئەشئەس قوزغىلىڭغا قاتناشقان ئالىملار ۋە مويسىپىتلارنىڭ قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ھەسەن ئەلبەسرىگە باغلىق دەپ قاراپ، قوزغىلاڭ باشلامچىلىرىدىن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قوزغىلاڭغا قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن بىلىۋالالايمىز.

ھەججاج زالىم بولۇش بىلەن بىرگە قاقۋاش بولۇپ كەتكەن قۇۋ سىياسەتچى ئىدى. ئۇنىڭ ئىراققا ۋالى بولغان دەسلەپكى يىللىرىدا، ئەلبەسرىنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئەلبەسرىنىڭ ئۇنىڭ

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى مەزگىلدە ئوخشاش شەكىلدە داۋام قىلمىغانلىقىنى سىياسىي ئىپادىلىرىدىكى پەرقلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. ھەتتا مەسئۇدى ۋە ئىبنى ھاللىقانغا ئاساسلانغان ھالدا دەسلەپتە بۇ ئىككى زات ئوتتۇرىسىدا بىر دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتالايمىز.

بۇ مۇناسىۋەت بەلكىم مابەدنىڭ 80 - يىلىدىكى قەتلى قىلىنىشىدىن كېيىن بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بارلىق رىۋايەتلەر بىر يەرگە جەم قىلىنغاندا بۇ نەتىجە چىقىدۇ. ئەگەر بۇ مۇلاھىزىمىز توغرا بولسا بۇ يىپ ئۇچى بىزگە رىسالىنىڭ تەخمىنەن ھىجرى 75 - 80 - يىللىرى ئارىسىدا قەلەمگە ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ھەججاج ۋەلى نىمىتى ئابدۇلمەلىككە يازغان مەكتۇبىنىڭ ئاخىرىدا ئەلبەسرىگە كېپىل بولالىغۇدەك دەرىجىدە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. كىم بىلىدۇ، بەلكى بۇ ئۇسلۇب بىلەن ئەلبەسرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ۋە ئۆزىگە بېقىندى قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ ئىمام ئەلبەسرىنى ئۆزىگە بېقىندى قىلالمىغانلىقى ئايان.

# §2. قەدەر رىسالىسىنىڭ قىممىتى

## رىسالىنىڭ ئىسلام ۋەسىقە ئەسەرلەر تارىخىدىكى ئۆزگىچە ئورنى

پەرزىمىزچە قەدەر رىسالىسى ھەججاجنىڭ ئىراق ۋالىيلىقىنىڭ تۈنجى يىللىرىغا توغرا كېلىدىغان ھىجرى 1 - ئەسىرنىڭ تۆتىنجى چارىكىنىڭ بېشىدا (ھىجرى 75 - 80 - يىللىرى) يېزىلغان. قۇرئاندىن قالسا كۆنىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ۋەسىقىلەردىن بىرى. بەلكى بىرىنچىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋەجىدىن قەدەر رىسالىسى ئىسلام ئىلىم ۋە تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى تېكىستلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ۋەسىقە قولىيازما ئەسەرلەر تارىخىدىن سۆز ئېچىلىدىغان بولسا بۇ تارىخنىڭ باشلانغۇچىسىنى ھېچ مۇنازىرىسىز ھالدا قۇرئان تەشكىل قىلىدۇ. قۇرئان ۋەھىيسى ئەۋەتىلگەن جەمئىيەت ئۇممى (ساۋاتسىز) بىر خەلق ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئىدى. قۇرئان چۈشۈشكە باشلىغان تۇنجى ئايەتلەردە مۇھاتابىغا ئېغىز ئەدەبىيات مەدەنىيىتىدىن يېزىق ئەدەبىيات مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشنىڭ سىگنالىنى بەرگەن: «ئۇ (ئاللاھ) قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتتى» (ئەلەق، 4 - ئايەت).

بۇ سىگنال ۋە ئىشارەتنى تۇنجى بولۇپ ئالغان ۋە ئەمەللەشتۈرگەن كىشى ۋەھىينىڭ تۇنجى مۇھاتابى بولغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىدى. قۇرئاننى ۋەھىي كاتىپلىرىغا يازدۇردى. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا يازدۇرغان ئايەتلەردىن تەركىپ تاپقان پۈتۈكلەر كارۋىتىنىڭ بېشىدا ئىدى. ئۇ دەۋردە

خەت يېزىشنى بىلىدىغان 15 ئەتراپىدا ساھابىنىڭ ئۆزى تۇپلىۋالغان مۇسھابى بار ئىدى.

ۋەھىي ئۇزۇلگەنگە قەدەر ھەم پەيغەمبىرىمىز ھەم ساھابىلەرنىڭ قۇرئاندىن باشقا پۈتۈك قالدۇرماسلىق پرىنسىپى داۋام قىلدى. ئۇلار قۇرئاندىن باشقا يېزىلغان ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ قۇرئان بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ باقىي ئالەمگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇنجى پۈتۈك ئەسەرنىڭ (سەھىفەتۇل ئالى / كىتاب / جامى) ھەزرىتى ئەلىگە ئائىت ئىكەنلىكى ھەدىس ۋە سىيەر مەنبەلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولماقتا. 70 گەز ئۇزۇنلۇقتا (تەخمىنەن 32 مېتىر) بولاق ھالىتىدىكى بۇ ۋەسىقە ھەزرىتى ئەلى سورىغان مەھكىمە ئىشلىرىغا ئالاقىدار مەھكىمە ئارخىپلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ پۈتۈكنى كۈنىمىزدىكى كىتاب شەكلى بىلەن مۇلاھىزە قىلساق تەخمىنەن 200 بەتلىك بىر كىتابقا توغرا كېلىدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلىپىلەرنىڭمۇ قازىلىقىنى قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ئىبنى ئەبى مۇلەيكە ئېيتىدۇكى: «ئىبنى ئابباس ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەھكىمە قارارلىرىدىن تەركىب تاپقان پۈتۈكنى ئەكەلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى بەزى مەزمۇنلارنى يېزىشقا باشلىدى. بەزى ۋاقىتلاردا توختاپ، "ۋەللاھى! ئۇ بۇنداق قارار چىقارمىغان" دېيىش ئارقىلىق ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە "ياق! ئەگەر مۇشۇنداق قارار بەرگەن بولسا خاتالىشىپتۇ "» دەيتتى (مۇسلىم). ئەپسۇسكى، بۇ پۈتۈك بىر پۈتۈن ھالدا كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلمىدى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ «نەھجۇل بەلاغە» ناملىق ئەسەردە ئورۇن ئالغان مەكتۇپ ۋە ئەھدىنامىلىرىدىن بىر قىسمى شۈبھىسىز ئىسلام پۈتۈك تارىخىنىڭ بىزگە قەدەر ئۇلاشقان تۇنجى ۋەسىقىلىرى ئارىسىدا يەر ئالىدۇ. مەسىلەن، مىسىر ۋالىسى

مالىك ئەلئەشتەرگە يازغان كىتاب ھەجىمىدىكى «ئەھدىنامە» بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئىسلامدىكى تۇنجى پۈتۈك ساھابىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ئەبۇ رافىگە (ۋاپات، 40) ئائىتتۇر. ئۇ تەخمىنەن ھىجرى 35 - يىلى «ئەسسۇنەن ۋەلئەھكام ۋەلقازىيا» ناملىق بىر كىتاب يازغان. ئۇنىڭغا مەنسۇپ دەپ قارالغان باشقا ئەسەرلەر بولسىمۇ، مەلۇم بولىشىچە ئۇلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجرائات، سوت ۋە ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەسەر زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەن.

نافى بىننى ئەزراقىنىڭ ( ۋاپات، 65 ) ئىبنى ئاببىاس (ۋاپات، 68)تىن قۇرئان تەپسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سورىغان تەخمىنەن 200 گە يېقىن سوئال ۋە بۇلارغا بېرىلگەن جاۋابلار ئىسلام تارىخىدا كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى ۋەسىقە بولۇپ ھېسابلىنامدۇ؟ (ئائىشە ئابدۇراھمان(بىنتۇششاتى)، «ئەلئىجازۇل بەيانى لىلقۇرئان ۋە مەسائىلۇل ئىبنۇل -ئەزراق / دىراسەتۇن قۇرئانىيەتۇن لوغەۋىيەتۇن ۋە بەيانىييەتۇن، دارۇلمەئارىف 1971/1391- قاھىرە). ھەئە شۇنداق، بۇ سوئال ۋە جاۋابلارنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى توغرا. ئەمما بۇنى «ۋەسىقە» دەپ قوبۇل قىلىش توغرىمۇ؟ بۇ مۇنازىرە قىلىشقا تېگىشلىك. بۇ سوئال جاۋابلار دەسلەپ ئاغزاكى ھالدا يۆتكىلىپ، كېيىنچە يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى.

ئۇرۋە بىننى زۇبەيىر (ۋاپات،94)نىڭ ئائىشە رەزىياللاھۇ ئەنھادىن ئاڭلىغان رىۋايەتلەرنى يېزىۋالغان تۆت پارچە كىتابى بارلىقى، بىراق ئاللاھ نىڭ كىتابىدىن باشقا يەنە بىر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن قورقۇپ ئۇلارنى كۆيدۇرۇۋەتكەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ. ئىبنى ھىشام مۇنداق بىر مەلۇماتنى يەتكۈزىدۇ: «ئۇنىڭ بىر نەچچە كىتابى بار ئىدى، بىراق ئۇلارنى

هـاررە ۋەقەسـى (ھـجـرى 683 / 63) يـۈز بەرگەنـدە كۆيـدۈرۈپ تاشلىدى». كېيىنچە پۇشايمان قىلدى ۋە «ۋەللاھى، ئۇلار ماڭا ئائىلەم ۋە بىساتىمدەكلا سۆيۈملۈك ئىدى» دەپ ربيازەت چەككەن. دېمەك، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جىيەنى ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك تالىپى ئۇرۋەنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

ئەرەب تارىخىغا ئائىت يېزىلغان تۇنجى كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇبەيدە بىننى شەررىيە ئەلجۇرھۇمى (67 / 687)نىڭ «كىتابۇلمۇلۇك ۋە ئاھبارۇلمادىن (پادىشاھلارنىڭ كىتابى ۋە كونىلارنىڭ خەۋەرلىرى)» ناملىق ئەسىرىمۇ بۇ دەۋردە يېزىلغان. بۇ ئەسەرنى ئىسلام ئىلىم ۋە تەپەككۇر تارىخ كاتىگورىيىسىگە كىرگۈزۈش قىيىن (بۇ ئەسەر ئاھبارۇ ئۇبەيد نامى بىلەن ۋەھىب بىننى مۇنەببىھنىڭ «ئەتتىجان فى مۇلۇكىل ھىمىيەر» ناملىق ئەسەرنىڭ زەيلى سۈپىتىدە ھەيدەرئاباد / دەققاندا (ھ.) نەشىر قىلىنغان). چۈنكى بۇ ئەسەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى يەمەن پادىشاھلىقلىرى ۋە قاھىتانى ئەرەبلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن تەركىپ تاپقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەدى دەۋەتتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ياشىغان شۇنداقلا ئىلمى پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇلغان مۇھتەدى (ئىسلامغا كىرگەن) خىرىستىيان دىن ئالىمى ۋەھبى بىننى مۇتەببەھ ( ۋاپات، 110) نىڭ «كىتابۇت تىجان» ناملىق ئەسىرى شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بىر ئەسەرلەردىن بىرى (بۇ ئەسەرنىڭ نەشىرى ئۇچۇن يۇقىرىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ). بۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى دەۋردە ياشىغان مۇئەللىپلەر قەلەمگە ئالغان بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئىسلام ۋەسىقىلەر تارىخىنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلىساقمۇ ھېسابلىمىساقمۇ بولىدۇ.

ئىسلام ۋەسىقىلەر تارىخىنىڭ قەدەر رىسالىسى يېزىلغان ھجرىيە 75 - 80 يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە بىزگە مەلۇم بولغان يازما ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئەھۋال بۇنىڭدىن ئىبارەت.

مانا بۇ ئەھۋال ئاستىدا، قەدەر رىسالىسىنىڭ ئۆزگىچە ئورنى نامايەن بولىدۇ. بۇ ئەسەر ئىسلام ۋەسىقىلەر تارىخىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن دەسلەپكى ئۈچ تېكىستىنىڭ بىرى دېگەن ئۇنۋانىنى ئېلىشقا لايىق.

ئىسلام ۋەسىقىلەر تارىخىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى يازما ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرسى يەنە ئەلبەسرىگە ئائىت «فەدائىلۇ مەككە» بولۇپ، مەككە ۋە كەبە تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئەسەر ئەسلى قولىيازمىسى بىلەن زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن ۋە كۈنىمىزدە ئەسلى تىلىدا نەشىر قىلىنغان (ئەبۇ سائىت ئەل ھەسەن بىننى ياسىر ئەلبەسرى، فەدائىلۇ مەككە، مەكتەبەتۇل فەلاھە، ئەلكۇۋەيت، ھىجرى 1400).

دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، رىسالە يېزىلغان دەۋردە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى ھەدىس كۇللىياتلىرىنىڭ ھېچبىرى تېخى يېزىلمىغان ئىدى. مەسىلەن ھەدىس ساھەسىدە شىئى(شىئە) دۇنياسىدىكى تۇنجى كۇللىيات ئىمام زەيد (ۋاپات،122)نىڭ «ئەلجامى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان يەمەنلىك مەئمەر بىننى راشىد ( 95 - 153 ) «ئەلجامى» ناملىق ئەسەرلىرى بار. سۈننىي دۇنياسىنىڭ بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن تۇنجى ھەدىس كۇللىياتى ئىمامى مالىك (ۋاپات، 179) «مۇۋەتتا»دۇر. فىقىھ ۋە كالام ساھەسىدە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (ۋاپات، 150)گە نىسبەت بېرىلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان «ئەلئالىم ۋەل مۇتەئەللىم» ۋە ئوسمان ئەلبەتتىنگە يازغان رىسالىسىدۇر. تەفسىر ساھەسىدە كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن تۇنجى ئەسەر مۇقاتىل بىننى سۇلايمان (ۋاپات، 150)نىڭ ئەسىرىدۇر. قەدەر رىسالىسى قەلەمگە ئېلىنغان ۋاقىتتا بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرى تېخى روياپقا چىقمىغان، ھەتتا بۇ مۇئەللىپلەرنىڭ كۆپىنچىسى تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئىدى.

# « ئۇل تەشكىل قىلغۇچى ۋەسقە » سۈپىتىدە قەدەر رىسالىسى

بىر ئۇل تەشكىل قىلغۇچى ۋەسقە بولغان قەدەر رىسالىسى «مەخسۇس تېما تەپسىر» تۈرلىرىگە ئائىت تۇنجى يىرىك ئەسەردۇر. رىسالىدە ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە ئىنساننىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيەتلىرى توقسانغا يېقىن ئايەت ئارقىلىق ئىزاھلانغان. رىسالىنىڭ قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان، قۇرئان ئۇسلۇبى بىلەن ئۇسلۇبلانغان بىر كىشىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ رىسالە كالام ئىلمىنىڭ ئۇلىنى سالغان ۋەسىقە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شاھىت تۇرغۇزۇلغان 90 ئايەتتىن 10 - 12 ئايەت قەدەرچى / جەبىرچى مۇئارىز (قارشى ئېقىم)لار بىلەن ھەسەن ئەلبەسرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تېمىسى (مىمما يۇنازىئۇنە / يۇجادىلۇنا فىھ) بولۇپ، ئىمام ئەلبەسرى رىسالىسىدە خاتا چۈشىنىلگەن ئايەتلەرنىڭ توغرا بولغان تەفسىرىنى بايان قىلىدۇ.

خەلىپىگە رەسمى بىر خىتاپ سۈپىتىدە يېزىلغان رىسالە «ئىنسانلار» دەپ خىتاپ قىلغان نامەلۇم كىشىلەر ئۈچۈن كەسكىن بىر رەددىيەدۇر. ئايەتلەردىن تەركىپ تاپقان ئوقلار جان يېرىگە سانجىلغان بۇ كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. رىسالە ئوچۇق ئىسىم بىلەن ئاتىماسلىق نۇقتىسىدا قۇرئان ئەدەپ ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن. مۇئەللىپ رىسالىسىدە مۇئارىزلارنىڭ ئالاھىدىكلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، «ئۇلار بىلمەس جاھىل ئادەملەر (جۇھھال)، ئۇلار زالىملاردۇر (ئەز زالىمۇن)، ئۇلار خاتا ئىش - ھەرىكەت قىلغانلاردۇر (ئەل مۇھتىنۇن) ۋە ئۇلار باتىل تەرەپدارلىرىدۇر

يـــاكى بىكـــار قىلىـــۋەتكەنلەردۇر (ئەل مۇبتىلــۇن)» دەپ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. نېمىنى بىكار قىلىۋەتكەنلىكىنى ھەر خىل نۇقتىدىن ئىزاھلاش مۇمكىن. بۇنىڭغا «ھۆر ئىرادە ۋە ئىنســانىنىڭ ئەخلاقــى مەســئۇلىيىتىنى بىكــار قىلىــۋەتكەن ئىــدى» دەپ ئىزاھــات بېرىشــكىمۇ بولىــدۇ. ئـۇ «ئەلمۇبتىلـۇن» تەبىرنــى ئەجنەبىلەرنىــڭ تىلىــدىكى نىگىلىــزم مەنىســىدە ئىشلىتىدۇ.

رىســالىدە كــالام ئىلمىنىــڭ كېيىنكــى مەزگىللىرىــدە ئوتتۇرىغا چىققان كالام كىتابلىرىدا كەڭ دائىرىدە ئۇچراتقىلى بولىــدىغان ئاساســىز، ئىــدېئولوگىيىچى جىــدەلچى تىــل ئىپــادىلىرى كۆرۈنمەيــدۇ. رىســالىدىكى مەنتىــق «ســەن ياخشــى خىسلەت ئارقىلىق (ياماـن خىسلەت)كە قارشى تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستتەك بولۇپ قالىدۇ» (فۇسسلەت، 34) ئايىتىنىڭ تەدبىقىنىڭ نامايەندىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇئەللىپ بارلىق تىرىشــچانلىقىنى ھەقنــى ئوتتۇرىغــا قويــۇش ئۇچــۈن ســەرپ قىلىــدۇ. مەقســىتى بــاغۋەننى دۇمبــالاش ئەمەس، بەلكــى ئــۈزۈم يېيىشتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۆزى سۆزلىمەي قۇرئاننى سۆزلىتىدۇ، ئــايەتلەرنى ئارقــا - ئارقــا تىزىــدۇ، كــۆپ يەرلەردە ســۆز قاتمايــدۇ. ئۇنىــڭ خىتــاپ قىلغۇچىلىرىغــا بىــرلا تەلىپــى بــار، يەنــى ئــالله نىڭ سۆزىنى ھەر قانداق سۆزدىن ئۈستۈن تۇتۇش.

ئىمــام ئەلبەســرى ئىنســانىنىڭ ئەخلاقــى مۇئامىلىســىنىڭ تېگىــــدە مەســــئۇلىيەتچانلىق ھــــېس تۇيغۇســــىنىڭ بولىــدىغانلىقىنى ناھــايىتى ياخشــى بىلەتتــى. شــۇنىڭ ئۇچــۈن ئىنســانىنىڭ ئىــش ھەرىكەتلىرىــدىكى ئەخلاقــى مەسئۇلىيەتنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ھەر قانداق چۈشەنچىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىماننى تېگى - تەكتىدىن چىرىتىش ئىكەنلىكىگە ئىشــــىنەتتى. ئىنســــان قىلمىشــــلىرىدىكى مەســــئۇلىيەتنى ئۈســتىگە ئالمىغــان ئەھــۋاللاردا چەك - چېگــرا تونىمايــدىغان

ۋەھشــى بىــر مەخلۇققــا ئايلىنىــدىغانلىقىنى، ھەتتــا ئــۆز جىنىسلىرىغا نىسبەتەن تەھدىتكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىشــىدىن ئۆتكــۈزگەن رىئــال تەجرىبىلىرىــدىن تونــۇپ يەتــكەن ئىدى. يەزىد بىننى مۇئاۋىيە، زىياد بىننى ئەبھى، ئۇبەيدۇللاھ بىننــى زىيــاد، ھەججــاج بىننــى يۇســۇف، ئابدۇلمەلىك بىننــى مەرۋان، بۇســىر بىننــى ئەرتــاد قاتــارلىقلار بۇنىــڭ ئەڭ جــانلىق ئۆرنەكلىرى ئىدى. دەل بۇ سەۋەبتىن ھەسەن ئەلبەسرى «ئىمان دىــگەن نــېمە؟» ســوئالىغا «ســەبىر ۋە كەڭ قورســاقلىق» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە سەبىر - «ئاللاھ قا قارشى گۇناھ - مەسىيەت توغرىســىدا چىــداملىق بىــلەن ئــۆزىنى تۇتــۇۋېلىش، ئۇنىــڭ بــۇيرۇقلىرىنى بەجــا كەلتۈرۈشــتە كەڭ قورســاق بولــۇش» دەپ ئىزاھلىغان.

بۇ ئىزاھاتقا ئاساسەن ئەلبەسرى «ئىمان دىگەن نېمە؟» سوئالغا «ئىمان مەسئۇلىيەتتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئىلاھىي چەكلىملەرگە نىسبەتەن سەبىر ۋە ئىلاھىي ئەمىرلەرگە نىسبەتەن كەڭ قورساق بولۇش دىگەنلىك «بەندىلىك مەسئۇلىيەت، مەسئۇلىيەت تەۋسىيە، تەۋسىيە كۆلىپەت» دىگەن ئىپادىنىڭ پەرقلىق بىر شەكلى ئىدى.

ئەلبەسرىنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرگەن نەرسە قەدەرچى/جەبىرچىلەرنىڭ قۇرئاننىڭ مۇنازىرىسى نوپۇزىنى ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزلىرىنى تەستىقلاش ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلغانلىقى ئىدى. ئەلبەسرىنىڭ مۇخالىپلىرى ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ ئايەتلىرىدە قەدەر/تەقدىرنىڭ پەقەتلا فىزىكىلىق جەھەتتىنلا ئەمەس، ئەخلاقىي ۋە پىسخولوگىيىلىك جەھەتتىنمۇ تولۇق ۋە ئۇزۇل - كېسىل مەجبۇرىيەت (پۈتۈۋېتىلگەن) ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىشەتتى. ئۇ بۇنداق چۈشەنچىنىڭ قۇرئاننىڭ مەقسىتى بىلەن تامامەن زىت ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنەتتى.

ھەممىدىن مۇھىمى، قەدەر رىسالىسى قۇرئان بەرپا قىلغان ئىسلام ئېڭىنى رىۋايەت ئەنئەنىسى تېخى بولغىمىغان بىر زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆرنەك ۋەسىقىدۇر.

رىسالە بىزگە تابىئىنلار ئىچىدە دىرايەت ۋە ئەقلىيەت ئېقىمىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ ئېقىمنىڭ ئەسلى كۈچىنى قۇرئاندىن ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# §3. قەدەر رىسالىسىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى

## رىسالىگە قارشى تەتۈر تەشۋىقات ئويۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى

ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ قەدەر رىسالىسىنىڭ كۆپرۈلۈ نۇسخىسى(a)، بىلىشىمىزچە دۇنيادا مەۋجۇت بولغان پەقەت بىرلا نۇسخا. بەكمۇ كونىراپ كەتكەن، بەزى جايلىرى يىرتىلغان بۇ ۋەسىقىدە ھەم ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان (ياكى ئۇنىڭ نامىدىن يازغان ھەججاج)نىڭ مەكتۇبى ھەمدە ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئابدۇلمەلىككە جاۋاب سۈپىتىدە يازغان مەكتۇپ تولۇق ئورۇن ئالغان.

ئۇنىڭدىن يېڭىراق ۋە يىرتىلمىغان ئاياسوفيا نۇسخىسى (b)، بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەر تەرىپىدىن ھەججاجقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە شۈبھە بولمىغان بىر رىسالىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رىسالىنىڭ ئىچىدە ئەلبەسرىنىڭ قەدەر رىسالىسىدىن ئۆزۈندىلەر ئېلىنغان. ئەلبەسرىنىڭ ۋە ھەججاجنىڭ رىسالىلىرى سېلىشتۇرۇلغان ھالدا ئوقۇلغاندا ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنى تەستىقلايدۇ. يەنە كېلىپ ھەججاجنىڭ رىسالىسىدە بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەلبەسرىنىڭ رىسالىسىدىن بىر نۇسخىنى «ئەمىرۇل مۇئمىنگە ئەۋەتكەنلىكى» بايان قىلىماقتا.

قەدەر رىسالىسىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال شۇ

سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك بىر جاۋاب تېپىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

1. ئەلبەسىرىگە نىسبەتەن قىلىنغان ۋە تولىمۇ قەدىمقى بىر تېكىستنى كىم، نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق ئويدۇرۇپ چىقارغان؟ شۇنداقلا ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇ تېكىستنى كىم، نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق قىلىپ كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلىگەن بىر ۋەسىقىگە ئايلاندۇرىدۇ؟

2. بۇلار شۇنداق بولغان (ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان) دەپ پەرەز قىلىپمۇ تۇرايلى. ئويدۇرۇلغان بىر ۋەسىقىدىكى مەلۇماتلار قانداق بولۇپ ھەقىقىي ۋەقەلىك بىلەن بۇنچە ماسلىشىدۇ؟ ئۆز دەۋرىنىڭ تىل، تەپەككۇر ۋە خاراكتېرى بىلەن بۇ دەرىجىدە ئۇيغۇن بولغان بىر ئۇسلۇپ قانداقمۇ ماسلاشتۇرۇلىدۇ؟ (بۇ ھەقتە بىر ئازدىن كېيىن توختىلىمىز). دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇسۇلىدىن تارتىپ خىتاپ شەكلىگە قەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن توقۇپ چىقىلغان ساختىپەزلىكنى قانداق قىلىپ رويابقا چىقارغىلى بولىدۇ؟ قوشۇمچە قىلىپ شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ دەۋردە قۇرئاندىكى ھەممە ئايەتلەرنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىلىرى تېخى بۇگۈنكىدەك قېلىپلاشمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئەلبەسىرىنىڭ قۇرئاندىن نەقىل قىلغان دەلىللىرىدە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سۈرە بەقەرە 155 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى 156 - ئايەتنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە ئالىدۇ. زۇمەر سۈرىسىنىڭ 17 - ئايىتىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى 18 - ئايەتنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە ئالىدۇ.

3. ئىنتايىن قۇۋۋ بىر مۇتەزىلە مەنسۇبى ئىمكانسىز بولغان بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى دەپ پەرەزمۇ قىلايلى. تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك بىر تېمىدا، ھەسەن بەسرىدىن خېلىلا كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مۇتەزىلەر ئېقىمىغا خاس بولغان «ئاللاھ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسىنى يارىتىشنىڭ مەجبۇرىيەت (سالاھ -

ئەسسالاھ مەسلىسى) ئىكەنلىكى ۋە ئىلاھىي ئادالەت مەجبۇرىيىتىنىڭ ئەقلىي ئاساسقا تايىنىشى» دېگەندەك مەسىلىلەرگە قارىتا نېمە ئۈچۈن ئىما يولى بىلەن بولسىمۇ ئورۇن بېرىلمەيدۇ؟ بۇنداق بىر تېكىستتە ئادالەت، تەۋھىد ۋە ئەقىل (بىر قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ) قاتارلىق مەزھەپنىڭ ئاساسلىق ئاتالغۇلىرى نېمە ئۈچۈن مۇتەزىلە ئۇسلۇبى بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ؟ بىر كىشى ئۆزىنىڭ چۈشەنچە ئېقىمىنى قانداقمۇ بۇنچە ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇپ قالالايدۇ؟ رىسالىدە نېمە ئۈچۈن مۇتەزىلەنىڭ ئاساسلىق ۋە سىستېمىلىق تەقدىر چۈشەنچىسى ھەققىدە ئەڭ كىچىك بىر ئىمامۇ يەر ئالمايدۇ؟

4. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ تۇرايلى. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. بۇ رىسالىدىن باشقا يەنە ئابدۇلمەلىك بىنىنى مەرۋان نامىدىن بىر رىسالە يېزىپ چىقىش ۋە ئۇنىمۇ ئۇسلۇپ، تىل ۋە چۈشەنچە جەھەتتىن ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا بۇ مەكتۇپنى بىر ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇپ، پەرقلىق ئەسىرلەرگە ئائىت تارىخى مەنبەلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ھەتتا بىر پۈتۈككە ئايلاندۇرۇپ زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كېلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

5. بۇ ئىمكانسىز ئىشنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى دەپ تۇرايلى. ئۇنداقتا يەنە ھەججاج نامىدىن ئۇچىنچى بىر مەكتۇپ يېزىپ، ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ رىسالىسىدىن ئۇزۇندىلەر ئېلىش ۋە ئاخىردا ئەمىرۇل مۇئمىنگە قارىتا مۇرەسسە خاراكتېرلىق بىر بۆلەك يېزىش كېرەك. بۇ كۆپايە قىلمايدۇ. ئۇنى زامانىمىزدىن 1150 يىل ئىلگىرىگە قەدەر ئۇلاشتۇرۇپ، شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان بىر ئەسەرنىڭ ئىچىدە قىلىپ كۆرسىتىش كېرەك.

6. ھېلىگەر ئۇ «ئويدۇرمىچى» كىشى يۇقىرىقى ھەممە ئىمكانسىزلىقلارنىمۇ ھەل قىلدى دەپ تۇرايلى. بۇلار يەنە يېتەرلىك بولمايدۇ. تاكى ھىجرىيە 3 - ئەسىرگە بېرىپ ئىبنى

قۇتەيبىگە ئوخشاش دەسلەپكى دەۋر يازغۇچىسىغا ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ قەدەرىيە ئېقىمىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپتىقۇزۇش كېرەك. زامانىمىزدىن 12 ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان بىر كىتاب بولغان ئەل كائىبىنىڭ «ماقالات» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈش لازىم. ھىجىرىيە 4 - ئەسىرگە قەدەر قايتىپ بېرىپ، ئىبنى نەدىمنىڭ «فىھرىست» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىگە قىستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھىجرىيە 5 - ئەسىرگە قەدەر قايتىپ بېرىپ ئابدۇلجاببارغا ۋە ئەلھاكىم ئەلجۇشەمگە قىسقىچە مەزمۇننى يازدۇرۇش كېرەك. 9 - ئەسىرگە بېرىپ ئىبنۇل مۇرتەزاغا كۆچۈرگۈزۈش كېرەك. ۋەھاكازالار...

يۇقارقى بارلىق سوئاللارغا قانائەتلەنگۈدەك بىر جاۋاب تاپماي تۇرۇپ، رىسالە توغرىسىدا شۇبھە پەيدا قىلىش بۇنداق قىلغۇچىنىڭ پەقەتلا قارىغۇلارچە پەرىزىگە ئاساسلانغان يامان غەرىزىنى ۋە جاھالەت پاتقىقىدىكى جاسارىتىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس!

## مىلەل - نىھەل ئەدەبىياتىنىڭ ئاجىزلىقى توغرىسىدا

(ئىزاھات: مىلەل - دىن مەنىسىدىكى مىللەت كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى. نىھەل - مەزھەپ مەنىسىدىكى نىھلە كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى. ئادەتتە دىن ۋە مەزھەبلەر تارىخى ئەسەرلىرى مىلەل - نىھەل ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەھرىردىن)

شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، مۇخالىپ ئېقىمىدىكى بارلىق شەخس، پىكىر ۋە ئەسەرلەرگە قارىتىلغان يوقىتىش مۇئامىلىسىنىڭ تەسىرىگە «قەدەر رىسالىسى»مۇ ئۇچرىغان بولۇپ، قەستەن ئېغىز ئاچتۇرماسلىققا مەھكۇم قىلىنىپ، پىنھانغا تەرك ئېتىلگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ

ئورۇنۇشــلار مــۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشــەلمىگەن. ئۇتۇققــا ئېــگە بولالمىغانــدىن كېيىــن رىســالە ھەققىــدە شــۈبھە پەيــدا قىلىــش مېتودىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىغان.

رىسالىنىڭ ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىگە دائىر ئېتىرازلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. «سەنەدى يوق ئېتىــرازى». بۇ ئېتىرازنىڭ پۇت تېرەپ تۇرغۇچىلىكى يوق. ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ «ئىسناد (كىمگە تەۋە ئىكەنلىكى) زۇھرى بىلەن باشلىغان» دېگەن تارىخى ئىپادىسى. بۇ ئېتىرازنى بىكار قىلىۋېتىش كۇپايە قىلىدۇ (ئىبنى ئەبى ھاتىم، ئەلجەرھە ۋەتتەئدىل 4، 74) (ئىبنى شىرىن (ۋاپات، 110) مۇنداق دېگەن: «دەسلەپكى زامانلاردا ئىسناد سورايدىغانلار يوقتى. قاچانكى فىتنە چىقىشقا باشلىدى، بىزدىن " بىز رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگىن " دەپ سوراشقا باشلىدى» (ئىبنى ھەنبەل، ك، ئىلەل 114). شۇنىڭدەك سۇفيان ئەسسەۋرى (ۋاپات،161) راۋىلەر يالغان ئېيتقان ۋاقىتتا بىز دەرھال ئۇلارغا تارىخنى ئەسلىتەتتۇق»دەيدۇ (ئەلباغدادى ئەلكافىيە، 119)). رىسالىنىڭ قەلەمگە ئېلىنىش تارىخى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ھىجرى 80 - يىللىرىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ. ئىبنى شىھاب ئەززۇھرى (50؟ - 124) دىن بۇرۇن سەنەد (ئىسناد) نىڭ تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقى تارىخى بىر رېئاللىق. ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق، رىسالىنى ھەدىس ئىلمى بويىچە سەنەد مىزانىغا سېلىش ئىنساپقا سىغمايدۇ. بۇ رىسالىنىڭ ھەدىسلەر توپلىنىشتىن تەخمىنەن ئىككى نەسىل بۇرۇن يېزىلغانلىقى ئەسكە ئېلىنسا بۇنداق تەلەپتىكىلەرگە قارىتا «قايسى ھەدىس ئىلمى؟ قايسى ئۆلچەم؟» دەپ سوراشقا توغرا كېلىدۇ.

2. مەزھەپ تەرەببازلىقى نۇقتىسىدىن ئېتىرازلار. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا شەھرىستانى ۋە باغدادى قاتارلىق «مىلەل - نىھەل» ۋە «فىراق» قەلەمكەشلىرى كەلمەكتە. يەنە كېلىپ

شەھرىستانى رىسالىنىڭ ئىشەنچىلىكلىكىگە قارىتا بىرنەرسە دېگىنى يوق. پەقەت رىسالىنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىگە ئائىت ئەمەس، بەلكى شاگىرتى ۋاسىل بىننى ئاتانىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، خالاس. بۇنىڭ مەزھەپ تەرەببازلىقى بىلەن مەيدانغا چىققان ئىلمىيلىكتىن بەكرەك ھېسسى ۋە بىر تەرەپلىمە ئېتىراز ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ.

ئاللاھ تەقسىراتى (گۇناھلىرى)نى ئەپۇ قىلغاي. شەھرىستانىمۇ «ئەلمىلەل» ناملىق ئەسىرىدە ماھىيەتتە ماتېرىيالىزىمچى بىر تەبىئەتشۇناس پەيلاسوپ مىلەتلى دالەس ) Miletli Thales ( نى «مۇۋەھھىت» (تەۋھىدچى) ۋە «نۇبۇۋۋەت مەيدانىدا تۇرغان» دەپ كۆككە كۆتۈرگەن (vd2.142). بىراق مۇخالىپى بولغان مۇتەزىلىنى تەكفىر (« كافىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن) تەپ تارتمىغان. م. ئۇمارامۇ تىلغا ئالغاندەك شەھرىستانىنىڭ مۇتەزىلىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا پايدىلانغان مەنبە ئىسلامنىڭ بارلىق مۇقەددەسلىرىگە دۈشمەن بولغان ۋە رەددىيە بىلەن تولغان ئىبنى راۋەندىنىڭ «فازىلەتۇل مۇتەزىلە» ناملىق ئەسىرىدۇر.

ئىبنى راۋەندى ئىلگىرى مۇتەزىلە مەزھىبىدىكى بىر مۇسۇلمان بولۇپ، كېيىنچە ھەم مۇتەزىلىدىن ھەمدە ئىسلامدىن ئايرىلىپ مۇرتەد بولغاندىن كېيىن «مۇتەزىلە» ئېقىمىغا قارشى ئېغىر بوھتانلارنى توقۇپ رەددىيە يازغان. يەنە ئۇنىڭ ئىسلامغا قىلغان ئېغىر تۆھمەتلىرىگە قارشى «ئەل - ئىنتىسار» ناملىق ئەسەر بىلەن رەددىيە يازغان كىشى بىر مۇتەزىلە بولغان ئەل ھاييات ئىدى ( « كىتابۇل ئىنتىسار ۋەر رەد ئەلە ئىبنىر راۋەندى ئەل مۇلھىد »، ئەبۇل ھۈسەيىن ئابدۇرراھمان ب. مۇھەممەد ب. ئوسمان، ئەل ھاييات ئەل مۇتەزىلى، دارۇل قابىس، بەيرۇت، 1986 ). بۇ نۇقتىدا ھايياتنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن بىرىنىڭ «مىڭ مەسىلىدە مانىھېزم ( مانى دىن )گە رەددىيە»

نامىلىق كىتابى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ھايىيات ئىسلامغا دۈشمەن بولغان ئىبىن راۋەندىگە رەددىيە يازغان. ئەمما شەھرىستانىمىزنىڭ ئىبىن راۋەندىنىڭ مۇتەزىلەگە قارشى ئېيتقانلىرىنى زوق بىلەن نەقىل قىلىپ ئىشلىتىشىگە نېمە دېيىش بولار؟ بۇ ئۆزىگە مۇخالىپ ئېقىمغا رەددىيە قايتۇرۇشتىكى بىر ئۇسلۇب. ئەمما ئۇنىڭ قانچىلىك دىققەتكە ئەرزىيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

شۈبھىسىزكى، مىلەل - نىھەل ئەدەبىياتى ئىسلام ۋەسىقە تارىخىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بۈگۈن بىز پايدىلىنىۋاتقان مەلۇماتلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى بۇ ئەدەبىياتتىن ئالىمىز. ئۇنىڭدىن مىننەتتىدارمىز. بۇنى ئالقىشلاش بىلەن بىرگە بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ ئىلمىي بۇرچىمىز. بۇ نۇقتىدا ئىسلام مەزھەبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغاندا خاتالىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن كلاسسىك مىلەل - نىھال ئەدەبىياتى ھەققىدە شۇ ئىزاھاتلارنى بېرىپ ئۆتۈش زۆرۈر:

1) مىلەل - نىھەل ئەدەبىياتىدا «تەرەپبازلىق مەسىلىسى»نىڭ ئۇمۇرتقىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر مەسىلە ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنىشى لازىم. تەرەپبازلىق «ئادالەت ۋە يان باسماسلىق» نۇقتىسىدا مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغان.

2) بىر كىشىنى مۇخالىپىنىڭ تىلىدىن تونۇش ئۇ كىشىنى تونۇشقا تىرىشمىغانلىقتۇر. مۇخالىپ مەزھەپ ۋە سۇلۇك مەنسۇپلىرى توغرىسىدا ئېيتىلغانلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئاساسى پرىنسىپ بولۇشى كېرەك.

3) ئەنئەنىۋى مىلەل - نىھەل ئەدەبىياتى ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا «تونۇش» توغرىسىدا ئەمەس «باھا بېرىش» چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ تونۇشتۇرۇلغان كىشى گورۇپپا ۋە مەزھىپىنى رەقىبىنىڭ تىلىدىن ئاڭلىغانلىق

بىلەن باراۋەر. «مىلەل - نىھەل»دە كىشىلەرنىڭ كىمنىڭ تىلى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەنلىكى ئىنتايىن مۇھىم.

4) مىلەل - نىھەل ئەدەبىياتى كۆپىنچە ئەھۋالدا رەقىپ دەپ قارىغان ۋە قارىمۇ قارشى قۇتۇپتىكى مەزھەپلەرنى ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئەمەس، ئۆز ئارا بىر بىرىگە چاپلىغان لەقەم ۋە مەپكۇرىلار بىلەن ئاتاشنى ئادەت قىلىۋالغان. بۇ ئادىل ئىش ئەمەس.

5) مۇخالىپ كىشى ۋە ياكى كىشىلەر مىلەل - نىھەل قەلەمكەشلىرى كىيگۈزگەن قالپاقلار بىلەن تارىختىن سىقىپ چىقىرىلىپ «لەنەتتەككۈرلەر» گۇرۇپپىسىغا قېتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قالپاق ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ كىشى ياكى گۇرۇپپا تارىخ سەھىپىسىدىن مەزكۇر قالپاق بىلەن ئورۇن ئالغان. ئەگەر بۇ ئۇسۇل مۇۋەپپىقىيەتلىك بولماي قالغان، مەزكۇر كالام ئېقىمى ئۇنى بىر ئامال قىلىپ سىپىگە قېتىۋېلىشنى قارار قىلغان بولسا، بۇ چاغدا يا «بۇرۇنقى كۆز قارىشى ئىدى» ياكى «كۆز قارىشىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يېنىۋالغان» دېگەن تەشۋىق ئۇسۇلۇبىنى ئىشقا سالغان ياكى بولمىسا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «ئۇ ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىدى، بۇرۇندىن تارتىپ مۇنداق ئىدى» دېگەن مىخانىزىملار ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈلگەن. ھەتتا بۇ سەۋەبتىن تېكىستلەر توقۇپ چىقىلىپ، سەھىھ تېكىستلەرنىڭ ئىچىگە ئۇستىلىق بىلەن ساختا تېكىستلەرنى قىستۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىرىدا بىر «پولاتتەك ئىسپات»قا ئېرىشكەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەسەرلىرىگە قىلىنغان قىلمىشلار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

6) رەقىپلىرىنىڭ تارىخنى يېزىشقا ھەۋەسخور مىلەل-نىھەل قەلەمكەشلىرىنىڭ يەنە بىر ئۇسلۇبى رەقىپ پىكىر ۋە مەزھەپلەر توغرىسىدا سۆز - چۆچەكلەر بىلەن شۈبھە پەيدا قىلىشتۇر. ھەتتا بەزى كىشىلەر ھەققىدە بىر -بىرىگە زىت

بايانلارنى نەقىل قىلىدۇ. ئەنە ھەسەن ئەلبەسرىنى ئىبن قۇتەيبە بىرئاز خىجالەت ئىچىدە قەدەرىيە مەزھىبىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كىشى دەپ تەرىپلىگەن. بىراق شەھرىستانى ۋە باغدادىغا كەلگەندە بۇ قاراش تامامەن ئەكسىچە بولغان. تېخى تۈنۈگۈن بىر بىرىنى يىگۈدەك بولغان كىشىلەر بۈگۈن ئاپاق چاپاق دوست دەپ تەرىپلەنگەن. مەسىلەن، مۇقاتىل بىنىنى سۇلايمان زاماندىشى بولغان بىر ئالىمنىڭ تىلىدا «لەنەتتەككۇر»، شافىنىڭ بايانىدا «تەفسىر پېشۋاسى»، كالامچى جۇرجانىنىڭ تىلىدا (زەھەبى: مىزان) «جەسۇر بىر دەججال» دەپ تەرىپلەنگەن.

7) خۇسۇسەن شەھرىستانى مەزھەبىگە زىت دەپ قارىغان بىر ئالىمنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىر قانداق قىلىپ ئىسلام سىرتىدىن دەلىل ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىشكە ھېرىسمەن ئىدى. ئامىر بىنىنى ئۇبەيدۇللاھتىن تارتىپ ئەللافىغىچە، نەززامىدىن تارتىپ جۇببەيىگە قەدەر بىر تۈركۈم مۇخالىپ مەزھەپ مەنسۇبى ئالىملارغا قارىتا بۇ ئۇسلۇبنى ئىشلەتكەن. شەھرىستانى يەنە بەزىدە زالىم ھۆكۈمران تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە قەتل قىلىنغان جاد بىنىنى دىرھەمگە قىلىنغاننىڭ ئوخشىشىنى يەنى رەقىبىنىڭ «مەخپىي ھالدا باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى» ئىلگىرى سۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە خۇسۇمەتكار ئىدى.

ئىمام ئەلبەسرىنىڭ قەدەر رىسالىسىدە بەندىنىڭ ئەخلاقى ۋەزىپىسى ۋە ھۆر ئىرادىسىنى تەكىتلىگەندە ئىشلەتكەن بىردىنبىر مەنبەسى ۋەھيىدۇر. ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ئارقا پىلانىدا ناس (ئوچۇق ئايەت)كە دېگۈزمەكچى بولغان ئىدېئولوگىيىلىك بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن رىسالىدە ھۆر ئىرادە بىلەن بىرگە ئاللاھ نىڭ تەقدىرىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا بىرەر زىتلىق كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆلچەم

ۋەھىي بولۇپ، قۇرئان نېمە دېگەن بولسا «ئامەننا». ئۇنىڭ تەقدىر - پىشانىنى تەھلىل قىلىش ئۇسلۇبى ئىنسان مەركەزلىك بولماستىن ئاللاھ مەركەزلىكتۇر. ئۇ ئەخلاقى مەسئۇلىيەتنى تەكىتلەش ئارقىلىق بەشەر ئىنسانىنى ئەمەس، بەندە ئىنسانىنى تەكىتلىگەن. ئۆزى ئىشەنگەن ھەققانىيەتنى تەكىتلىگەندە قۇرۇپ چىققان ياكى قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىغان بىرەر مەزھەپكە ئورۇن ھازىرلاشتەك ئارزۇ - ئارمانىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكمىگەن. سۆزلىرى ھاياتىنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر.

يۇقىرىدىكىلەرنىمۇ بىر ياقىقا قويۇپ تۇرايلى. رىسالىنىڭ ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ پاكىتى ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ ھاياتىدۇر. ياشىغان ھايات مۇساپىسى ئىنسانىنىڭ ئەينىكىدۇر. ھايات تەستىقلىغاننى بەزىلەر قەلەم ئارقىلىق يالغانغا چىقىرىشقا تەمشەلگەن بولسا بۇ ئۇلارنىڭ ئەيىبىدۇر.

# ئۈچىنچى باب

## قەدەرىي رىسالىسى ۋە شەرھى

## §1. خەلىپە ئابدۇلمەلىكنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىگە يازغان مەكتۇبى

### ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان ۋە ھاكىمىيتى

ئابدۇلمەلىك ئەمەۋى خانىدانى ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان مەرۋانىلەرنىڭ 2 -خەلىپىسى بولۇپ، دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان خىلاپەتلىك ماقامىدا 20 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن (65 - 86 / 685 - 705) .

ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان دادىسى مەرۋان بىننى ھەكەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە چىققان. دادىسى مەرۋان ھەزرىتى ئوسماننىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋە كاتىپى ئىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن تائىفقا پالانغان بولۇپ، مەرۋاننىڭ دادىسى ھەكەم بىننى ئەبىلئاس بىننى ئۇمەييەنى رەسۇلۇللاھ تائىپقا سۈرگۈن قىلغان ئىدى. ئۇ مەككىنىڭ فەتھىدىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيقەست قىلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولۇپ،

كېيىنچە ئۆزى خالىمىغان ھالدا مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەرنىڭ خانى سائادىتىنى (ئۆيىنى) مارىغانلىقى ئۈچۈن تائىفقا سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى (ئىبنى ھاجەر، «ئەل - ئىسابە»، 2 - توم، 28). ھەكەم ھەزرىتى ئوسماننىڭ تاغىسى ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خىلاپەت دەۋرلىرىدە دادا ھەكەم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ سۈرگۈن قارارىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىنى قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، خەلىپىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان ئىدى.

مەرۋان شامدا ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ۋاقىتتا ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ شامدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسى ئابدۇللاھ بىننى زۇبەيرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىدى. چۈنكى خەلق ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان بولۇپ، ئابدۇللاھ بىننى زۇبەير شامدىن باشقا پۈتكۈل ئىسلام رايونلىرىنى مەككىدىن باشقۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال توققۇز يىل داۋاملاشتى.

ئىبنى ئەسىرنىڭ «ئەلكامىل» ناملىق كىتاۋىدا بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇلمەلىك ئىبن زۇبەيردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئاۋامنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن كىم ماڭا " ئاللاھ تىن قورق! " دېگۈچى بولىدىكەن شۇ يەردىلا كاللىسىنى ئېلىپ تاشلايمەن» دېگەن.

يەنە، ئىبنۇل ئەسىرنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان ئىبن زۇبەيردىن قۇتۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن 75 / 695 - يىلىدىكى ھەج قىلىش جەريانىدا مەدىنىدە قىلغان بىر ۋەزىدە مۇنداق دېگەن:

«مەن (ئوسمانغا ئوخشاش) بىچارە، (مۇئاۋىيەگە ئوخشاش) سىلىق - سىپايە، (يەزىدتەك) نەزەر دائىرىسى تار بىر خەلىپە ئەمەسمەن. مەن بۇ ئۇممەتنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكىنى پەقەت قىلىچ ئارقىلىقلا ئوڭشايمەن. سىلەر بىزگە تۇنجى مۇھاجىرلار (ساھابە) نىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگىنىۋاتىسىلەر،

بىراق ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلمايۋاتىسىلەر. بىزنى تەقۋادار بولۇشقا ئۈندەۋاتىسىلەر، ئۆزەڭلار ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويۇۋاتىسىلەر. ۋەللاھى بۇنىڭدىن كېيىن بىرسى كېلىپ ئاللاھ ئالدىدا تەقۋادار بولۇشۇمنى تەكىتلىسە كاللىسىنى ئالىمەن!» (ئەل - كامىل، 4 - توم، 2، 391).

ئابدۇلمەلىك مەككىدىكى خەلىپە ئىبنى زۇبەيرگە قارشى ھاكىمىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلارنى قىلغان. بۇلاردىن بىرسى، ھاكىمىيىتى تەۋەلىكىدىكىلەرنىڭ ھەجگە بېرىشىنى چەكلەش بولۇپ، مۇسۇلمانلار ھەج ئۈچۈن مەككىنىڭ ئورنىغا «قۇددۇس»قا بېرىشقا دەۋەت قىلىندى. ئۇ بۇ مەقسەت بىلەن قۇددۇستا ھەشەمەتلىك بىر مەسجىد سالدۇردى. «مەرۋان مەسجىدى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ مەسجىد ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. يەنە قۇددۇستىكى ئەقسا جامەسى (مەسجىدى ئەقسا) ھويلىسىغا قۇببەتۇل سەھرا (قورام تاش قۇببىسى)نى ياساتقۇزدى. قۇببەتۇس - سەھراغا ئىسىم قىلىپ قويۇلغان «قورام تاش (ساھرا)»، يەھۇدى ئېتىقادىدا ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاقنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن ئۈستىگە ياتقۇزغان قورام تاش ئىدى. ئاستى ئۆڭكۈر بولغان بۇ تاش بىر پۈتۈن قورام تاش بولۇپ، ئەقسا ھويلىسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان بولسىمۇ، ئەپسانىۋى بىر قىممەتكە ئىگە قىلىنغانىدى. ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن بۇ قورام تاشنىڭ يېنىغا ياساتقۇزۇلغان قۇببە بۈگۈنكى كۈنىمىزدىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

گەرچە مەككىنىڭ ئورنىغا قۇددۇس ۋە كەئبىنىڭ ئورنىغا قۇببەتۇس - سەھرا دەسسىتىلمەكچى بولغان بولسىمۇ، بۇنى مۇسۇلمانلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۇنچە ئاسان بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رىۋايەت توقۇپ چىقىش مېخانىزمى ھەرىكەتكە ئۆتتۈلدى. قۇرئاندىكى ئىسرا

ھەقىقەتەننىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىشى ئۈچۈن توقۇپ چىقىلغان ئاجايىپ - غارايىپ مىراج ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان سىياسىتىنىڭ رولى مۆلچەردىكىدىنمۇ چوڭ.

ياقۇبىيغا ئاساسلانغاندا ئابدۇلمەلىك كەبىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى چەكلىگەن مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دېگەنىدى: «مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئورنىغا مەسجىدى ئەقساغا بارساڭلار نەبى ئۈستىگە دەسسەپ مىراجقا چىققان تاشنى كەبە سۈپىتىدە قوبۇل قىلساڭلارمۇ بولىدۇ» (ياقۇبى، تارىخ، 2 - جىلد، 261). يەنە شۇ مەنبەدە ئابدۇلمەلىك بۇ تاشنىڭ ئۈستىگە كەئبىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن ياساتقۇزغان قۇببىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرىغان.

مەرۋان قۇددۇسىنى مەككىنىڭ، سۇلايمان مابەدىنى مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئورنىدا قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. دەسلەپتە كەئبىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلمەكچى بولغان نەرسە توغرىسىدا بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغان بولۇپ، كېيىنچە بۇ مەسىلىمۇ ھەل بولغان. كەئبىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدىغان نەرسە ئىسرائىلىياتنا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئوغلى ئىسھاقنى ئۈستىدە ياتقۇزغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن قورام تاش ئىدى. بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسرائىلىياتتىن ئېلىنغان رىۋايەتلەر بۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بازار تاپمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمەۋىيپەرەس ئۆلىمالاردىن ياردەم تەلەپ قىلىندى ۋە بەزى ئالىملار بۇ ھەقتە يانتاياق بولدى. تەپسىر ئەدەبىياتىدا ئورۇن ئالغان «زەبىھى / قۇربان» قىلىنغان ئوغۇلنىڭ ئىسھاق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئارقا پىلانىدا بۇ سىياسى ئويۇنلار بار ئىدى. چۈنكى قۇرئان ئۈستى يېپىق شەكىلدە بولسىمۇ قۇربان قىلىنغان ئوغۇلنىڭ ئىسمائىل ئىكەنلىكىنى ئىما قىلاتتى (سۈرە سافات 102- ئايەتتە قۇربان قىلىنغان ئوغۇل

سەبىر قىلغانلار قاتارىدىن دەپ تەسۋىرلەنگەن. سۈرە ئەنبىيا 85 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «سەبرى قىلغۇچىلار» سۆپىتى بىلەن ئاتالغان ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ بىرى ھەزرىتى ئىسمائىلدۇر. يەنە، ساففات 111-101 - ئايەتلەردە «قۇربان» مەسىلىسى بايان قىلىنغاندىن كېيىن 112 - ئايەتتە ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئىسھاقتىن بىشارەت بېرىلگەنلىكىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى قۇربان قىلىنماقچى بولغان ئوغۇلنىڭ ئىسمائىل ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. (مۇستاپا ئىسلامئوغلى، ھايات كىتابى قۇرئان، ساففات 101، ئىزاھات 7 ) ). ھەتتا زەبىھ نىڭ «تۇنجى ئوغۇل» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن تەۋراتمۇ بۇ ھەقىقەتنى تەستىقلايتتى. چۈنكى تۇنجى ئوغۇلنىڭ ئىسمائىل ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا، يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق ئىدى. رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولغاندەك رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق دېگەنىدى.

مەرۋانىلەرنىڭ كەبىنىڭ ئورنىغا «قورام تاش» دەسسىتىش مەقسىتىدە پايدىلانغان ئىسرائىلىياتتىكى دەلىل قوبۇل قىلىنمىغاندىن كېيىن بۇ تاش ھەققىدە ئەپسانىلەر توقۇپ چىقىشقا باشلىدى. بەنى ئىسرائىل مۇقەددەس دەپ بىلگەن بۇ تاش ئابدۇلمەلىكنىڭ سىياسىي پىلانى دائىرىسىدە قۇرئاندىكى ئىسرا مۆجىزىسىگە يامالغان مىراج ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۆجىزىۋى پارچىسى ھالىغا كەلتۈرۈلدى.

بۇ شۇ ھالغا كەلدىكى، بۇ تاشنى ھەر قانداق كىشى كېلىپ كۆرەلەيدىغان ۋە ئۈزۈ جايىدا قورام تاش ھالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ «قورام تاش»نىڭ ھاۋا بوشلىقىدا تۇرىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىسلام ئېتىقادىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندى.

قوشۇمچە: بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىش قۇددۇسنىڭ مۇسۇلمانلار نەزىرىدىكى قىممىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەنلىتىۋەتمەيدۇ ۋە تۆۋەنلەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى

قۇرئان جۇغراپىيىسىنىڭ يۈلتۈزلىرىدىن بىرى بولغان قۇددۇس داۋۇت ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملاردەك ئىككى ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ خاتىرىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنىڭ مەدىنە دەۋرىدىكى تۇنجى قىبلىسى بولۇپ، مۇئمىنلەر مەككە دەۋرىدە كەبىگە قاراپ ئىبادەت قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن 16 ئاي قۇددۇسقا قاراپ ئىبادەت قىلدى. بۇ ئالاھىدىلىكلىرى قۇددۇسنى مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس بىر ئامانەت قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ئىمانغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قۇددۇسنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن سىياسى مەقسەتلەر ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان تارىخى يالغانلارغا ئېھتىياجى بولمايدۇ.

ئابدۇلمەلىكنىڭ داھىيانە ئىجادىيەتلىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. تارىختا «زالىم» دەپ داڭقى چىققان ھەججاج (ئۆلۈم، 95 / 714) مۇ ئۇنىڭ ئەڭ نادىر كەشپىياتى ئىدى. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان ھەججاج بىننى يۈسۈف ئەسسەقەنىدىن تارىختا «زالىم» دېگەن نامى بىلەن ئىز قالدۇرغان بىر ئۆلۈم ماشىنىسى پەيدا قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ھەججاج ئۆزىدىكى زۇلۇم قابىلىيىتىنى بايقىغان قوماندانىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئۇنىڭدەك بىرسىنى ئىزدەۋاتقان ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن بىر كېچىدىلا ئاددى بىر پۇقرالىقتىن بىر قوشۇننىڭ سەركەردىلىكىگە تەيىنلەنگەن ئىدى.

ھەججاج بىننى يۈسۈف رەسۇلۇللاھنى تاش يامغۇرغا تۇتقان تائىفتىن ئىدى. مەرۋانىلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىلكىگە ئېلىشى بىلەن تەڭ تائىفلىقلارمۇ ھاكىم ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. ئاللاھ رەسۇلى ھەكەم بىننى ئەبىل ئاسنى تائىفقا سۈرگۈن قىلغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ھەكەم ۋە ئوغلى مەرۋان بىلەن تائىفلىقلار ئارىسىدا بىر يېقىنلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن.

رەسۇلۇللاھقا تاش ئاتقانلار بىلەن رەسۇلۇللاھ سۆرگۈن قىلغانلار ئوتتۇرىسىدا مەنىۋى رەۋىشتە بىر ئىتتىپاقداشلىق ھاسىل بولغان ئىدى. ئەمەۋىلەر سايىسىدا مەرۋانىلەرنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشى بىلەن تائىفلىقلارمۇ ھاكىم ئورۇنغا ئۆتتى.

ئابدۇلمەلىكنىڭ كەشپىياتى بولغان ھەججاج بىر ئۆلۈم ماشىنىسى ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھاكىمىيەتكە مۇخالىپ بولۇش ئۆلۈمگە تېگىشلىك بولغانلىق ئىدى. ئۇ: «سىلەرگە مەسجىدنىڭ بۇ ئىشىكىدىن چىقىڭلار دېسەم سىلەر قوپۇپ باشقا بىر ئىشىكىدىن چىقساڭلار قېنىڭلار ماڭا ھالال بولىدۇ» دەيتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بىر قەبىلىدىن بىرەر كىشى ئۇنىڭغا قارشى چىققان تەقدىردە، قەبىلىدىكى بارلىق كىشىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك ئىدى. ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن كۇفە ۋالىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن ۋاقتىدا قىلغان سۆزىدە: «بەدەنلەر ئۈستىدە ئۇزۇلۇش ۋاقتى كېلىپ قالغان، پىشىپ ۋايىغا يەتكەن باشلارنى كۆرۈۋاتىمەن» دېگەن ۋە قىلىچە ئىككىلەنمەستىن ئونمىڭلارچە كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى.

ھەججاج شۇنداق چەك - چېگرا تونۇمايدىغان بىر كىشى بولۇپ، كەئبىنى مەنچاناق بىلەن تاش يامغۇرغا تۇتۇپ تۇپتۇز قىلىۋەتكەن ئىدى. يەنى ئەبرەھە قىلالمىغان ئىشنى ماھىيەتتە ئادەتتىكى بىر قوماندان دەرىجىسىدىكى ھەججاج ئەمەس ئۇنىڭ خوجايىنى ئابدۇلمەلىك قىلغانىدى. ئابدۇلمەلىك ھەججاجنىڭ ھېچقانداق چەك - چىگرا تونۇمايدىغان ھۇجۇملىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاقىۋەت كۆپچىلىكنىڭ بەيئىتىنى ئالغان ئىبنى زۇبەيرنى كۆزدىن يوقاتقان ئىدى ( 73 / 692 ).

ئالدى بىلەن ئىبنى زۇبەيرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، كاللىسى ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتىلدى. ئاندىن باشسىز قالغان بەدىنى ياشىنىپ قالغان ئانىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمانىڭ كۆز ئالدىدىلا يالىڭاچلىنىپ دارغا ئېسىلدى.

سۈيۈتىنىڭ «تارىخۇل خۇلەفا (خەلىپىلەر تارىخى)» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئانىسىنىڭ يىغا - زارىغا قارىماي، ئۇنىڭ جەسىتى بۇ رەۋىشتە نەچچە كۈنلەپ دارغا ئېسىلىپ سازايى قىلىنغان.

ئابدۇلمەلىك ھەججاجنىڭ بۇ ساداقىتىگە مۇكاپات سۈپىتىدە ئۇنى ئىراق ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىگەن.

ئىبنى زۇبەيرنىڭ قانخورلارچە قەتلى قىلىنىشى بىلەن مەسىلە پۈتۈنلەي ھەل بولمىغانىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئابدۇلمەلىككە بەيئەت قىلىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۆۋەتتە زۇلۇم، قىيىن - قىستاق ۋە جىنايەت كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى. رەي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەمدە ھەزرىتى ئۆمەر فىقھىسىنىڭ يەتكۈزگۈچىسى ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇستازىنىڭ ئۇستازى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئابدۇلمەلىك ئۈچۈن بەيئەت قىلىشقا چاقىرىلدى. مەدىنىنىڭ ئىمامى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئالىم «مەن بىر ئويلىنىپ كۆرەي» دېگەنلىكى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنىپ قامچىلاندى، باش كۆزلىرى يېرىلغان ۋە زەنجىرگە باغلانغان ھالدا كوچىمۇ - كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ سازايى قىلىندى. ھەججاج يەنە ھەزرىتى ئەلىگە ھاقارەت قىلىشنى رەت قىلغان مۇجتەھىد ئالىم ئىبنى ئەبى لەيلانى مەسجىدنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قامچىلاتتى. ئالىم سەئىد ئىبنى جۇبەيرنى 12 يىل بۇرۇن قاتناشقان قوزغىلاڭنى باھانە قىلىپ ئۆلتۈردى. سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييەبنى ئۆلتۈرگۈزۈش ئۈچۈن پەرمان چىقاردى.

ئىبنى ھاجەر ئاللاھ نىڭ پەرز ۋە ھارامىلىرىنى تونۇمايدىغان ھەججاجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان:

أن طاعة الخليفة فرض على الناس في كل ما يرومه

«مۇتلەق، خالىغان ھەر ئىشتا خەلىپىگە ئىتائەت قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر» (تەزھىب، 2 - جىلد، 210 ).

بۇ ئىپادىدىن ھەججاج خوجايىنىغا ئىتائەت قىلماسلىقنى ھارام دەپ قارايتتى ۋە بۇ پەتىۋاسىنى جىنايى قىلمىشلىرىغا دەستەك قىلاتتى.

ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلمىغان ھەججاجنىڭ ساھابىگە يۈز خاتىرە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش ساددىلىقتۇر.

ئەمەۋى خاندانلىقىغا قارشى ھەزرىتى ئەلىنىمۇ قوللىماي بىتەرەپ يول تۇتقان ساھابە ئەنەس بىننى مالىككە قىلغان - ئەتكەنلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئۆزىنى ۋە خوجايىنى ئابدۇلمەلىكنى تەنقىت قىلغان ئەنەس بىننى مالىكنى بىر باھانە بىلەن تۇتقۇن قىلىپ، خىلمۇ خىل قىيىن - قىستاقلاردىن كېيىن بويىنىغا تاسما تاقاپ، بەسىرە كوچىلىرىدا سازايى قىلغان ئىدى. شۇنداقلا، ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن بىلەن ھايۋانلارغا تامغا باسقاندەك ئۇنىڭ بويىنىغا تامغا باسقان ئىدى. ئۇستازى ھېسابلىنىدىغان ئەنەس ئىبنى مالىكقا قارىتا قىلغان بۇنچە قىيىن - قىستاق ۋە خورلاشلارنىڭ ھەسەن ئەلبەسىرىدىمۇ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

ھەججاج يۇقارقىدەك مۇئامىلىنى ساھابىلەردىن جابىر بىننى ئابدۇللاھ ۋە سەھل بىننى سەئىدكىمۇ قىلدى. ئۇنىڭ ساھابىلارغا قارىتا قىلغان ئاخىرقى جىنايىتى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى بىر سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈش بولدى. كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئىبنى ئۆمەرنى ھەج ئەسناسىدا بىر قولىغا تەلىمات بېرىپ، زەھەرلىك نەيزىنى ئۇنىڭ پۇتىغا سانجىتىپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئۇ قاتىل قولنى ھېچكىم سوتلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋانمۇ مەزكۇر جىنايەتكە قولاق سالمىغان ئىدى.

ئابدۇلمەلىك زۇلۇمنى خاندانلىقنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئەزالىرىغا مىراس قويۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بولغان هىشامنىڭ زۇلۇمىغا بىر مىسال كۆرسىتىپ ئۆتۈپ كېتەيلى. ئىبنى كەسىر «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە «قۇرئان ئاللاھ نىڭ ئەمەلىي ئەسىرى سۈپىتىدە يارىتىلغان» دېگەنلىكى ئۈچۈن جاد بىننى دىرھەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەھشىيانە كۈلپەتنى مۇنداق نەقىل قىلغان:

«هىشام بىننى ئابدۇلمەلىكنىڭ پەرمانى بىلەن كۇفە ۋالىسى خالىد بىننى ئابدۇللاھ ئەل قەسرى قۇربان ھېيت نامىزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن: "ھەممىڭلار قۇربانلىقىڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭمۇ، مېنىڭمۇ قۇربانلىقىمنى قوبۇل قىلغاي! مەن بۈگۈن جاد بىننى دىرھەمنى قۇربانلىق قىلىمەن. جاد: مۇسا ئاللاھ بىلەن گەپلەشمىدى، ئاللاھ ئىبراھىمنى ئۆزىگە يېقىن دوست تۇتمىدى، دەۋاتىدۇ. ئاللاھ جاد نىڭ دېگەنلىرىدىن مۇنەززەھ (پاك )تۇر! " دەپ مۇنبەردىن چۈشتى. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قولىدىكى پىچاق بىلەن جاد نىڭ كاللىسىنى ئالدى».

زامانىمىزدىكى ھەدىس ئالىمىمىز مەھمەت سەئىد خاتىپ ئوغلىنىڭ بۇ ۋەھشىلىك توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

«ۋالى ۋاسىت شەھرىدە قۇربانلىق ئورنىغا بىر ئالىمنى ھايۋاننى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاۋاتسا، بۇنىڭغا قارشى ھېچبىر ئەھلى سۈننەت ئالىمى چىقمايدۇ!». ئىبنى تەيمىيەنىڭ نەقىل قىلىشىچە، قارشىلىق كۆرسىتىشكە تېگىشلىك بولغان ئالىملار بۇ قىلمىشنى سەۋەبلىك قەسرىنى ئالقىشلىغان ۋە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن:

ھامەدۇھۇ ئەلا ما فەئەلا ۋە شەكەرۇ زالىكە - قىلغان بۇ ئىشى ئۈچۈن ئۇنى ئالقىشلىدى ۋە مىننەتدارلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى» (ئىبنى تەيمىيە، م. فەتاۋا، 12 - جىلد، 350).

ئۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىنكى دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ ھەنەفى فىقىھشۇناسلىرىدىن بىشىر ئىبنى قىياس ئەلمەرسى (218 / 833) ئوخشاش خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلاردىن (قۇرئان مەخلۇقتۇر دېگەنلەردىن) ئىدى. بۇ ئەھلى تەقۋادىن بولغان ئالىم ۋاپات بولغاندا ھېچكىم جىنازىسىغا كەلمىگەن. چۈنكى سەلەفىلەر (بۇرۇنقىلار)نىڭ زامانىسىدا مەۋجۇت بولمىغان كۆز قاراشلارنى ئۆزلەشتۈرگەنلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈلىدىغان تەدبىر بەزى فىقىھ ئالىملىرى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ «ئاياللىرى تالاق، مىراستىن مەھرۇم، شاھىدلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ» (لالەقائى، شەرھۇ ئۇسۇلى - ئىتقادى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە، رىياد، 1997. 353-356 بەت).

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە ئىسلامنىڭ ئىدارى (دۆلەت باشقۇرۇش) سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلىغانلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلگەن ھېچقانداق جازانى بىلمەيمىز. بۇ قانۇن - تۈزۈم پەقەت لا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان مۇتەپەككۇرلارغىلا قارىتىلغانىدى. بۇلارنى ئىشقا سالغانلار ئىچىدە نى - نى چوڭ فىقھشۇناسلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئىراق مۇجتەھىد مۇپتىسى ئەبۇ سەۋر ئىبراھىم بىننى خالىد (170 - 240 / 786 - 854). بۇ زات ئەھمەد بىننى ھەنبەلنىڭ يېرىم ئەسىرلىك دوستى بولۇپ، دەسلەپتە ھەنەفى بولغانمىش، شافى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ھەدىسچىلەرگە قوشۇلغانمىش (« تارىخى باغدات»، 6 - جىلد، 67 ). ئەمدى بىز بۇ مەشھۇر ئىسىم بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ چىقايلى. لالەقائى ( ۋاپات، 418 / 1027 ) مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

«ئەبۇ سەۋردىن " قەدەرىيە " كىمدۇر؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بەردى: "بۇلار بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئاللاھ ياراتمىغان، بەندىلىرىگە گۇناھلارنى تەقدىر قىلمىغان ۋە

ياراتمىغان" دېگۈچىلەردۇر. بۇ كۆز قاراشتىكى قەدەرىيەلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا، بىتاپ بولۇپ قالسا يوقلاپ بېرىشقا، جىنازە نامىزىغا قاتنىشىشقا بولمايدۇ، تەۋبىگە دەۋەت قىلىنىدۇ. تەۋبە قىلسا ياخشى، ئۇنداق قىلمىسا كاللىسى ئېلىنىدۇ» (لالەقائى،ر، 319). كاللىسى ئېلىنىدىغانلار كەبىنى تاش ئېتىپ ئۆرۈۋەتكەنلەرنىڭ جىنايىتىنى ئاللاھ قا ئەمەس ئىنسانغا ئارتقان، ئاللاھ نىڭ بۇنداق قىلمىشلاردىن مۇنەززەھ ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان قەدەرىيەلەر ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارغا قىلىچنى لايىق كۆرگەنلەر زالىملارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە يانتاياق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايۋاتاتتى. سەلەفتە بۇنداق چۈشەنچە بولمىغانلىقتىن، بۇنداق سۆز قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىشى كېرەك ئىدى (م.سەئىد خاتىپئوغلى، «ئىسلامنىڭ رىئال قىممىتى توغرىسىدا»، 2 - باپ، 120- 123 بەتلەر).

ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن بۇرۇن مەدىنىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ۋە باشقا ئارتۇقچىلىقلىرى بارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر بار. لېكىن تۆۋەندىكى رىئاللىقلار بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىۋېتىشقا يېتىپ ئاشىدۇ:

ھەججاج مەنچاناق بىلەن ئۆرۈۋەتكەن كەبىنى ئابدۇللاھ بىننى زۇبەيىر ھەزرىتى ئىبراھىم زامانىسىدىكى ئۇل ئاساسىدا ياساتقان ئىدى. بۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالغان بىر ئارزۇسى ئىدى. ئابدۇللاھ بىننى زۇبەيىر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەججاج كەئبىنى چېقىۋېتىپ مۇشرىك مەككە دەۋرىدىكى شەكلى بويىچە يېڭىباشتىن ياساتقۇزدى. ئۇنىڭغا بۇ يولىيورۇقنى بەرگۈچى دەل ئابدۇلمەلىك ئىدى. بۇ رىئاللىق ئۇنىڭ قانداق ئويلار بىلەن ئىش ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ بىر پاكىتى ئىدى.

ھاكىمىيەت شەكلى يۇقىرىدا مىساللار بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋان، مۇئاۋىيە ۋە يەزىدلەر دۆلەت ئىدېئولوگىيىسى قىلىۋالغان قەدەر چۈشەنچىسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. مەسىلەن، دادا مەرۋان بىننى ھەكەم تاغىسىنىڭ ئوغلى ئامىر بىننى سائىد بىننى ئاسقا ئابدۇلمەلىكتىن كېيىن خەلىپە بولۇش ۋەدىسىنى بەرگەن ئىدى. تارىخچىلار ئەمەۋىلەرنىڭ ئىززەت - ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش ھېيلىسىگە ئالدىنىپ، ئۇنى «ئەلئەشداھ (تاماق ھېسسى يوق ئادەم) لەقىمى بىلەن ئاتىشىدۇ». ئابدۇلمەلىك تاغىسىنىڭ ئوغلى ئامىرنى دادىسىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە قارىماي، باللىرىنىڭ تەخت ۋارىسلىق يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ (ۋاپات، 70 / 687).

ئىبنى قۇتەيبەدىن بىلىشىمىزچە، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان نۇقتا، بۇ جىنايەت ئەسناسىدا ئابدۇلمەلىكنىڭ ئەمەۋى قەدەرچىلىكىگە مەھكەم يېپىشقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان شۇ سۆزىدۇر: «مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى دوستۇڭلار ئامىر بىننى سائىدنى ئاللاھ نىڭ ئەزەلى قازاسى ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلىۋاتقان قەدەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆلتۈرگۈزدى» («ئەل - ئىمامە»، 2 - جىلد، 35).

بۇنداق بولغاندا، ئابدۇلمەلىك ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى» سۈپىتىدە زۇلۇم قىلىپ ناھەق ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى «ئاللاھ نىڭ قازاسى» دەپ قارىماقتا ئىدى. بۇ خىل تەقدىر چۈشەنچىسىنى كىتابىمىزنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىدە ئۆرنەكلىرى بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇئاۋىيە ۋە يەزىدقا ئوخشاش ئەمەۋى خانىدانى ئەزالىرىنىڭ چۈشەنچىسى بىلەنمۇ ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. قەدەر ھەققىدە ئەمەۋىلەرنىڭ رەسمى نەزىرىيىسىگە قارشى چىققان ھەسەن

ئەلبەسرىگە بىر مەكتۇپ يېزىپ، تېرە تاراقشىتىپ ھەيۋە قىلغان ئابدۇلمەلىكنىڭ ھەقىقىي يۈزى مانا مۇشۇنداق.

ھەسەن ئەلبەسرى بۇ جاھىلىيەت تەقدىر چۈشەنچىسىنى قۇرئان ئارقىلىق بىتچىت قىلىشنى ئۆزىگە ئىمانى بىر ۋەزىپە دەپ بىلگەن ئىدى.

## ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋاننىڭ ھەسەن ئەلبەسرىگە يازغان مەكتۇبى

كتب عبد الملك بن المروان الى الحسن البصري

من عبد الملك بن مروان امير المؤمنين الى الحسن بن ابى الحسن البصرى...

سلام عليك، فانى احمد اليك الله الذى لا اله الا هو، اما بعد:

فقد بلغ امير المؤمنين عنك في وصف القدر ما لم يبلغه مثله عن احد ممن مضى، ولا يعلم امير المؤمنين ان احدا ادركه من الصحابة تتكلم به و فيه الذى بلغ امير المؤمنين عنك، وقد كان يعلم منك صلاحا في حالك وفضلا فى دينك ودراية في الفقه وطلبا له وحرصا عليه.

ثم انكر امير المؤمنين هذا القول منك، فاكتب اليه بقولك في ذلك والامر الذى به تأخذ أعن رواية عن احد من اصحاب رسول الله (صلعم ) ام عن [رأى] رأيته ام عن امر يعرف تصديقه فى القرآن، فانا لم نسمع فى هذا الكلام مجادلا ولا ناطقا قبلك، فحصّل لامير المؤمنين رأيك فى ذلك و أوضحه والسلام عليك ورحمة الله و بركاته.

مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئابدۇلمەلىك بىننى مەرۋانىدىن ھەسەن بىننى ئەبىلھەسەن ئەلبەسرىگە:

ساڭا سالام بولسۇن! مەنكى ئەلۋەتتە ساڭا بولغان لۇتفىدىن، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ قا ھەمدۇ - سانا ئېيتىمەن. بۇ كىرىش سۆزدىن كېيىن:

راستىنى ئېيتسام مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە سەندىن قەدەر/تەقدىر ھەققىدە ئاجايىپ مەلۇماتلار كەلدىكى، سەلەفلەر ئىچىدە ھېچكىمدىن ئۇنىڭغا (ئوخشاش) بىر نەرسە يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۇچراشقان ھەر قانداق بىر ساھابىدىنمۇ بۇ ھەقتە سەندىن يېتىپ كەلگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى بىرەر كالام سادىر بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ سېنى ھەر جەھەتتىن ياخشى، دىيانەت جەھەتتىن پەزىلەتلىك، ئىلىمدا چوڭقۇر، فىقھ ساھەسىدە يېتىشكەن، تەلەپچان ۋە ئىلىمگە ئىشتىياقى بار بىرى دەپ بىلىدۇ.

مەقسەتكە كەلسەك، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى سەندىن يېتىپ كەلگەن بۇ قاراشنى رەت قىلدى/بۇ سۆزگە ئىشەنمىدى. دەرھال بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىڭنى ۋە ئاساسلانغان دەلىللىرىڭنى ياز! بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەڭنى رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ساھابىللىرىدىن كەلگەن بىرەر رىۋايەتتىن ئالدىڭمۇ ياكى ئۆز (رايىڭ) ئارقىلىق بۇ چۈشەنچىگە كەلدىڭمۇ ياكى قۇرئان تەستىق قىلغان بىرەر ھۆكۈمگە ئۇلاشتىڭمۇ؟ بىلىپ قالغىنكى، بىز سەندىن ئىلگىرى بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلغان ۋە بۇ ھەقتە سۆز ئاچقان بىرەرسىنى ئۇچراتقىنىمىز يوق. خۇلاسە كالام، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىڭنى ئوچۇق ۋە ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قوي!

ساڭا سالام بولسۇن، ئاللاھ نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى يار بولسۇن.

*ئىزاھات:*

*21. قولىيازمىدا، جۈملىدە بولۇشى كېرەك بولغان [ رأى ] كەلىمىسى بىر شەكىلدە چۈشۈپ قالغان.*

## تېرە تاراقشتىش

ئەمەۋى قەدەر چۈشەنچىسىنى «ئەمەۋى قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى» دېگەن ماۋزۇدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمەۋى سىياسىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مەرۋانىلەر ئەمەۋى قەدەرچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇلمەلىكنىڭ ئەلبەسرىگە يازغان بۇ مەكتۇبىغا ئۇچىنچى بىر شەخسنىڭ ۋاستىچىلىق قىلغانلىقى تېكىستنىڭ خىتاپ ئۇسلۇبىدىن مەلۇم بولماقتا. بارلىق مەلۇماتلار ئۇ شەخسنىڭ ئابدۇلمەلىكنىڭ «زالىم» ۋالىسى ھەججاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، مەكتۇپتىكى يوشۇرۇن تەھدىد تۈسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ئۇلار مەكتۇپ ئارقىلىق تېرە تاراقلىتىپ ھەيۋە قىلغان بولۇپ، ئەلبەسرىدىن رەسمىي رەۋىشتە ئۆزىنى «ئاقلىشىنى» تەلەپ قىلغان. تەھدىت پەقەتلا قۇرلار ئارىسىغا يوشۇرۇلغان بولماستىن، «ئەنكەرە» كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن جۈملىدىكىگە ئوخشاش بەزىدە «مانا مەن» دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. «ئەنكەرە» كەلىمىسى ھەم «غەلىتىلىك ھېس قىلدى» ھەم «ئىشەنمىدى» دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ.

مەكتۇپ ئىگىسى خەلىپە ئابدۇلمەلىك مۇخالىپەتلىرى ۋە رەقىپلىرىگە قارىتا قاتتىق قول ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، سىياسى رەقىبى (ئابدۇللاھ بىننى زۇبەيىر)نى كۆزدىن يوقاتقاندىن كېيىن قىلغان تۇنجى ۋەزىدە «بۇنىڭدىن كېيىن

كىمكى ماڭا " ئاللاھ تىن قورق! " دېسە، شۇ يەردىلا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دېگەن بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قانخورلۇقىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلارنىڭ بىرى مەكتۇپنىڭ مۇھاتابى بولغان ھەسەن ئەلبەسرى ئىدى. مەكتۇپ يېزىشىدىكى مەقسەت ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ نەزىرىيىسىگە زىت پىكرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەلبەسرىنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئىدى. ئۇلار سىياسى ۋەزىيەت تەقەززاسى سەۋەبىدىن بۇ ئىشنى باشقىلارغا قاراتقان يوقۇتۇش ئۇسلۇبىنىڭ ئورنىغا ئاغزىنى ئېتىش ئارقىلىق مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇۋاپىق دەپ قارىغانىدى.

ئابدۇلمەلىك ئەلبەسرىدىن «قەدەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى»گە دائىر ساھابە ۋە قۇرئاندىن شاھىت تەلەپ قىلىدۇ. تېخى ئۇ ۋاقىتلاردا «سۈننەت» ئۇقۇمىنى كۈنىمىزدىكى ئىستىلاھى مەنىسى بىلەن ئىشلىتىلىشى ئومۇمىيلاشمىغان ئىدى. كېيىنكى مەزگىلدە ئىمام مالىكتىن باشلاپ ئومۇمىيلاشقان «سۈننەت» ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا ئۇ ۋاقىتلاردا «ساھابىدىن رىۋايەت» ئىبارىسى ئىشلىتىلەتتى. بۇ ئارقىلىق ئىمام ئەلبەسرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولغان بولسا كېرەك.

ئەلبەسرى بىلەن ئابدۇلمەلىك ئارىسىدا ۋاستىچى بولغان ھەججاج ئابدۇلمەلىكنىڭ مەكتۇبىنى ئەلبەسرى ئۈچۈن ھاياتى بىر تەھدىت دەپ قارىغان بولسا كېرەك، ئەلبەسرىنىڭ جاۋاب مەكتۇبىنى خوجايىنى ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا خەت يېزىپ [ (b) نۇسخىغا قاراڭ ] ھەسەن ئەلبەسرىگە مۇنداق يان باسقان:

«ھەسەننىڭ رىسالىسىدە ئاللاھ نىڭ كىتابىدىن قالسىلا بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك دىلغا داۋا دەلىللەر مەۋجۇتتۇر. ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوقۇپ، تەپەككۇر قىلىپ بېقىشىڭ ئۈچۈن ھەسەننىڭ رىسالىسىدىن ساڭا بىر نۇسخا ئەۋەتىلدىكى،

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ھىدايىتىڭگە ھىدايەت بېرىپ، ئىلمىڭغا ئىلىم قاتقاي. بۇ ھەقتە ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئۆزىڭىز ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى نېمىنى تەقەززا قىلسا ئۆز خاھىشىڭىز ۋە ئويىڭىز بويىچە ئەھۋالغا قاراپ يول تۇتقايسىز! رىسالىگە قارىتا شۈبھىلىك مۇئامىلىدە بولماڭ! چۈنكى بۇ رىسالە ئاللاھ نىڭ ئادالىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان بىر كىشى ئۈچۈن روشەن ۋە چۈشىنىشلىكتۇر. شۇنى ياخشى بىلىڭكى، رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم )نىڭ ساھابىسى بولغان ئالىدىنقى نەسىلدىن ئىلىم ئۆگەنلەر ئىچىدىن ھەسەن ئەلبەسرىدىن بەكرەك ئاللاھ تائالانى ياخشى بىلىدىغان، ئاللاھ نىڭ دىنىدا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ۋە ئاللاھ نىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چۈشەنگەن ئىككىنجى بىر كىشى قالمىدى. شۇنداقلا ئۇ ئەمىلىيەتچان، دىندا ئىشەنچىلىك، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرسى. ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساۋابىنى ئاللاھ تائالادىن ئۈمىد قىلالايدىغان رەۋىشتە سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلغايسىز».
ھەججاجنىڭ ھەسەن ئەلبەسرىنى قوللىغان بۇ جۈملىلىرىدىن مۇنداق يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ: گەرچە ھەججاج شۇنچىۋالا زالىم بىر كىشى بولغان بولسىمۇ، ئەمەۋى قەدەرچىلىكىنى ئېتىۋارغا ئالمىغان. دېمىسىمۇ تارىخى مەنبەلەردە، بۇنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر دەلىل يوق. يەنە بىر ئېھتىمال شۇكى، ھەججاج ئىلتىپات كۆرسىتىپ قانات ئاستىغا ئېلىش ئارقىلىق ھەسەن ئەلبەسرىنى ھىمايە قىلىشى باھانىسى بىلەن ئۇنى كۆندۈرۈش ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاغزىنى تۇۋاقلاشنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك...

# §2. ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئابدۇلمەلىككە يازغان رىسالىسى

## تېكىست ۋە شەرھىسى

من الحسن البصرى لعبد الله عبد الملك ابن المروان

سلام عليك يا امير المؤمنين ورحمة الله، فانى احمد اليك الله الذى لا اله الا هو، اما بعد:

اصلح الله امير المؤمنين وجعله من اوليائه الذين يعملون بطاعته ويبتغون رضوانه ويسارعون فى اتباع ما امرهم به، فان امير المؤمنين اصلحه الله اصبح في قليل من كثير مضوا، والقليل من اهل الاخير منظور اليهم ومعول عليهم ومقتدى باعمالهم.

وقد ادركنا يا امير الامؤمنين اصلحك الله من السلف الذين عملوا بامر الله ورووا حكمته واستنوا بسنة رسول الله( صلعم وآله)،وكانوا لا ينكرون حقا ولا يحقون باطلا ولا يلحقون بالرب الا ما الحق الرب بنفسه، ولا يحتجون الا بما احتج به على خلقه فى كتابه، قال الله تعالى: « وما خلقت الجن والانس الا ليعبدون ما اريد منهم من رزق وما اريد ان يطعمون » فامرهم بعبادته التى لها خلقهم، وما كان الله ليخلقهم لامر ثم يحول بينهم و بينه لانه تعالى « ليس بظلام للعبيد » ولم يكن احد ممن مضى من السلف ينكر هذا القول ولا يجادل فيه، لانهم كانوا فيه على امر واحد متفقين.

ھەسەن ئەلبەسرىدىن ئاللاھ نىڭ بەندىسى ئابدۇلمەلىككە...

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سالام ۋە ئاللاھ نىڭ رەھمىتى ئۈستىڭدە بولغاي!

مەنمۇ ساڭا بولغان لۇتفىدىن، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ قا ھەمدۇسانالار ئېيتىمەن. سالامدىن كېيىن:

ئـالـلاھ مۆئـمـىنـلـەرنـىـڭ ئـەمـرىـنـى ئـىسـلاھ قـىـلـغـاي! ئـۇنـى ئـۆزىـگـە ئـىـتـائـەت بـىـلـەن ئـەمـەل قـىـلـىـدىـغـان، خـۇشـنـۇتـلـۇقـنـى كـۆزلـىـگـەن، بۇيرىـغـان ئـىـشـلارنـى قـىـلـىـشـقـا ئـالـدىـرايـدىـغـان دوستـلـىـرى قـاتـارىـدىـن قـىـلـغـاي! مۆئـمـىـنـلـەرنـىـڭ ئـەمـرى - ئـالـلاھ ئـۇنـى ئـىـسـلاھ قـىـلـسـۇن! مـۇتـلـەق كـۆپـچـىـلـىـكـى تـۇگـەپ، ئـاز بـىـر قـىـسـمـى قـالـغـان كـىـشـىـلـەردىـن بـىـرىـدۇر. ئـۇ ئـازلار ئـىـچـىـدىـن ئـەڭ ئـاخـىـرىـدا قـالـغـانـلار، ھـەمـمـىـنـىـڭ نـەزىـرى ئـۈسـتـىـدە بولـغـان، ئـىـشـەنـچ بـىـلـەن قـارالـغـان، شـۇنـداقـلا ئـىـش - ھـەرىـكـەتـلـىـرى ئـۈلـگـە قـىـلـىـنـغـان كـىـشـىـلـەردۇر.

ئـالـلاھ سـىـنـى ئـىـسـلاھ قـىـلـغـاي ئـى ئـەمـىـرۇلـمـۇئـمـىـنـىـيـن! راسـتـىـنـى ئـېـيـتـقـانـدا، بـىـز ئـالـلاھ نـىـڭ ئـەمـىـرى بـويـىـچـە ئـىـش قـىـلـىـدىـغـان، ھـېـكـمـىـتـىـنـى نـەزەردە تـۇتـىـدىـغـان، رەسـۇلـۇلـلاھـنـىـڭ يـولـىـنـى تـۇتـقـان سـەلـەف (ئـىـزبـاسـار)لـەر بـىـلـەن بـىـرگـە يـاشـاشـقـا مـۇيـەسـسـەر بـولـدۇق. ئـۇلار ھـەقـىـقـەتـتـىـن تـانـمـايـتـتـى، بـاتـىـلـنـى ھـەقـلـىـق چـىـقـارمـايـتـتـى. ئـۇلار يـەنـە رەبـبـىـنـىـڭ ئـۆز زاتـىـغـا نـىـسـبـەت بـەرگـەن نـەرسـىـلـەردىـن بـاشـقـا شـەيـئـىـنـى رەبـبـىـگـە نـىـسـبـەت قـىـلـمـايـتـتـى. ئـۇلار ئـالـلاھ نـىـڭ بـەنـدىـلـىـرىـگـە قـارىـتـا ئـالـلاھ بـەخـش ئـەتـكـەن كـىـتـابـىـدا كـەلـتـۇرگـەن دەلـىـلـلـەردىـن بـاشـقـا دەلـىـلـلـەرنـى كـەلـتـۈرمـەيـتـتـى. جـانـابـى ئـالـلاھ مۇنـداق دەيـدۇ:

«مـەن كـۆز بـىـلـەن كـۆرگـىـلـى بـولـىـدىـغـان ۋە كـۆرگـىـلـى بـولـمـايـدىـغـان ئـىـرادە بـېـرىـلـگـەن بـارلـىـق مـەخـلـۇقـلارنـى پـەقـەت مـاڭـىـلا ئـىـبـادەت قـىـلـسـۇن دەپ يـاراتـتـىـم. ئـۇلاردىـن مـەن رىـزىـق تـىـلـىـمـەيـمـەن ۋە ئـۇلارنـىـڭ مـېـنـى ئـوزۇقـلانـدۇرۇشـىـنـى تـىـلـىـمـەيـمـەن» ( زارىـيـات 56-57 ).

مـانـا بـۇ ئـايـەتـتـە، ئـالـلاھ ئـۇلارغـا يـارىـتـىـلـىـش مـەقـسـىـتـى بـولـغـان «ئـالـلاھ قـىـلا ئـىـبـادەت قـىـلـىـش»نـى ئـەمـىـر قـىـلـدى. ئـالـلاھ ئـۇلارنـى بـىـر ئـىـش ئـۈچـۈن يـاراتـقـانـدىـن كـېـيـىـن، ئـۇلار بـىـلـەن ئـۇ ئـىـشـنـىـڭ ئـارىـسـىـغـا كـىـرىـپ تـوسـالـغـۇ بـولـۇشـى مـۇمـكـىـن ئـەمـەس. چـۈنـكـى جـانـابـى ئـالـلاھ:

«ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» ( ئالئىمران، 182 ).

سەلەفتىن ھېچكىم بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلمىغان ۋە ئۇستىدە مۇنازىرىمۇ قىلمىغان. چۈنكى ئۇلار بۇ ھەقتە ئوخشاش چۈشەنچىگە ئىگە ئىدىلەر.

## سەلەفنىڭ قەدەر چۈشەنچىسى

ئەمما ئەل بەسرى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئۇستى يېپىق تەھدىتىگە سۈكۈت قىلمىغان ھەمدە دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ، رىسالىنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭغا «ئاللاھ نىڭ بەندىسى» دەپ خىتاپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ «بەندە» ئىكەنلىكىنى ئېسىگە سېلىپ قويىدۇ.

ئابدۇلمەلىك ئەلبەسرىدىن «ئۆزىنى ئاقلاشنى» تەلەپ قىلغاندا، قەدەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە ئۇل سالغۇچى ئامىلنى ساھابىدىن كەلگەن بىر رىۋايەتمۇ ياكى قۇرئاندىن ئېرىشكەن ھۆكۈممۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى. ئەلبەسرى ساھابىلەرنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. بىراق ساھابىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانلىقى، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇنتىنىسىز ئىتتىپاقىدىن كېلىپ چىقماقتا. چۈنكى ساھابىلەر ئىچىدىن ھېچكىم بەندىنىڭ ئەمەلى ئۇستىدىكى ئەخلاقى مەسئۇلىيەت ۋە ھۆر ئىرادىسىنى ئىنكار قىلمىغان ئىدى. بۇ بىدئەتنى ئەمەۋىلەر پەيدا قىلغان بولۇپ، مەقسىدى سىياسىي سۈيىئىستېمال ئىدى. ھەممىگە مەلۇم بۇ ھەقىقەتنى ئابدۇلمەلىكمۇ بىلەتتى، بىراق...

ئەمما ئەلبەسرى ئېيتىدۇكى: «سەلەفتىن بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى مۇنازىرە قىلىدىغان ھېچكىم چىقمىغان». ئۇنىڭ بۇ ھۆكمىنى تەستىقلايدىغان بەزى تىپىك مىساللارنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى:

رەسۇلۇللاھنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنى قۇرئان بەرپا قىلغان ئىدى. ئەبۇ ھۇزامەدىن نەقىل قىلىنىشىچە: «دېدىمكى، ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! دۇئا قىلىمىز، دورا بىلەن داۋالىنىمىز ۋە قورققۇنچتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەدبىر ئالىمىز. بۇلار ئاللاھ نىڭ تەقدىرىنى ئۈستىمىزدىن يىراقلاشتۇرامدۇ؟». رەسۇلۇللاھ : «بۇلارمۇ ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدۇ» ( تىرمىزى ).

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى «ئىرادىنىڭ ئىمتىھانى» بىلەن ئۆتكەن ئىدى. ئۇ ئاللاھ نىڭ تەقدىرىنى بىر مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى بىر مەسئۇلىيەت سۈپىتىدە چۈشەنگەن ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى جەريانىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ تەسلىمىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپ تۇرۇپمۇ تەدبىر ئېلىشتا قىلچە بوشاڭلىق قىلمىغان.

رەسۇلۇللاھ قەدەرنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئەمەس، بەندىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئىشەنگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئاۋۋال زىياپەت بەردى، ئاندىن كېيىن دەۋەت قىلدى. بۇ سەۋەبتىن، دارۇلئەرقامنى ئۈچ يىل مەخپىي تۇتتى. بۇ سەۋەبتىن، تۇنجى ھىجرەت يۇرتى سۈپىتىدە ھەبەشىستاننى تاللىدى. بۇ سەۋەبتىن، مەككىدە كۈچ ئىشلىتىشنى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرۈشنى نىشان قىلدى. بۇ سەۋەبتىن، دائىملىق ھىجرەت يۇرتى ئۈچۈن پەيغەمبەرلىكنىڭ 8 - يىلىدىن باشلاپ مۇۋاپىق ماكان ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئوڭۇشسىزلىق بىلەن نەتىجىلەنگەن تائىف سەپىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ سەۋەبتىن، ئەقەبە ئۇچرىشىشىنى پىلانلىدى ۋە بەيئەت بىلەن نەتىجىلەندى. بۇ سەۋەبتىن، ھىجرەتنى ئۇلۇغۋار بىر پىلان دەپ بىلدى. ھىجرەت ئەسلىدە ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلىرىغا قەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلانغان بىر لاھىيە ئىدى. مەدىنىدە يەھۇدىيلار بىلەن تۈزۈلگەن «يازما كېلىشىم» ئاساسىدىكى

بىتىم، بەدىر، ئوھۇد، خەندەك، ھۇدەيبىيە، قازا ئۆمرە ھەجى، خەيبەر، مەككە فەتھى، مۇتە، تەبۇك، ھۇنەيىن ئۇرۇشلىرى ۋە پادىشاھلارغا ئەۋەتكەن دەۋەت مەكتۇپلىرىنىڭ ھەممىسى قەدەرنىڭ مەجبۇرلىشىغا ئەمەس، بەندىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ بىر پاكىتى ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز «ئىرادىنىڭ ئىمتىھانىنى» بېرىش ۋە «مەسئۇلىيەتنى» ئادا قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى ئاتىۋەتكەن تۇرۇغلۇق، ئەخلاقى ۋە ئىمانى تەقەززاسى بويىچە بىرەر قېتىم بولسىمۇ «مەن قىلدىم، مەن ۋۇجۇتقا چىقاردىم» دېمىدى. چۈنكى ئۇ، بەندىنىڭ جۈزئى ئىرادە ۋە كۈچىنىڭ ئارقىسىدا، ئاللاھ تائالانىڭ كۈللى ئىرادە ۋە قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى يەنە ئاللاھ تىن ئۆگەنگەن ئىدى:

«ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى. ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى ئاللاھ ئاتتى. چۈنكى، ئۇ (ئاللاھ) مۇئمىنلەرنى (ئاقىۋىتىنى) ئىنايىتى بىلەن تەقدىر قىلغان ئىمتىھان بىلەن سىنىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال، 17).

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنى قۇرئان بەرپا قىلغان ئىدى. بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك نەقىل قىلىنىدۇ:

ھەزرىتى ئۆمەر شامنىڭ فەتھى قىلىنىشىنى تەبرىكلەش ھەمدە ئىسلام قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. يولدا ئەسكەرى قارارگاھتا ۋابا تارقالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەر ئەتراپىدىكىلەرگە: «مەن ئۆلىمىنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزىمەن، سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار» دەيدۇ. شامدىكى قوشۇننىڭ باش قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە بىن جەرراھ كونا چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرى بىلەن: «ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدىن قېچىۋاتامسەن؟» دەپ سورايدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر: «كاشكى، بۇ سۆزنى سەندىن باشقىسى ئېيتقان بولسا» دېيىش ئارقىلىق بۇ سۆزنىڭ بۇ كاتتا ساھابىگە ياراشمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئارقىدىنلا بۇ چۈشەنچىنى رەت قىلغان ۋە قەدەر مەسىلىسىگە قانداق قاراش لازىملىقىنى تەلىم بېرىدىغان مۇنداق بىر جاۋابنى بېرىدۇ:

«شۇنداق، ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە قېچىۋاتىمەن».

بۇ خىل قەدەر چۈشەنچىسى سەۋەبىدىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا كايىغان ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «قېنى دەپ باققىن، سېنىڭ تۆگەڭ بىر تەرىپى قاقاس، يەنە بىر تەرىپى سۈيى مول بىر باياۋانغا چۈشتى، سۈيى مول يەردە ئوتلاتساڭ ئاللاھ نىڭ تەقدىرى بىلەن ئوتلاتقان بولامسەن ياكى قاقاس يەردە ئوتلاتساڭ ئاللاھ نىڭ تەقدىرى بىلەن ئوتلاتقان بولامسەن؟ » («ئەل- كامىل»، 2 - جىلد، 392 ).

خەلىپە ئۆمەرنىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئوغرى ئېلىپ كېلىندۇ. ھەزرىتى ئۆمەر: «نېمىشقا ئوغرىلىدىڭ؟» دەپ سورىغان ۋاقىتتا ئوغرى قۇرئان ئىلغا ئالغان جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسى بىلەن ئوپمۇ - ئوخشاش جاۋابنى بېرىدۇ: «ئاللاھ نىڭ ھەققىمدىكى قازا ۋە قەدەرى مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوغرىلىدىم». ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ زېھنىمۇ خۇددى قىلىچىدەك ئۆتكۈردۇر: «مەنمۇ سېنىڭ قولۇڭنى ئاللاھ نىڭ قازا ۋە قەدەرى بىلەن كېسىمەن». ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر ئوغرىنى پالاققا بۇيرىيدۇ. «بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دېگەنلەرگە «ئاللاھ قا تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنىمۇ قۇرئان بەرپا قىلغان ئىدى. «نەھجۇلبەلاغەت» ناملىق ئەسەرنىڭ 78 - سۆزىدىن نەقىل قىلايلى:

«بىزگە شام سەپىرىمىزنىڭ ئاللاھ نىڭ قازا ۋە قەدەرى بىلەن بولغان - بولمىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرسىڭىز»

دېگەن ئادەمگە ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: «ۋاي ئىسىت ساڭا! سەن قازا ۋە قەدەر ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى قولىدىن تارتىۋالىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئەگەر ئىش سەن ئويلىغاندەك بولسا جازا ۋە مۇكاپاتنىڭ، خوشخەۋەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ، ھەممىدە ئەمىر ۋە چەكلىمىلەرنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمىغان بولاتتى. ئاللاھ گۇناھ سادىر قىلغان كىشىلەرنى ئەيىپلىمىگەن ۋە ياخشى ئىش قىلغانلارنى ماختىمىغان بولاتتى. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشى يامان ئىش قىلغانلاردىن ئۈستۈن دېيىلمەيتتى. يامانلىق قىلغان، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە نىسبەتەن تەنقىتكە ئۇچرىمايتتى». ھەزرىتى ئەلىنىڭ كىنايە بىلەن تولغان بۇ سۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ دەل جاھىلىيەت مۇشرىكلىرىنىڭ قەدەر چۈشەنچىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «بۇ دېگەنلىرىڭ بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ، شەيتاننىڭ قاراۋۇللۇقىنى قىلىدىغانلارنىڭ، يالغانچى شاھىتلارنىڭ ھەمدە ھەقىقەتكە قارىتا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانلارنىڭ سۆزۈدۇر» دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئىنساننىڭ ئىلكىدىكى ئىشلارغا قارىتا تەقدىرنى تاللاش، ئىلكىدە بولمىغان ئىشلاردا تەقدىرگە بويسۇنۇش دەپ چۈشىنەتتى. ئۇ سورالغا بىر سوئالغا ئاساسەن قەدەرنى مۇنداق دەپ تەرىپلىگەن: «قەدەر تائەت - ئىبادەتكە بۇيرۇش، گۇناھ مەئسىيەتتىن توسۇش، ياخشى ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە يامان قىلمىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا كىشىنى ئەركىن قويۇپ بېرىشتۇر» (سۇبھانى، «ئەلقازا ۋەل قەدەر»، 74 ).

بۇ مىسالدىن شۇنى بىلىۋالايمىزكى، ئىنساننىڭ قەدەرىدە ئۆز ئىرادىسىنىڭ بىر ئۆلۈش ھەسسىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلىش ئاللاھ قا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. گەرچە قۇرئان نازىل بولغىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، بىراق قۇرئاننىڭ

مۇھاتابلىرى ئىچىدە ھازىرمۇ جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىگە ھېچ چاغ قوندۇرماستىن ياشاۋاتقانلارنىڭ مەۋجۇتلىقى نامايان بولماقتا. ئۇلارنىڭ سانىنىڭمۇ ئۇنچە ئاز ئەمەسلىكىنى تۆۋەندىكى ۋەقەلىكتىن كۆرۈۋالالايمىز:

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغانلار «ساڭا تاش ئېتىۋاتقان ئاللاھ تۇر» دېيىشكەنىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جاۋابىدىن پەرقسىز ئىدى: «يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، ئەگەر ئاللاھ تاش ئاتقان بولسا ئىدى، ئاتقان تاشلىرىنى دەل جايىغا تەككۈزەتتى». ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇ چۈشەنچىسى بىلەن ئۇنى خىلاپەت ئورنىدىن ئايرىلىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغانلارغا «ئاللاھ كەيگۈزگەن كۆينەكنى چىقارمايمەن» سۆزى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق بارلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنىمۇ قۇرئان بەرپا قىلغان ئىدى. شەھرىستانى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

بىر كۈنى ئامر ئىبنى ئاس ئۇنىڭدىن: «ئاللاھ ماڭا بىر نەرسىنى تەقدىر قىلىپ بولۇپ، ئاندىن مېنى بۇ سەۋەبتىن ئازابقا دۇچار قىلامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ، «ياق» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، «نېمىشقا» دەپ سورايدۇ. ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى: «چۈنكى ئاللاھ ساڭا زۇلۇم قىلمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ ئەبۇ مۇسا بىلەن ئامر بىن ئاس ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنىمۇ قۇرئان بەرپا قىلغان ئىدى. ئىبنۇلمۇرتەزا «تاباقات» ناملىق ئەسىرىدە مۇنۇلارنى تىلغا ئالغان:

بەزى كىشىلەر ھاراق ئىچىپ، ئوغۇرلۇق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن بۇ ئادەملەر بۇلارنىڭ ئاللاھ نىڭ ئىلمىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ گۇناھلارنى ئىشلەشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىبنى ئۆمەرگە

يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغ ئاللاھ نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن (سۇبھانالLاھ). ئۇلارنىڭ ئۇ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقلىرى ئاللاھ نىڭ ئىلمىدا بار ئىدى. لېكىن ئاللاھ نىڭ ئىلمى ئۇلارنى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ».

قوشۇمچە:

ساختا سوئاللار جاۋابنى زەھەرلەيدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلمايدۇ، ئەكسىچە يېڭى مەسىلىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل ساختا سوئاللاردىن بىرسى «ئاللاھ ئۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ياكى شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەمتى؟» بولۇپ، بۇنداق ساختا سوئالنى سورىغان ئەقىلگە مۇنداق سوئالنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ:

- سەن ئاللاھ نى مەلۇماتىغا مەھكۇم ۋە مەجبۇر دەپ قارامسەن؟ ئاللاھ نى ئۆز ئىلمىغا مەھكۇم ۋە مەجبۇر دەپ قارىغان كىشى ئاللاھ نى ئاجىز دەپ قارىغان بولىدۇ. سەن ئاللاھ قا «ئاجىزلىقنى» چاپلىماقچىمۇ؟

بۇ ساختا سوئالنى سورىغان ئەقىلنىڭ ئىگىسىگە قۇرىدىغان ئۈچ تۈزىقى بار:

1. زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىغان مۇتلەق ئىلاھى ئىلىمنى زامان ۋە ماكانغا مەھكۇم بولغان ئۆزىنىڭ ئىلمىگە ئارلاشتۇرۇپ قويۇش بولۇپ، بۇ نەتىجىدە ئاللاھ نى (تەۋبە) خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش دەپ گۇمان قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

2. ئاللاھ نى ئىلاھى ئىلمىغا مەھكۇم ۋە مەجبۇر دەپ گۇمان قىلىپ، ئاجىزلىقنى ئاللاھ قا نىسبەتلەش.

3. ئاللاھ نىڭ «ھەر ۋاقىت مەۋجۇداتقا مۇداخىلە بولۇپ تۇرغۇچى» ۋە «ھەر ۋاقىت يېڭىدىن ياراتقۇچى» بىر خەللاق (ياراتقۇچى) ئىكەنلىكىنى، تاللاش ھوقۇقى ئارقىلىق مەسئۇلىيەت ئېڭى بېرىلگەن بەندىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەنگەن

ئىش - ھەرىكەت ۋە قىلمىشلىرىغا مەجبۇرلىمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇش.

ئەگەر مەسىلە كالامچىلارنىڭ قىلغىنىدەك «ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى ھىمايە قىلىش» بولسا ھەر ۋاقىت يېڭىدىن يارىتىپ تۇرىدىغان بىر ياراتقۇچى ھەر بىر بەندىسىنىڭ مىنۇت - سىكۇنتلىق ئىش - ھەرىكىتىگە يارىشا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىدىغان بىر ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى ئالدىنئالا ھەممىنى بەلگىلەپ قويغان، بەلگىلىگەننى بۇزۇشقا قادىر بولالمايدىغان ۋە ئالدىنئالا بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىلمىگە مەھكۇم بولغان بىر قۇدرەتكە نىسبەتەن چەكسىز ئۇلۇغدۇر.

يۇقىرىدىكى مىساللار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسى قۇرئان نازىل بولغاندىن كېيىنمۇ جاھىلىيەت داشقاللىرىنىڭ كاللىسىدىن تەل - تۆكۈس يوقالمىغان. پۇرسەت تېپىلغاندا، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، كىشىنىڭ ھەرىكىتىدە نامايەن بولغان جاھىلىيەت قەدەرچىلىك ئەنئەنىسى ئەمەۋىلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە دۆلەتنىڭ رەسمىي ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلاندى. تېخى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، ھىجرى 2 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رىۋايەت مەدەنىيىتى ئارقىلىق تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. خۇددى قۇرئانى كەرىمگە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققاندەك قۇرئانغا زىت بولغان قەدەر چۈشەنچىسى ئۆزىنى رىۋايەتلەر بىلەن مۇستەھكەملىدى.

ساھابىلەرنىڭ قەدەر چۈشەنچىسى مانا مۇشۇنداق ئىدى. ھەسەن ئەلبەسرىمۇ ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. ئەسلىدە پەرقلىق بولغان نەرسە ئەمەۋىلەرنىڭ قەدەرچى/جەبرىچى ئەقىدىسى ئىدى. ئەلبەسرى بۇ چۈشەنچىنى زارىيات سۈرىسىنىڭ 56 - ۋە 57 - ئايەتلىرى ئارقىلىق رەت قىلغانىدى. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن

ياراتقان ئىدى. ئاللاھ قا ئىبادەتنىڭ ئۆلى ئەركىن ئىرادە ئىدى. ئىنسان ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىش ياكى قىلماسلىقنى ئۆزىنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن تاللايتتى. بۇ تاللاشنى بەندىگە ۋاكالىتەن ئاللاھ ئۆزى بەجا كەلتۈرۈپ ئاندىن بەندىدىن ھېساب سورايدىغان بولسا بۇ زۇلۇم بولغان بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ يوقلىقىنى قۇرئان بايان قىلىۋاتاتتى ( 3:182؛ 8:51؛ 22:10؛ 41:46؛ 50:29 ). ھەسەن ئەلبەسرى ئېيتىدۇكى: «سەلەفتىن بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ياكى بۇنى مۇنازىرە قىلىدىغان ھېچكىم چىقىپ باقمىغان، چۈنكى بۇلار بۇ مەسىلىدە ھەمپىكىر ئىدى».

بۇ مەسىلىدە ھەمپىكىر بولغان كىشىلەرنىڭ قەدەر چۈشەنچىسىنى ۋەھيي شەكىللەندۈرگەن ساھابىلەر ئىدى. يۇقىرىدىكى مىساللاردىنمۇ ئېنىق مەلۇم بولغاندەك بۇ مەسىلىدە جاھىلىيەت چۈشەنچىسىنىڭ داشقاللىرىنى كۆتۈرۈۋالغانلارنىڭ ئەقىدىسى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا شىددەت بىلەن رەت قىلىنىپ، دەرھال تۈزىتىلەتتى. ئەمەۋىلەر دەۋرىگە كەلگىچە ھېچكىمنىڭ جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىغا يول قويۇلمىغانىدى. ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان ۋە جاھىلىيەتتىن قالغان دېيىشكە بولىدىغان خاتا چۈشەنچىلەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ساھابىلەرنىڭ سەر خىللىرى تەرىپىدىن تۈزىتىلەتتى.

## سەلەف چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلۇش جەريانى ھەققىدە

سەلەفى سالىھىنلارنىڭ سەھىھ قەدەر چۈشەنچىسى قۇرئاننىڭ ئەسەرى بولۇپ، ساھابە كىراملار ئانىلىرىدىن تۇغۇلۇشتىلا ساھابە بولۇپ تۇغۇلمىغانىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى جاھىلىيەت ئەقىدىسىنىڭ ئەۋلاتلىرى

ئىدى. ھەر ئىنسانغا ياشاۋاتقان مۇھىتى قانداق تەسىر كۆرسەتسە، ئۇلارغىمۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئىجتىمائىي جەمئىيەت تەسىر كۆرسىتىپ، زېھنىدە بەزى چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

قۇرئان ئۇلارنى «قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش»قا ۋەدە بەردى. قۇرئان «قاراڭغۇ زۇلمەت» دەپ ئاتىغان نەرسە ۋەھىي نازىل بولغان جەمئىيەتنىڭ ئېتىقات، ھېس - تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلىرى ئىدى. بۇ ئامىللار ۋەھىي بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە يېڭىدىن شەكىللىنەلىسە شۇنىڭغا ماس ھالدا «قاراڭغۇ - زۇلمەتلەردىن يورۇقلۇققا چىققان» بولاتتى. بۇ ئۇنداق ئاسانغا توختىمىدى. ۋەھىينىڭ 23 يىللىق نازىل بولۇش جەريانىدا چەكلىك ساندىكى كىشىلەر «ۋەھيىنىڭ ئادىمى» دېيىشكە لايىق بولغىدەك سەۋىيەدە ۋەھىي تەربىيىسىدىن ئۆتكەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئىنسان كۆپ ئىدى، ئەمما ئۇمۇ ئادەم قەھەتچىلىكىنىڭ رىيازىتىنى تارتقانىدى. بىر قېتىم دەردىنى تۆكۈپ بۇ ئاچچىق رېئاللىقنى مۇنداق تىلغا ئالغان ئىدى:

«ئىنسانلارمۇ تۆگىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزىدە يۈز تۇياق تۆگىنى بىر يەردە تاپالىغان بىلەن ئىچىدىن مىنگىلى بولغىدەك بىرەرسىنىمۇ تاپالماسلىقىڭلار مۇمكىن» ( مۇسلىم، ف.ساھابە، 232 ).

قۇرئان تەربىيىلەپ چىققان چەكلىك ساندىكى بۇ قۇرئان ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمى جەڭلەردە شېھىت بولدى، بىر قىسمى ئىچكى ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن زايا بولۇپ كەتتى. پەقەت بىر - بىرىگە قارشى سەپ تارتقان «جەمەل» ئۇرۇشىدىلا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 10000 مىڭغا يەتكەن ئىدى. بۇ ئىككى تەرەپ بولۇپ سەپ تارتقۇچىلار ساھابىلار ئىدى. ھەممىدىن يامان بولغان نەرسە بىر - بىرىگە تىغ كۆتۈرۈپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىگىچە بېرىپ تاقالغان بۇ ئىچكى ئىختىلاپلار

كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا ساقايماس يارا پەيدا قىلغان ئىدى. بۇ يارا قانداق داۋالىنىدۇ؟ بۇ ئىش قانداق ئىزاھلىنىدۇ؟ ۋىجدانلار نېمە بىلەن پەپىلىنىدۇ؟

بىر مۇسۇلماننى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلىدىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان مەسىلە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قانداقلارچە بىر - بىرلىرىنى ئۆلتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىختىلاپقا مۈپتىلا بولۇپ قېلىشى ئىدى. ۋاھالەنكى، قۇرئان «مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر» ( ھۇجرات، 10 ) دېگەن ئىدى. يەنە «ھەممىڭلار ئاللاھ نىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، تەپرىقىگە مۈپتىلا بولماڭلار» ( ئالئىمران، 103 ) ۋە «نىزالاشماڭلار، مەغلۇپ بولىسىلەر» ( ئەنفال، 46 ) دېگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ ئەمدى 25 يىل بولاي دېگەندە، ھىجرى 35 - يىلى زۇلھەججە (مىلادى 656 - يىلى ئىيۇندا) ئېيىدا 3 - خەلىپە نامازخان كىشىلەر تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ تېخى تۆت ئاي ئۆتمەيلا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى جەمەل (تۆگە) ئۇرۇشىدا بىر - بىرىگە قىلىچ تەڭلىدى. قۇرئان مەسىلەرنى كېڭەش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئېيتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى مەسىلىنى قىلىچ بىلەن ھەل قىلىشقا ئورۇنۇشلىرى كىشىلەرنىڭ ۋىجدانلىرىدا چاقماق سوققاندەك تەسىر پەيدا قىلدى.

بۇنى قانداق چۈشەندۈرگىلى بولىسۇن؟ نېمە دېسە قانائەت ھاسىل قىلمىغان، ئىزاھات بەرمىسە تېخى بولمىغان. بۇ ۋەقەلەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتلار سوئاللارغا جاۋاب بولۇش ئۈياقتا تۇرسۇن يېڭى سوئاللارنى تۇغدۇراتتى.

ئاخىرقى ھېسابتا بەزىلەر بۇنى ئىزاھلاشنىڭ ئەڭ ئاسان يولىنى تاپتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ۋە چۈشەنچىسىنى

قۇرئـان بەرپـا قىلىنغـان ئىـدى. بەلكىـم بەزىلەرنىـڭ نىيىتـى ياخشى ئىدى. ئېھتىمال بەزىلىرى توپىلاڭدىن توغىچ ئوغۇرلاش كويىـــدا بولۇۋاتـــاتتى. نەتىجىـــدە قۇرئـــان ئالدىـــدا ئـــۆتكىلى بولمايـدىغان تاغـدەك قەد كۆتـۈرۈپ، ئالـدىنى توسـۇپ تۇرغـان جـــاھىلىيەت چۈشەنچىســـى ئـــۆزىگە ئـــوغرى يـــولنى تېپىـــپ، ئالدىـدىكى توسـالغۇدىن ھالقىـپ، ئـۆزىنى قايتىـدىن نامـايەن قىلالايدىغان بىـر يول تاپقان ئىـدى. ئىزدەۋاتقان چارە تېپىلغان بولـۇپ، يـۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىـڭ ھەممىسـى بىـر كەلىـمە بىلەنلا ئىزاھلاندى:

قەدەر ـــ تەقدىرى ئىلاھىي.

ئـــاللاھ شـــۇنداق تەقـــدىر قىلغـــان بولغاچقـــا مۇشـــۇنداق بولغانىدى. بۇنىڭغا كىم بىر نەرسە دېيەلەيتتى؟ بولـۇپ بولغان ئىشـقا ۋە ئـۆلگەنلەرگە چـارە تېپىلمـايتتى. سـاھابىلار بىـر - بىرىنـى ئۆلتۈرگەنـدى، بىـراق بۇنىڭـدا ھېچكىمنىـڭ خاتـالىقى يـوق ئىـدى. پەقەت بىـرلا جىنـايەتچى بـار بولـۇپ، ئۇمـۇ ئېنىـق ئىدى: قەدەر.

بۇ ئاتالمىش چارە ھەر ئىككى تەرەپتىن ئالقىشقا ئېرىشكەن ئىدى. نېمىشقا قولـلاشقا ئېرىشمىسـۇن؟ بىـرىنچىـدىن، بـۇ چـارە ئىنتـايىن ئەپلىـك ئىـدى. «قـازايى قەدەر» دېيىلگەنـدە ھېچكىم غىڭ-پىڭ قىلالمايتتى. ھېچكىم قەدەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن ھېســـاب ســـورالمايتتى. ئۇنىـــڭ ئۈســـتىگە «قەدەر» دېـــگەن نەرسـىنىڭ ئىگىسـى ئـاللاھ بولـىدىغان بولسـا ھېچكىمنىـڭ بۇنىڭغـا جـۈرئەت قىلىشـى ھەرگىـزمۇ مـۇمكىن ئەمەس ئىـدى. ئاندىن قالسـا «قەدەر» دەپ جـاۋاب بېـرىش قـارا تـۈرۈك ئاۋامنىـڭ ۋىجـدانىنى ئـارام تـاپقۇزۇش ئۈچـۈن ئەپچىـل بىـر ئـاغرىق پەسـەيتكۈچى مەلـھەم ئىـدى. شـۇنداق قىلىـپ «كىـم ھەقلىـق، كىـم ھەقسـىز؟» دەپ سـۈرۈشـتۈرۈش كـۈلپىتىـدىنمۇ قۇتۇلغـان بولـــدى. «قـــازايى قەدەر» دېيىـــلا ھۆجـــۈم قىلغـــۇچى تەرەپ جىنايىتىنىـــڭ ھېســـاۋىنى بېرىشـــتىن خـــالاس بولغـــان،

زىيانكەشلىككە ئۈچرىغۇچى تەرەپمۇ ئازابىنى پەسلىتىدىغان بىر باھانىگە ئېرىشەتتى. ئەگەر ئوتتۇرىدا ئادالەتنى يۈرگۈزىدىغان بىر كۈچ ۋە ئادىل ھۆكۈمگە رازى بولىدىغان تەرەپمۇ بولمىسا «قازايى قەدەر» جاۋابى ئەڭ ئەپچىل بولغان بىردىن - بىر تاللاش يولى بولۇپ قالاتتى.

مۇشۇنداق چۈشەنچىدىكىلەر زېھنىدىكى يۈكتىن ئەڭ ئاسان ئۇسۇل بىلەن قۇتۇلدى ۋەياكى قۇتۇلدۇق دەپ گۇمان قىلىشتى. لېكىن ساھابىلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشلىرى «ئاللاھ نىڭ تەقدىرى» ياكى «تەقدىر شۇنداقكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامالىمىز بار؟» دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش ھەر قانداق كىشى قىلالايدىغان ئىشى ئەمەس ئىدى. بۇ مەسىلىگە باشقىلارغا ئوخشاش قارىمىغانلار تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى:

- ساھابە ساھابىنى ئۆلتۈردى. مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا قىلىچ تەڭلىدى. بۇنى قىلغانلار مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمىدى؟ بۇنداق قىلماسلىق قولىدىن كەلمەمتى؟

بۇ سوئالغا «شۇنداق، قولىدىن كەلمەيتتى» دېگۈچىلەرنى مۇخالىپلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا «جەبرىيە» دەپ ئاتىدى.

بۇ سوئالغا «ياق، قولىدىن كېلەتتى» دېگۈچىلەرنى مۇخالىپلىرى «قەدەرىيە» دەپ ئاتىدى.

جەبرىيە ئۆزىنىڭ نەزىرىيىسىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بەندىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئىنكار قىلدى. قەدەرىيە جەبرىيەنىڭ ئەكسىچە بەندىنىڭ قىلمىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ كۆرەش پىكىر دۇنياسىدىلا قالغان بولسا بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىپ، باغۇ - بوستانلىقلار شەكىللەنگەن، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقاتتى. بىراق بۇ پىكرى مۇنازىرىگە كېيىنكى مەزگىلدە سىياسىئونلارمۇ قول تىقتى. ئەمەۋىلەر سەلەفلىرىگە ئوخشاش جەبرىيىنىڭ

نەزىرىيەسىنى سەلتەنەتلىرى ئۇچۇن ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ بايقاش بىلەن تەڭ مەسىلە پىكرى مۇنازىرە ساھاسىدىن ھالقىپ، كېيىنچە «جەبرىيە» دەپ ئاتالغان گۇرۇپپىنىڭ چۈشەنچىسى دۆلەت ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بارلىق سەلتەنەتلەر بۇ چۈشەنچىنى ئۆز ھاكىمىيەتلىرى ئۈچۈن پىشاڭ سۈپىتىدە ئىشلىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىدى.

نەتىجىدە قۇرئان ئاچقان «مەسئۇلىيەتنى» ئاساس قىلغان ھۆر ئىرادە يولى بارغانسېرى تارىيىپ، جاھىلىيەتنىڭ «مەسئۇلىيەتسىزلىك»نى ئاساسي پرىنسىپ قىلغان قەدەرچى يولى ئۆزىگە خېرىدار يىغىشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، قۇرئان بۇ يولنىڭ ئالدىنى توسقان ئىدى. لېكىن جاھىلىيەتنىڭ قەدەرچى ئەنئەنىسى ئىسلام رىۋايەت ئەدەبىياتىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىردى. ئۆزىنى رىۋايەتلەرگە يۇدگۈزۈپ، قۇرئاننىڭ سىرتىدا ئەمما قۇرئانغا پاراللېل بولغان بىر پاراللېل قەدەر چۈشەنچىسىنى تىكلىدى.

ھەسەن ئەلبەسرى بۇ يولنىڭ ئاخىرى بېرىپ توختايدىغان يېرىنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يەتكەن يىراقنى كۆرەلەيدىغان، پاراسەتلىك سەلەف ئالىملىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يامان يولنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى قۇرئان ئاچقان يولغا ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز دەۋرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمدارىغا خىتابەن «قەدەر رىسالىسى»نى قەلەمگە ئالدى. بۇ ئارقىلىق يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەسىقىنى مىراس قالدۇرۇپ بۇ ئالەمدىن كەتتى.

## تېكىست ۋە شەرھىيسى

وانما احدثنا الكلام فيه حيث احدث الناس النكرة له، وارتكبوا الاهوية المضلة و الذنوب الموبقة وحرّفوا كتاب الله، وليس دين الله

بالامانى، قال الله تعالى: « ليس بامانيكم ولا امانى اهل الكتاب من يعمل سوء يجز به » فكل قول ليس عليه برهان من كتاب الله فهو ضلالة، قول الله تعالى: « هاتوا برهانكم ان كنتم صادقين » يعنى فيما كذبتم به عليّ وابتدعتم باهوائكم: « فعلموا ان الحق لله و ضل عنهم ما كانوا يفترون »

فافهم يا امير المؤمنين[ و يتلوا]عليك الكتاب ودع عنك اهواء من لا يعلم بقضاء الله و حكمه، فان الله يقول: « ذلك بان الله لم يكن مغيّرا نعمة انعمها على قوم حتى يغيّروا ما بانفسهم » فكان بدء النعمة من الله تعالى و كان التغيير من العباد لمخالفتهم ما امرهم به كما قال الله: « ألم تر الى الذين بدلوا نعمة الله كفرا واحلّوا قومهم دار البوار جهنم » فكانت النعمة من الله تعالى والتبديل من العباد، لانهم تركوا ما امرهم به وعملوا ما نهاهم عنه.

قال الله تعالى: « ولا تقربوا الفواحش ما ظهر منها وما بطن » وما نهى الله عنه فليس منه لانه[ لا]يرضى ما سخط ولا يسخط ما رضى، لان الله تعالى يقول: « ان تكفروا فان الله غنى عنكم ولا يرضى لعباده الكفر وان تشكروا يرضه لكم » فلو كان الكفر من قضاء الله و قدره لرضيه ممن عمله، وما كان الله ليقضى قضاء ثم لا يرضى بقضاءه وليس الجور و الظلم من قضاء الله ولكن قضاءه امره بالمعروف والعدل والاحسان وايتاء ذى القربى و ينهى عن الفحشاء و المنكر و البغى، قال: « وقضى ربك الا تعبدوا الا اياه وبالوالدين احسانا ».

بىز بۇ چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولساق، بۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ «ئاللاھ نىڭ بەندىلىرىنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا ئەسلا توسالغۇ بولمايدىغانلىقى»دىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشقا باشلىغانلىقى، ئازدۇرغۇچى ھاۋايى - ھەۋەس ۋە چوڭ گۇناھلارغا يۈزلىنىپ، ئاللاھ نىڭ كىتابىنى بۇرمىلىۋەتكەنلىكىدىندۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ نىڭ دىنى ھاۋايى - ھەۋەسكە ئاساسلانمايدۇ. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىش (ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاپ) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيىڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ» (نىسا، 123). ئاللاھ نىڭ كىتاۋىدىن بىرەر دەلىلگە ئاساسلانمىغان ھەر تۈرلۈك چۈشەنچە بىر زالالەتتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر، ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن (بەقەرە، 111). يەنە سىلەر خالىغانچە توقۇپ چىقىپ ماڭا نىسبەت قىلغان مەسىلىلەردە: «ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ئاللاھ قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرى ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن چەتكە ئالىدۇ» (قەسەس 75).

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ نىڭ قازا ۋە ھۆكمىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى تاشلاپ، ساڭا ئوقۇپ بېرىلگەن كىتابنى چۈشىنىشكە تىرىشقىن. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلاھىي قانۇن مانا مۇشۇنداق: بىر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇپرى ۋە گۇناھ) ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» (ئەنفال، 53). دېمەك نېئمەتنىڭ بېرىلىشى ئۇلۇغ ئاللاھ تىن، نېئمەتنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەمرىگە قارشى چىققانلىقى تۈپەيلىدىندۇر. خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھ نىڭ بەرگەن نېئمىتىگە كۇپۇرلۇق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە

چۇشۇرۇپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟» (ئىبراھىم، 25) ئايىتىدە تىلغا ئالغاندەك نېئمەت ئاللاھ تىن، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىش بەندىدىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ بۇيرىغان ئەمەللەرنى تەرك ئەتتى، ھارام قىلغان، قىلماسلىقنى تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدى.

جانابى ئاللاھ ئېيتىدۇكى: «ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار» (ئەنئام، 151). ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلار ئاللاھ تىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ خۇرسەن بولمىغان ئىشلاردىن [ رازى ] بولمايدۇ. رازى بولغان ئىشلاردىن نارازى بولمايدۇ. چۈنكى جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كاپىر بولساڭلار ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان شۈكرىڭلاردىن رازى بولىدۇ» (زۇمەر، 7). ئەگەر كاپىرلىق ۋە نانكورلۇق ئاللاھ نىڭ قازايى - قەدەرى بولغان بولسا ئىدى، ئۇنى قىلغان كىشىدىن ئاللاھ رازى بولغان بولاتتى. باشتا بەندىسىنى بىر ھۆكۈمگە باغلاپ قويۇپ، ئاندىن بەندىنى مەجبۇر قىلغان ئۇ ھۆكمىدىن رازى بولماسلىق ئاللاھ قا ياراشمايدۇ. ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇم ئاللاھ نىڭ قازايى - قەدەرى ئەمەس. ئۇنىڭ قازايى -قەدەرى ھەممىگە ئورتاق بولغان ياخشىلىقنى، ئادالەتنى، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ھەمبەھىر بولۇشنى ئەمر قىلىشىدۇر. ھەر تۈرلۈك ھاياسىزلىقتىن، يامانلىق ئېكەنلىكىدە بارچە ئىنسانىيەت بىرلىككە كەلگەن قىلمىشلاردىن ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن چەكلىشىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيدۇ» ( ئىسرا، 32 ).

## ئاللاھ نىڭ كىتابىدىن بىر دەلىلگە ئاساسلانمىغان ھەر چۈشەنچە بىر ئازغۇنلۇقتۇر

ئەلبەسسىرى ئېيتىدۇكى: «ئاللاھ نىڭ كىتابىغا ئاساسلانمىغان ھەر قانداق چۈشەنچە زالالەتتۇر». ئۇنىڭ بۇ سۆزى قۇرئاننىڭ «ھەقىقەتتىن قالسىلا گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس» (يۇنۇس، 32) ئايىتىنى ئەسلىتىدۇ.

رىسالە باشتىن ئاخىرى ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمگە قانچىلىك ساداقەتلىك بىلەن ئەگەشكەنلىكىنىڭ شاھىدىدۇر. چۈنكى ئۇ قانداقلىكى بىر سۆزنى ئېيتسا ئارقىدىنلا ئۇ سۆزىدە ئاساسلانغان قۇرئان ئايىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مۇھاتابى ئابدۇلمەلىكنى دادىللىق بىلەن مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: «ئاللاھ نىڭ قازا ۋە ھۆكمىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ۋە ئارزۇلىرىنى تاشلاپ، ساڭا ئوقۇپ بېرىلگەن كىتابقا قۇلاق سالغىن».

قۇلاق سېلىشنى تەلەپ قىلغان ئەنفال سۈرىسى 53 - ئايەتنى قەدەرچىلىككە قارشى شاھىت سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئايەت ئاللاھ نىڭ بىر قانۇنىيىتى ھەققىدە توختالغانىدى. بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئاللاھ بىر قەۋمگە ئاتا قىلغان نېئمىتىنى ئۇ قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئۆزگەرتمەيدۇ. يەنى ئاللاھ نىڭ تەقدىرى مەزكۇر قەۋمنىڭ تاللىشىغا باغلىقتۇر. ئاللاھ قەۋمنىڭ گۇمراھلىققا پېتىشىنى تەقدىر قىلمايدۇ، ئىرادە قىلمايدۇ. بۇنداق قىلىشقا رازى بولمايدۇ. ئەگەر قەۋم گۇمراھلىقنى تاللىسا، ئاللاھ مۇ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېئمىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەلبەسرىنىڭ مۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى: «نېئمەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ دۇر، نېئمەتنىڭ ئۆزگۈرۈپ كېتىشى بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىندۇر».

ئەگەر بەندىلەر «ئاللاھ نېئمەتنىنى ئۆزگەرتمىسۇن» دەيدىكەن ئۇنداقتا ئۆزلىرى ئۇ نېئمەتكە لايىق بولۇشى لازىم. ئاللاھ نىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنماسلىق نېئمەتكە نانكورلۇق قىلغانلىقتۇر. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شۇ ئىلاھى قانۇن ئۆزىنى كۆرستىشكە باشلايدۇ: «نېئمەتكە شۈكۈر قىلساڭلار ئۇنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىمەن، ئەگەر كۇپرانى نېئمەت قىلساڭلار مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىقتۇر» ( ئىبراھىم، 7 ).

ئۇ ئېيتىدۇكى: «ئاللاھ مەنئى قىلغان نەرسە ئاللاھ تىن ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇ ياقتۇرمايدىغان ئىشتىن رازى بولمايدۇ. ياقتۇرغان ئىشتىن رازى بولىدۇ ».

ئىنسان بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن بۇنىڭغا «قەدەر»نى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتسە ئاللاھ قا تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ بىگۇناھ ئىنساننى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان. ئاللاھ ھارام قىلغان قىلمىشنى «قەدەر» دېيىش ماھىيەتتە ئاللاھ بەندىسىنى ئەرشتىكى كىتابى ئارقىلىق جىنايەتكە مەھكۇم قىلغان، لېكىن يەر يۈزىدىكى كىتابى (قۇرئان) بۇنى چەكلەپتۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بىر - بىرىگە زىتتۇر، ئاللاھ قا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ بىر ئىشنى چەكلەپ، ئاندىن بەندىسىنى ئۇنىڭغا مەھكۇم ۋە مەجبۇر قىلمايدۇ.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، ئەلبەسىرى زۇمەر سۈرىسىنىڭ 7 - ئايىتىنى دەلىل سۈپىتىدە نەقىل قىلغان. بۇ ئايەتتە ئاللاھ كاپىرلىق ۋە نانكورلۇقنىڭ فائىلى (ئىگىسى) سۈپىتىدە بەندىلەرنى كۆرستىپ ئۆتكەن. ئاللاھ بۇ قىلمىشلارنى ئۆزىگە نىسبەتەن قىلمايدۇ (ئاللاھ بارچە خاتالىقلاردىن خالىيدۇر). كۇفۇرلۇق ۋە شۈكۈردىن بىرسىنى تاللاشنى بەندىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگۈچى ئاللاھ تۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە بۇلاردىن

قايىسىدىن رازى بولىدىغانلىقىنى، قايىسىدىن رازى بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز تاللىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالماي مەسئۇلىيەتنى ئاللاھ قا ئارتىپ قويىدىغان قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ تېگىدە ئاللاھ قا قىلىنغان ئەڭ ئېغىر تۆھمەت ياتقانلىقىغا كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ: «باشتا بەندىسىنى بىر ھۆكۈمگە مەجبۇر قىلىپ، ئاندىن بەندىسىنى مەجبۇر قىلىپ قويغان ئۇ ھۆكمىگە رازى بولماسلىق ئاللاھ قا ياراشمايدۇ».

## ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇم ئاللاھ نىڭ قازا / قەدەرى (تەقدىرى) ئەمەس

ئەلبەسىرى ئېيتىدۇكى: «ئۇنىڭ (ئاللاھ نىڭ) قازايى - قەدەرى ھەممىگە ئورتاق ياخشىنى، ئادالەتنى، ياخشىلىقنى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ھەمبەھىر بولۇشنى ئەمىر قىلىشتۇر. ھەر خىل ھاياسىزلىقتىن، يامانلىق ئىكەنلىكىدە بارچە ئىنسانىيەت بىرلىككە كەلگەن قىلمىشلاردىن ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن توسۇشىدۇر».

بۇ قۇرلاردا ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ قۇرئانغا ئاساسلانغان قەدەر ئېنىقلىمىسىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ قارىشىچە ئىنساندىن ئىبارەت ئىرادىگە ئىگە مەۋجۇداتلارنىڭ قەدەرى ئاللاھ نىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىسىدۇر. بۇلارغا قۇلاق سېلىپ ئەگىشىش ياكى ئەگەشمەسلىك ئىنساننىڭ ئىختىيارى تاللىشىغا قويۇپ بېرىلگەن. ئەگەر ئىنسان ئاللاھ نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇشنى تاللىسا ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە رازى بولغان بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققان بولىدۇ.

بۇ نۇقتىدا ئەلبەسىرىنىڭ بۇ تەرىپىنى قۇرئانغا سىلىپ كۆرۈشىنىڭ زىيىنى يوق. قۇرئاندا قەدەر ئۇقۇمى قايسى مەنىدە ئىشلىتىلمەكتە؟

قۇرئاندىكى قەدەر ئۇقۇمى ئىرادە بېرىلگەن بىر مەۋجۇدىيەت بولغان ئىنساننى مەجبۇر ۋە مەھكۇم قىلغان «ھۆكۈم» ۋە «يارىتىش» مەنىسىدە پەقەت ئىشلىتىلمىگەن. «ئۆلچەم، قىممەت قاراش، قىممەت، مىقدار، مۇددەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قەدەر كەلىمىسى قۇرئاندا بارلىق ۋارىيانتلىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن. بۇلاردىن 41 دانىسى ئىگىلىك ۋە ئىگىسىز، كۆپلۈك ۋە بىرلىك، ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل سۈپىتىدە كەلگەن بولۇپ، ھەر خىل ئالماشلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ئاللاھ قا، ئىنسانغا ۋە شەيئىلەرگە نىسبەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 90 دانىسى ئىسىم ۋە تۈپ پېئىل بولۇپ كەلگەن. بۇلارمۇ ئاللاھ قا، ئىنسانلارغا ۋە شەيئىلەرگە نىسبەت قىلىنىدۇ. بىراق «قەدەر» مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىتىشلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە ئالاقىدار ئىش - ھەرىكەتلەرگە نىسبەت قىلىنمايدۇ. ھەممىسىدە ئىنسان ئىرادىسىنىڭ سىرتىدىكى ھادىسىلەر، ئىلمىي يەكۈنلەر ۋە ئەھۋاللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

لەبزى شەكلىدە «قەدەر» كەلىمىسى قۇرئاندا 11 جايدا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ كەلىمە ئىشلىتىلگەن ئورۇن ۋە ئىپادىلىگەن مەنالىرى نازىل بولۇش تەرتىپىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

1. مۇرسەلات سۈرىسى 22 - ئايەت: ئىنساننىڭ ئانا رەھمىدە مەلۇم مەزگىلگىچە (إِلَىٰ قَدَرٍ) تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە قەدەر «مەزگىل، ۋاقىت ئۆلچىمى» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

2. تاھا سۈرىسى 40 - ئايەت: ئاللاھ نىڭ ھەزرىتى مۇسانى پەيغەمبەرلىككە تاللاپ كەلىمەتۇللاھ سۈپىتىدە

تەقدىرلىگەنلىكى ۋە ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ (عَلَى قَدَرٍ). پەيغەمبەر تالالاشتا بەندىنىڭ ئىرادىسى رول ئوينىمايدۇ. بۇ يەردە قەدەر «ئاللاھ نىڭ تاللىشى، خالىشى، ھۆكمى» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

3. قەمەر سۈرىسى 49 - ئايەت: ئاللاھ نىڭ ھەر شەيئىنى ئىلاھى بىر ئۆلچەم ۋە قانۇنىيەت بىلەن (بِقَدَرٍ) يارىتىشىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ قەدەرگە ئاساسلانغاندا، ئىرادىسىز مەۋجۇداتلار سۈننەتۇللاھ دەپ ئاتالغان ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە؛ ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغان مەۋجۇداتلار ئىرادىسى ئارقىلىق قىلغان ھەر قىلمىشىدا تاللاشلىرىغا باغلانغان بولىدۇ. بۇ يەردە قەدەر «ئۆلچەم ۋە قانۇنىيەت» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

4. رەئىد سۈرىسى 17 - ئايەت: ئاسماندىن چۈشكەن سۇنىڭ جىلغىلارنى لىق تولدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ (بِقَدَرِهَا). بۇ يەردە قەدەر «ئۆلچەم ۋە مىقدار» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

5. ھىجىر سۈرىسى 21 - ئايەت: ئاللاھ نىڭ يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ رىزقىنى تەمىنلىشى ۋە پىلانلاش مەنىسىدە رىزقىنىڭ بەلگىلەنگەن بىر ئۆلچەم / قانۇن - مىزان (بِقَدَرٍ) ئاساسىدا ئاتا قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە قەدەر «ئۆلچەم ۋە قانۇن - مىزان» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

6. مۇئمىنۇن سۈرىسى 18 - ئايەت: ئاللاھ نىڭ ئاسماندىن سۇنى بەلگىلىك بىر قانۇنىيەت (بِقَدَرٍ)گە ئاساسەن چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە قەدەر «ئۆلچەم ۋە قانۇن - مىزان» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

7. شۇرا سۈرىسى 27 - ئايەت: ئاللاھ نىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن رىزقىنى بىر ئۆلچەم / قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ (بِقَدَرٍ). قەدەر «ئۆلچەم ۋە قانۇنىيەت» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. زۇخرۇف 33 - ئايەت بۇ ئايەتنى ئىزاھلايدۇ. بۇ ئايەت رىزقنىڭ «ئىشلەپ تاپقان، قولغا

كەلتۈرگەن» دېگەن مەنىدە ئەمەس، «ئاتا قىلىنغان» مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بەئەينى «ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاپ بار» ( 51:22 ) ئايىتىگە ئوخشاش.

8. زۇخرۇف سۈرىسى 11 - ئايەت: ئاللاھ نىڭ ئاسماندىن سۇنى مەلۇم ئۆلچەم / قانۇنىيەتكە ئاساسەن (بِقَدَرٍ). چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە قەدەر «ئۆلچەم ۋە قانۇن - مىزان» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

9. بەقەرە سۈرىسى 236 - ئايەت: بۇ ئايەتتە ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. تالاق قىلىنىدىغان ئايالنى ئاچ ۋە سۇسىز كوچىغا تاشلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەرنىڭ كۈچى يەتكەن مىقداردا بەلگىلىك نەپىقە بېكىتىپ (قَدَرُهُ) ئايالغا بېرىشى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە قەدەر «كۈچى يەتكەن بىر مىقدار، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

10. ئەھزاپ سۈرىسى 38 - ئايەت: ئاللاھ نىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئىلاھى بىر ئۆلچەم ۋە پىلان بويىچە (قَدَرًا) ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە قەدەر «ئىلاھى ئۆلچەم ۋە پىلان» مەنىسدە ئىشلىتىلگەن.

قۇرئاندا قەدەر كەلىمىسى لەبزى شەكىلدە ئىشلىتىلگەن بارلىق ئايەتلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئايەتلەر ئىچىدىن ھېچبىرى خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئاللاھ نىڭ كۈللى قەدەرى بولغان «ئىلاھى ئۆلچەم»نى بىلدۈرىدىغان تاھا سۈرىسى 40 - ئايەت ۋە ئەھزاپ سۈرىسى 38 - ئايەتلىرىمۇ «قەدەر»نى ئىنسان ئىرادىسىگە تەئەللۇق بولغان ھېچبىر ئىش - ھەرىكەتكە نىسبەت قىلمايدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى كائىنات، ئىنسان ۋە ھادىسىلەر ئۈچۈن بىر ئۆلچەم ۋە قانۇنىيەت تۈرغۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلاھىي قەدەر دېگەندە: ھېچبىر شەيئىنىڭ مىزانسىز، ئۆلچەمسىز ۋە پىلانسىز ئەمەسلىكى

كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ماھىيىتى ئاللاھ نىڭ ھېچقانداق نەرسىنى مەقسەتسىز ياراتمىغانلىقىغا، ھەر نەرسىنى بىر ئۆلچەم ۋە قانۇنىيەتكە تەئەللۇق قىلغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر.

مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ئىنسانغا تەئەللۇق بولغان ئىختىيارى ئىش - ھەرىكەتلەر كېيىنكى مەزگىلدە قۇرئانى ماھىيىتى يۇقىرىقىدىن ئىبارەت بولغان قەدەر مەسىلىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىۋېتىلگەن. بۇ نۇقتىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، قەدەر ئۇقۇمى مەنە جەھەتتىن ئېغىپ كېتىشكە دۇچ كېلىپ، قۇرئانى مەنىسىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن. بۇ مەنە جەھەتتىكى ئېغىپ كېتىشنىڭ تېگىدە ھىجرىيە 1 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن سىياسىي جەھەتتىن ئەسلى يولدىن چەتنەپ كېتىش ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار ياتماقتا. ئەمەۋى خانىدانلىقىنىڭ زۇلۇملىرىنى يوللۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن پىشانىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ بېرىپ توختىغان يېرى دەل قۇرئانغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان جاھىلىيەت ئەقلىنىڭ قەدەر چۈشەنچىسى ئىدى. ئەسلىدە قۇرئان شىددەت بىلەن رەت قىلغان جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسى رىۋايەت مەدەنىيىتىنى ۋاستە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسى ئىچىدە ئۆزىگە بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلاشتا مۇۋەپپەق بولغان ۋە ئاخىرقى نەتىجىدە قۇرئانى قەدەر تەسەۋۋۇرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلَا آبَاؤُنَا

مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» ( ئەنئام، 148 ).

قۇرئان بۇ خىل قەدەر چۈشەنچىسىنى ئاللاھ قا چاپلانغان تۆھمەت دەپ قارىماقتا ۋە بۇ ئايەتنىڭ ئۆزىدىلا مۇنداق سوئال

قويماقتا: «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار» دېمەكتە ۋە ئارقىدىنلا: «سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، ئاللاھ قا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر» (ئەنئام؛ 148) دەپ خىتاب قىلماقتا.

قۇرئان مۇشرىكلارغا نىسبەت بېرىپ قارشى تۇرغان بۇ ناتوغرا قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىنساننىڭ ئۆزى قىلغان قىلمىشلارنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنى گەدىنىگە ئالماسلىقى بولۇپ، بۇنىڭ ئارقا پەردىسىدە ئىرادە ئامانىتىگە خىيانەت قىلىش ياتماقتا. ھالبۇكى ئاللاھ قۇرئاندا ئەڭ يارقىن تىل بىلەن ئىپادىلىگەن ئايەتلەردىن بىرىدە بايان قىلغاندەك ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرىدە قەدەرىنى / تەقدىرىنى ئۆز تاللىشىغا باغلاپ قويغان. يەنى:

كُلَّ إِنْسَانٍ أَلْزَمْنَاهُ طَائِرَهُ فِي عُنُقِهِ

«بىز ھەر ئىنساننىڭ قەدەرىنى ئۇنىڭ ئىرىشچانلىقىغا باغلىق قىلدۇق» (ئىسرا، 13).

ئىرادىنى ئىنسانغا قەدەر قىلغان زات ئاللاھ تۇر. ئاللاھ ئىنساننىڭ خالىشىنى خالىمىغان بولسا ئىنسان خالىيالمايتتى، تاللىيالمايتتى. بىراق ئاللاھ ئىنساننىڭ خالىشىنى خالىغان، بۇ خالىشىنى ئىنسانغا ئىرادە ئاتا قىلىش ئارقىلىق نامايان قىلغان. شۇنداق تۇرۇپ يەنە ئىرادىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئىنكار قىلىش، ئەمىلىيەتتە ئاللاھ نىڭ خالىشىنى رەت قىلىشتۇر. يەنى، ئاللاھ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن تاللاشتىن ئىبارەت قەدەرنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

# قۇرئاندىكى بەش ئىمان ئاساسغا قوشۇپ قويۇلغان ئالتىنچى ئاساس

قۇرئان ئىمان ئاساسلىرىغا ئائىت بەش ماۋزۇدا توختالغان بولۇپ، بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ جايدا يەنى بەقەرە سۈرىسى 177-، 284-، 285- ئايەتلەر ۋە نىسا سۈرىسى 136- ئايەتتە بايان قىلغان. قۇرئاندا بۇ ئۈچ ئورۇندا ھەممىسىنى بىرلىكتە، ئۇنىڭدىن باشقا يۈزلەرچە ئورۇندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىماننىڭ شەرتلىرىگە دائىر بەش ماۋزۇ تىلغا ئېلىنغان:

1. ئاللاھ قا ئىمان
2. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان
3. پەرىشتىلەرگە ئىمان
4. كىتابلارغا ئىمان
5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان

بۇ بەش ئىمان ئاساسلىرىنى ئارقىمۇ - ئارقا ساناپ ئۆتكەن ئايەتلەردىن نىسا سۈرىسى 136- ئايىتى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىمان كەلتۈرۈڭلار...» دېگەن خىتاب بىلەن باشلايدۇ. ئىمان ئاساسلىرىنى تىلغا ئالغان ئايەتنىڭ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! » خىتابى بىلەن باشلىنىپ «ئىمان كەلتۈرۈڭلار...» دەپ داۋاملىشىشى گويا بىر مۆجىزە خاراكتېرلىك خەۋەر بېرىشكە ئوخشايدۇ. خۇددى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىمانىڭلارنىڭ تەلەپكە لايىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭلار تۆۋەندىكى ئاساسلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دېگەندەك ئۇ ئاساسلارنى ساناپ بېرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە «بۇ ئاساسلارغا بىر نەرسە قوشماڭلار ۋە كېمەيتىۋەتمەڭلار» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىمان ئاساسلىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان بۇلارغا قوشۇمچە قىلىپ «قەدەرگە ئىمان» دەپ ئالتىنچى بىر شەرتنى قويمىغان. ھەتتا ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قۇرئاندا ئىمان بىلەن قەدەر كەلىمىسى

ئوخشاش بىر جۈملە ئىچىدە ئىشلىتىلگەن ھېچقانداق بىر ئايەت يوق.

سوئال: بۇ ئەھۋالدا قۇرئان ئۈچ ئورۇندا ئارقىمۇ - ئارقا بايان قىلغان بۇ بەش ئاساسقا ئالتىنجى بىر ماددىنى قوشۇپ قويۇشنىڭ سەۋەبى ياكى سەۋەبلىرى نېمە؟

جاۋاب: بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار:

1- سىياسى

2- كالامى

1. سىياسى سەۋەبلەر. ئەمەۋىلەر «قەدەرچى/ جەبىرچى»لىكنى دۆلەت ئىدېئولوگىيىسى سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرگەن. كۈچ (قىلىچ)كە تايىنىپ چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ھاكىمىيەتنى ھەممىگە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىش يولىدا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئەمەۋىلەر بۇ ئارقىلىق ھاكىمىيىتىنى يوللۇق ۋە ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە قىلماقچى بولغان. بۇ مەسىلىدە ئەمەۋىلەرگە ئۈچ نەرسىنىڭ پايدىسى بولغان:

1) تەھدىت ۋە قورقۇنچ يېيىش. بۇ قورقۇنچنىڭ دۆلەت دېكتاتورى بىلەن قانداق ئىجرا قىلىنغانلىقىغا ئائىت ئەملى مىساللار ئىلگىرىكى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

2) جاھىلىيەتتىن مىراس قالغان كوللېكتىپ چۈشەنچە: بۇ چۈشەنچىدە قازايى قەدەر چۈشەنچىسى بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە. مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرۈشلىرىنى «ئاللاھ نىڭ خالىشى» دېيەلىگۈدەك دەرىجىدە قەدەرچى ئىدى.

3) دىرايەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەھمىيەت بەرمەي تەقلىدچىلىككە ۋارىسلىق قىلغان ئۆلىما ۋە قىسسەچى ۋائىزلار (ھاشۋىيە): قۇرئان جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ ئالدىغا توسما سوققان ئىدى. توسمىنىڭ ئەتراپىنى بويلاپ ئۆزىنى رىۋايەت بىلەن يېڭىۋاشتىن جانلاندۇرغان جاھىلىيەت قەدەر

چۈشەنچىسىنىڭ كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلۈشىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گۇرۇھلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

2. كالامى سەۋەبلەر. ئىراق ۋە ئىراننىڭ فەتھى قىلىنىشى بىلەن، مۇسۇلمانلار يىپ - يېڭى بىر ئېتىقاد بىلەن ئۇچراشتى ۋە بۇنىڭغا «سەنەۋىييە» دەپ ئىسىم قويدى. زەردۇشتىلىق ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان مانى، دەيسان، ماركىيون قاتارلىق گىنوستىك (قەدىمقى مىسىر، يۇنان، زەردۇشت، شەرق ئەنئەنىلىرى ۋە دىنلىرى، ئىبرانى دىنى، خىرىستىيانلىقنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى بىر تۈتىم بىلەن يۇغۇرغان، تەرىقەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان روھانى پەلسەپىۋى ئېقىملار) ئېتىقادلارنىڭ ھەممىسى «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق»نىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىككى جەۋھەر ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا «ياخشىلىق ئىلاھى (ھورمۇز)» ۋە «يامانلىق ئىلاھى (ئەھرىمەن)» غا ئىشىنەتتى. سەنەۋىييە «ئىككىچىلىك» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئېقىملار ھىجرى 1- ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ قەلبىگە ۋە مۇسۇلمان خەلقلەرگە چوڭ  تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئېقىملار ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىچىدىن ئاستا - ئاستا يەۋاتقان بىر قۇرتقا ئايلانغان ئىدى. كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە تەشۋىقات ئۇسۇللىرى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ۋەجىدىن كالام ئۆلىمالىرى «قەدەر چۈشەنچىسىگە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تىن كېلىدىغانلىقى»غا مۇناسىۋەتلىك بىر تېما ئېچىش ئېھتىياجىنى ھېس قىلغان. لېكىن دەۋر تەقەززاسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ تېما ھاكىمىيەتنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن قۇرئان ساناپ ئۆتكەن بەش ئىمان ئاساسىغا قوشۇمچە قىلىنىپ ئىمان شەرتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

قۇرئاندا قەيت قىلىنغان ئىمان ئاساسلىرىغا قوشۇپ قويۇلغان دەۋر خاراكتېرلىق بۇ ئامىل ھەر بۇرمىلىنىشقا

ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ قا، ئىنسانغا ۋە شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىلىرىدە كەڭ كۆلەمدە كۈتۈلمىگەن سەلبىي نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېيىپ كېتىش قۇرئان شەكىللەندۈرگەن چۈشەنچىدە يوچۇقلار ئاچتى. كېيىنكى مەزگىللەردە مەزكۇر يوچۇقلار ئارقىلىق يەنە باشقا كېسەللىكلەرمۇ شۇڭغۇپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمان ۋۇجۇدىنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتى ھېچقاچان يوقالمىدى. چۈنكى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تاپشۇرۇۋالغان پېتى يەتكۈزگەن ۋەھىي، نازىل بولغان كۈنىدىكىدەكلا ساپ ھالدا بىزگىچە يېتىپ كەلدى.

ئەمەۋى دۆلەت ئىدېئولوگىيىسىنى ياقىلىغان كالامچىلار قۇرئاندا ساناپ ئۆتۈلگەن بەش ئىمان ئاساسىغا 6 - بىر مادداا قوشۇش بىلەن توختاپ قالمىدى. كېيىنكى ئەسىرلەرگە كەلگەندە «جەبىرچى/قەدەرچى»لىك چۈشەنچىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئايلاندى. بۇنداق بولۇشتا، دەسلەپتە مۆتەزىلى بولغان، كېيىنچە قارشى ئېقىمغا ئۆتكەن ئاتاغلىق كالامچى ئۆلىما ئەشئەرى (ۋاپات، 324 / 935) باشلامچىلىق رول ئوينىغان. ئەشئەرى «بەندىلەر قىلمىشلىرىدا ئەركىن، تاللاشلىرىدا مەجبۇردۇر» نەزىرىيىسىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان. تاللاشتا مەجبۇر بولىدىغان ئادەم قىلمىشلىرىدا ئەركىن بولالامدۇ؟ بۇ ئەسلىدە ئوڭ قولىدا بەرگەننى سول قولى بىلەن تارتىۋالغانلىق بولۇپ، قوشۇق بىلەن بېرىپ، سېپى بىلەن كۆزىنى ئويغاندەك بىر ئىش ئىدى. بۇ نەزىرىيە ئەلۋەتتە زىتلىقتا ئىگە.

ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ نەزىرىيە جەبىرچى / قەدەرچىلىكنىڭ ئۈستى يېپىق ئىپادىسى ئىدى. ئەندۇلۇسلۇق ئالىم ئىبنى ھازىم («ئەل - فىسال» 3، 22) ۋە ساچاقلىزادە، گەلەنبەۋى، ھەسەن چەلەبى قاتارلىق ئاتاغلىق ئوسمانلى كالامچىلىرى ئەشئەرىنىڭ «يۇتۇنلەي جەبىرچى»

ئىكەنلىكىدە ھەمپىكىر بولۇشقان (كوتاھىياۋى، «مەباھىس»، 11). ماتۇرىدى كالامىنىڭ 2 - نۇمۇرلۇق پېشۋاسى ئەبۇلمۇئىمىن ئەن- نەسەفى (438-508/1047-1115) بۇ سەۋەبتىن ئەشئەرىنى «ئەھلى سۈننەتنىڭ سىرتىدا» دەپ ھېسابلىغان (يازىجىئوغلۇ، «ماتۇرىدى ۋە نەسەفىگە كۆرە ئىنسان ھۆرىيىتى» 93 ). ماتۇرىدى كالامچى پەزدەۋى يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى «ئەبۇلھەسەن ئەل - ئەشئەرىنىڭ ئەھلى سۈننەت بىلەن ئىختىلاپلاشقان تېمىلىرى» سەرلەۋھىلىك بىر ماۋزۇ ھەققىدە توختالغان (پەزدەۋى، «ئەھلى سۈننەت ئەقائىدى»، 353). پەزدەۋى يەنە ئەشئەرىنى بۇ سەۋەب تۈپەيلى «بىدئەت ئەھلى» دەپ ئېلان قىلغان (يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەر، 366 - بەت).

يەنى ئەشئەرىنىڭ ئۆزىدىن پەرقلىق پىكىرلەردە بولغان رەقىپلىرىگە قارىتا قىلغان -ئەتكەنلىرىنىڭ دەل ئۆزىنى يەنە ئۇنىڭغا قارشى چىققان سۈننى كالامچىلارمۇ قىلغان. بۇ خىل ئەيىپلەشلەر ئۆتمۈشتە قالغان بولسىمۇ، ئەشئەرى جەبىرچىلىكىنىڭ كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئەقىدىسىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرى ئەپسۇسكى ئۆتمۈشتە قالماي كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.

## قەدەرگە ئىمان ئېيتىش ماددىسى رىۋايەتلەرگە قانداق كىرگۈزۈلگەن؟

قۇرئان ئوچۇق ئېيتىدۇكى: «سەن (ۋەھىيدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ » ( شۇئەرا، 52 ).

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىمان ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنى قۇرئاندىن ئۆگەنگەن ئىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ شاھىتلىقىغا ئاساسلانغاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىلگىرى «ئىمان نېمە؟»

ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى قۇرئان ئېنىق بايان قىلىۋاتىدۇ.

قۇرئان پەيغەمبىرىمىزگە مۇشۇنداق دەيدۇ. باشقا بىرسى كېلىپ قۇرئان بەش دەپ سانىغان ئىماننىڭ شەرتلىرىگە ئىلاۋە قىلغان 6 - ماددىنى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، خۇددى رەسۇلۇللاھ مۇشۇنداق دېگەندەك تۈيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن «سەدەقەللاھۇلئەزىم - ئاللاھ توغرا ئېيتتى» دېيىشىدۇ. ئاللاھ توغرا ئېيتقان، لېكىن بۇنداق دېگۈچى كىشىلەر ئاللاھ قا تۆھمەت قىلغان بولىدۇ.

سوئال: ئىماننى قۇرئاندىن ئۆزگەنگەن ھەزرىتى نەبىنىڭ قۇرئانغا ئىماننى ئۆزگەتمەكچى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

جاۋاب: توۋا، ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! ھەممە ئادەم ئاللاھ نىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغان تەقدىردىمۇ رەسۇلۇللاھ ھەرگىز ئۆتمەيدۇ.

ئۇنداقتا رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان ۋە قۇرئاندىكى شەرتلەرگە قوشۇپ قويۇلغان «قەدەرگە ئىمان» ماددىسى رىۋايەتلەرگە قانداق كىرگەن؟

بۇ نۇقتىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتەيلىكى، ھەدىس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ سەھىھى دەپ قوبۇل قىلىنغان بۇخارى (ۋاپات، 869/256) دا «قەدەر» بىلەن «ئىمان»نى بىر ئورۇندا تىلغا ئالغان ۋە «قەدەرگە ئىمان ئېيتىشنى» بىر ئىمان ئاساسى سۈپىتىدە بايان قىلغان بىرەر ھەدىسمۇ ئورۇن ئالمايدۇ. بۇخارى مەشھۇر جىبرىئىل ھەدىسىگە (مەسىلە بار بولسىمۇ) كىتابىدا ئورۇن بەرگەن (ئىمان، 47) بولۇپ، ئۇ يەردە بەش ئىمان ئاساسى ساناپ ئۆتۈلگەن. «قەدەرگە ئىمان ئېيتىش» ماددىسى ئورۇن ئالمىغان.

بۇ ھەدىسنىڭ ھەممە ۋارىيانتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغان ۋاقتىمىزدا ھەدىسنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق، بالا - قازا ئۆتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. «جىبرىئىل ھەدىسى»

سۈپىتىدە باشلانغان رىۋايەتنىڭ بېشىدىن شۇنچە كۆپ ئىش ئۆتكەن بولۇپ، دەسلەپتە يالغۇز ھالدا يولغا چىقىپ، يولنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سىراتى مۇستەقىمدىن چىقىپ كېتىپ، ئونلارچە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋارىيانتلىرى پەيدا بولغان.

مەسىلەن: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «قەدەرگە ئىمان» ئىلاۋىسىدىن خالىي بۇخارى رىۋايىتىنى مىسالغا ئالايلى. بۇ رىۋايەتتە قۇرئاندا ئۇچ يەردە يانمۇ - يان تىلغا ئېلىنغان بەش ئىمان ئاساسىنىڭ نەقلىدىلا راۋىلەرنىڭ قالايمىقانلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇخارىدىكى بەش ئاساستىن ئىككىسى شۇ: «ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا» ۋە «ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە» ئىمان ئېيتىش، ھالبۇكى بۇ ئىككىسى بىر نەرسە. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئان تىلغا ئالغان «كىتابلارغا ئىمان» شەرتى چۈشۈپ قالغان بولۇپ، قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەش رەقەمگە ئۇدۇل كەلتۈرۈلگەن. بىراق مەزمۇنى ھېچقانداق بىر تەۋىل بىلەنمۇ قۇرئاندىكى بەش ئاساس بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەن. بۇخارى رىۋايىتىنىڭ ئەھۋالى بۇ.

ئەمدى مۇسلىم (ۋاپات، 261 / 874) رىۋايىتىگە بىر قاراپ باقايلى...

بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى تالىپى مۇسلىممۇ نەقىل قىلغان ھەمدە ئۇچ ئوخشىمىغان ئىسىم زەنجىرى بىلەن (سەھىھ، ئىمان، 1، 5، 7 ) بىرىنچى زەنجىردىكى تۆت راۋى بۇخارى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، تېكىستتە «قەدەرگە ئىمان» ئىلاۋىسى يوق. بۇ قۇرئانغا ئەڭ ئۇيغۇن «جىبرىئىل ھەدىسى». رىۋايەت قۇرئان تىلغا ئالغان بەش ئىمان ماددىسىنى تولۇق ساناپ ئۆتىدۇ. بىراق ئىككىنجى ۋارىيانتتا بۇخارى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە راۋى سانى ئۇچكە، ئۇچىنچى ۋارىيانتتا راۋى سانى ئىككىگە چۈشۈپ قالغان. دەل بۇ يەردە مەسىلە

قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. قۇرئاندا بولمىغان «قەدەرگە ئىمان» بۇ يەرگە ئىلاۋە قىلىنغان. يىغىنچاقلىغاندا، مۇسلىم ئوخشاش ھەدىسنى ئۈچ ئورۇندا نەقىل قىلغان، بىرىدە «قەدەرگە ئىمان» مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىغان. باشقا ئىككى ھەدىستە ئورۇن ئالغان. مۇشۇنداق رىۋايەتلەر باشقا ھەدىس مەجمۇئەلىرىدىمۇ ئورۇن ئالىدۇ (قازايى قەدەرگە ئائىت ھەدىسلەر ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەقىدە بەلگىلىيەلمەيدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆمەر ئايدىنىنىڭ «قۇرئان نۇرى ئاستىدا قەدەر ۋە ئەركىنلىك» ناملىق كىتاۋىغا قارالسۇن. بايان نەشرىياتى. 17-21 بەت. ئىستانبۇل، 1998). بۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش ھەدىسكە «قەدەرگە ئىمان» ئىلاۋىسى بولمىغان ئاساستا ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى مەندەگە ئوخشاش باشقا ھەدىسشۇناسلارمۇ ئەسەرلىرىدە ئورۇن بەرگەن.

قۇرئانغا زىت بولغان بۇ رىۋايەتنىڭ يالغۇز تېكىستىلا ئەمەس سەنەدىدىمۇ مەسىلە بار. «قەدەرگە ئىمان» رىۋايىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ھەزرىتى ئۆمەر - ئىبنى ئۆمەر - يەھيا بىننى يەئمەر - ئابدۇللاھ بىننى بۇرەيد زەنجىرى شەكلىدە ئالدىمىزغا ئۇچرايدۇ. ئىبنى ھەنبەل بۇنىڭ ئاخىرىدىكى ئىسمىنى ئىشەنچىسىز دەپ قارىغان (تەزھىب، V ,158 ).

سوئالىمىز: ئىمانىمىزنى بۇخارى ياكى مۇسلىمدىن قايسىسىغا ئاساسەن شەكىللەندۇرسەك توغرا بولىدۇ؟ ئەگەر مۇسلىمغا ئاساسەن دېسەك، ئۇنداقتا مۇسلىمدىكى قايسى رىۋايەتكە ئاساسلىنىمىز؟

مۇئمىنىنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ شەكىللەندۈرىدۇ. بىراق زىتلىققا ئىگە رىۋايەتلەردىن بىرىنى تاللايمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ئەلۋەتتە قۇرئانغا ماس كەلگەننى تاللىشى كېرەك.

ئۇنداقتا قۇرئاندا بولمىغان بىر ئىمان ماددىسىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر رىۋايەتنى بىر مۇئمىن قايسى جۈرئەت بىلەن تاللايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە «قەدەرگە ئىمان»

بولسا نه قۇرئان، نه ھەزرىتى پەيغەمبەر، نه ساھابىلەرنىڭ مەسىلىسى ئەمەسلىكى مانا مەن دەپ تۇرسا؟ كېيىنكى مەزگىلدە ئىلاۋە قىلىنغانلىقى قۇياشتەك ئاشكارە بولغان بۇ ئاتالمىش ئىمان شەرتىنىڭ سىياسىي ۋە كالامىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئايان بولۇپ تۇرسىمۇ يەنە قايسى جۈرئەت بىلەن تاللايدۇ؟

گەپنىڭ قىسقىسى: قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بەش شەرتنىڭ سىرتىدىكى «قەدەرگە ئىمان» شەرتى كېيىنكى مەزگىللەردە رىۋايەتلەرگە قىستۇرۇپ قويۇلغان. بۇ شۇنداق ئېنىقكى، ئەكسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، رىۋايەتنىڭ نوپۇزىنى ھەقىقەت (قۇرئان)نىڭ نوپۇزىدىن ئۈستۈن دەپ بىلگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلغان كىشىنى ئاللاھ نىڭ كىتابىغا ھاۋالە قىلىشتىن باشقا ئامال يوق: «ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھ قا دىنىڭلارنى ئۆگەتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟» (ھۇجرات، 16). ئاللاھ دىنىنى پۈتۈن قىلغانلىقىنى ئېيتىمىغانمىدى: «بۈگۈن دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم» (مائىدە، 3). ئۇنداقتا تاماملانغان، پۈتۈنلىنىپ بولغان بىر دىنغا بىر نەرسە ئىلاۋە قىلىپ قويۇشنىڭ ھېساۋىنى ئاللاھ قا كىم، قانداق بېرىدۇ؟

قۇرئاندا بولمىغان بىر شەرتنى ئىمانغا كىرگۈزۈشتە چىڭ تۇرغان ئادەمنىڭ ھەم ئاللاھ بىلەن ھەمدە ئاللاھ قا ئىماننى قۇرئاندىن ئۆگەنگەنلىكىنى بايان قىلغان رەسۇلۇللاھ بىلەن، شۇنداقلا ئىماننىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەشتە يېگانە ئۆلچەم بولغان قۇرئان بىلەنمۇ ئەلۋەتتە مەسىلىسى بار دېگەنلىكتۇر. ئىماننىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەش يالغۇزلا ئاللاھ نىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى ئىمان گۇمانى «ناس» بىلەن ئەمەس، قەتئىي «ناس» ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. قەدەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر «قەتئىي» ئەمەس، «گۇمانى»دۇر، بۇ ھەقتە ئەڭ سەھىھ ھەدىس ئۇنىۋانىغا ئىگە جىبرىئىل ھەدىسىمۇ بارلىق تەۋاتۇر ئىددىيئالىرىغا قارىماي خەبەرى ۋاھىتتۇر ۋە گۇمانى

ئىپادىدۇر (بۇ ھەدىسنىڭ ئەھەد ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇسا باغچىنىڭ «ئىنساننىڭ قازايى قەدەرى - ھەدىسلەر بايان قىلغان قەدەر چۈشەنچىسى» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ 80-81- بەت، ئەنقەرە مەكتەپى، 2009 ). ئەگەر بىر تەۋاتۇردىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە بۇ تەۋاتۇر مەزكۇر ھەدىس ۋارىيانتلىرىنىڭ بىر بىرى بىلەن زىتلىقىدۇر. يەنى بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئۆز ئارا زىتلىقى تەۋاتۇر ئارقىلىق سابىتتۇر. يەنە كېلىپ، مەزكۇر ھەدىس يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇدرەج، يەنى «كېيىنچە ئىلاۋىگە مۇپتىلا» بولغان. گۇمان بىلەن ئەقىدە بەرپا قىلىنمايدۇ. يەكۈنلىگەندە، قۇرئاندا ئورۇن ئالمىغان بىر ئىمان ئاساسىنى ھەر قانداق بىر ھەدىس ئارقىلىق ئىمانغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلگىرى بىلمىگەن ئىماننى ئاللاھ ئۆگەتكەندى. بۇ ۋەھيي بىلەن قەيت قىلىنغان ھەقىقەتتۇر. ئىماننىڭ شەرتلىرى ئىچىدە ئاللاھ تىلغا ئالمىغان تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ۋەز قىلغان بىرەر شەرت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

سوئال: ئىسلام تارىخىدا ئۆتمۈشتە ياشىغان ئۆلىمالار ئىچىدە بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنلەر يوقمىدى؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بولغان. ئۇشبۇ ماۋزۇنىڭ پېشۋاسى بولغان بىر ئالىمنىڭ تىلى بىلەن نەقىل كەلتۈرەيلى:

«ماتۇرىدىنىڭ ئەڭ مەشھۇر كالام ئۆلىماسى ئەبۇ مۇئىن ئەننەسەخى (ۋاپات، 1115/508) يازغان چوڭ ھەجىملىك كالام كىتاۋى «تەبسىراتۇلئەدىللە» ناملىق ئەسەرنىڭ 18 يازما نۇسخىسىنى بايقاپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمقى 8 نۇسخىسىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، توغرا بىر تېكىستنى ئوتتۇرىغا چىقاردىم. بىرىنچى جىلتىنى دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى نەشىر قىلدۇردى (1993). پروفېسور دوكتۇر شابان ئالى دۈزگۈن بىلەن بىللە ئىككىنجى جىلتىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئېلىپ باردۇق. دىيانەت ئىشلىرى

باشقارمىسى ئۈنىمۇ نەشىر قىلدى (2003). بۇ ئىككىنجى جىلىتتا مۇنۇ ئىبارىنى كۆردۈم. ئەبۇلمۇئمىن ئەننەسەفى دەيدۇكى: «ئېيتىمىزكى، ئېتىقادقا كەلسەك، دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ قارىشىچە بۇلار بەش ئاساسقا بۆلىنىدۇ:

1. ئاللاھ قا ئىمان
2. پەرىشتىلەرگە ئىمان
3. كىتابلارغا ئىمان
4. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان
5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان

ئىبادەتلەرمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن بەش تۈرگە بۆلىنىدۇ:

1. ناماز
2. زاكات
3. روزا
4. جىھاد
5. ھەج » (نەسەفى، « تەبسىراتۇلئەدىللە» 2، 92 )

دىمەك، 37 يىل بۇرۇن ئېنىقلاپ چىققان بىر ھەقىقەتنىڭ 9 ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان سۈننى بىر كالامچىنىڭمۇ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى 37 يىلدىن كېيىن قايتا ئوتتۇرىغا قويغان بولدۇق (ھۈسەيىن ئاتاي، «قۇرئاندا ئىمان ئاساسلىرى ۋە قەدەر مەسىلىسى» 154-، 155- بەت ).

## قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ قۇرئان تەستىقىغا سېلىنىشى

ئەمەۋىلەر قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن قەدەرچى/جەبىرچىلىك ئىدىيىسىنى ئوخشىمىغان گۇرۇھلار خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوبۇل قىلغان. بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1. ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ھاكىمىيەتكە يان باسىدىغانلار. قەدەرچىلىك چۈشەنچىسىدىن ئەڭ كۆپ مەنپەئەتلىنىدىغان تائىپىلەردىن بىرسى مانا بۇلار ئىدى. چۈنكى ھاكىمىيەتلىرىنى «ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرى» دەپ ئىزاھلاپ، ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىشنى «قەدەرگە قارشى چىققانلىق» دەپ بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ھەر دائىم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇراتتى. بۇ ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ھەر گۇناھ ۋە ئەسكىلىكلىرىگە قارىتا يۈز بېرىش ئېھتىماللىغى بولغان ئىسيانلارنى بىخ ھالىتىدىلا توسۇپ قالالايتتى.

2. ئېزىلگۈچى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار. قەدەرچى/جەبىرچى ئەقىدە بۇ سىنىپنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىدىغان مەلھەم بولۇپ، بىر چىقىش يولى بولۇپ كۆرۈنگەن. ئېزىلگۈچى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئالدىدا ئىككى يول بار. يەنى، يا جېنى كەتسىمۇ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ياكى چۈشۈپ قالغان خار - زەبۇن ھالىنىڭ ئىسمىنى «تەقدىرى ئىلاھى» قويۇپ، تارتقان ئازابلىرىغا باھانە تېپىپ، ۋىجدانىغا تەسەللىي بېرىش ۋە ۋىجدانىنىڭ چۇقانلىرىنى باستۇرۇش. چارىسىز ۋە ئېزىلگەن بىراۋ ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى قەدەر بىلەن چېتىپ چۈشەنگەن ۋاقىتتا، تارتىۋاتقان ئازابىغا مۇقەددەسلىك تونى كىيگۈزگەن بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەلىمىنى يەڭگىللىتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن جەبىرچى/قەدەرچىلىك ئېزىلگەن ئامما ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر مەغلۇبىيەت ئىدېئولوگىيىسى، تەسلىمىيەتچىلىك چۈشەنچىسىدۇر. بۇ ئىدېئولوگىينى ئەزگۈچى سىنىپ ھاكىمىيەتمۇ قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن.

<u>قوشۇمچە</u>: قەدەرچىلىكنىڭ مەغلۇبىيەت ئىدېئولوگىيىسى بولۇشىنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالى ئوسمانلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەيخۇلئىسلامى مۇستاپا سابرى ئەپەندى (1865-1954) نىڭ ئەھۋالىدۇر. 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئوسمانلى ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى جايلاردا چىققان سىياسى بوران -

چاپقۇنلار، ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن ھەربىي مەغلۇبىيەت ۋە ئايرىلىپ چىقىشلار ئۇنىڭغا سەلبىي جەھەتتىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. دۇچ كەلگەن ئېغىر ۋەزىيەتتىن پۈتۈنلەي جەبرىچى/قەدەرچىلىككە سىغىنىش بىلەن قۇتۇلۇپ قالالايدىغانلىقىنى توغرا بىر چارە دەپ ئويلىغان مۇستاپا سابرى ئەپەندى ماتۇرىدىلىقنى تاشلاپ ئەشئەرىلىككە ئۆتكەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، «مەۋقىفۇلبەشەر تەھتە سۇلتانۇلقەدەر (قەدەرنىڭ يېمىرىلمەس قۇدرىتى ئاستىدا ئىنساننىڭ ئەھۋالى)» سەرلەۋھىلىك نەشتەردەك بىر كىتاب يازغان. سابرى ئەپەندى بۇ يەردە «ماتۇرىدى مەزھىپى بۇزغۇنچىلىقتا مۇتەزىلەردىن قېلىشمايدۇ» دېيەلىگۈدەك دەرىجىدە خۇدىنى يۇقاتقان ئىدى. شەيخۇلئىسلام ئۆزىنى چوڭقۇر مەيۇسلۇك ۋە چۈشكۈنلۈككە چۈشۈرۈپ قويغان زەنجىرسىمان مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ھەقىقى سەۋەبلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئوھۇد مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن «بۇ مەغلۇبىيەت بېشىمىزغا نېمە سەۋەبتىن كەلدى؟» دەپ سورىغان ساھابىلارغا «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن كەلدى» (ئالئىمران، 165) دەپ جاۋاب بەرگەن قۇرئاننىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي جەبرىچى/قەدەرچىلىككە ئېسىلىشنى تاللىغان ئىدى.

قەدەرچىلىك ھەر ۋاقىت مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ يۆلەنچۈگى بولغان بولۇپ، مەغلۇبىيەت ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلانغان. بۇ ھەم مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ھەم غالىپلارنىڭمۇ پايدىلىنىش ۋاستىسىغا ئايلانغان.

3. ئوتتۇرا يولنى تۇتقان تۇنجى كالامچىلار. ئۇلار ئىسلام فەتىھلىرى نەتىجىسىدە يولۇققان گنوستىك ئېقىملارنىڭ سەنەۋى (دۇئالىست - ئىككى مەنبەچىلىك) تەڭرى چۈشەنچىلىرىگە قارشى قەدەرچى/جەبرىچى ئەقىدىنى پاناھلىنىدىغان بىر قەلئە دەپ قارىغان. بۇ ئۇلارغا ھاكىمىيەت ئالدىدا دالدا بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرى زالىم

ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئوخشاش بىر مەۋقەدە تۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ۋىجدانى بىئارام بولاتتى. ئاخىرىدا ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىدىغان بىر باھانە تاپتى. يەنى دەھرى زىندىقلار (گنوستىك ئېقىملار)غا قارشى دىنىنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسى ئۇلارنى ۋىجدانى جەھەتتىن راھەتلەندۈرەتتى.

4. مۇتلەق كۆپچىلىكى بىلىمسىز بولغان ئاممىا. جاھىلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل كېسىپ تاشلىيالمىغان ئاۋام بىلىپ - بىلمەي جاھىلىيەتنىڭ قالدۇق ئەقىدىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار قەدەرچى/جەبىر ئىدېئولوگىيىنى بىر ئەقىدە سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈشتە قىينالمىدى. ئەنئەنىۋى چۈشەنچە بۇنىڭغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بەردى. جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ ئالدىغا ۋەھىي ئارقىلىق سوقۇلغان سېپىل رىۋايەت ئەدەبىياتى ئارقىلىق ھالقىپ ئۆتۈلگەندە، ئوتتۇرىدا ھېچكىمنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا تاقىشىپ قالىدىغان بىر مەسىلە قالمايتتى. ئۇشبۇ سەۋەب بىلەن قەدەرچىلىك بىر - بىرى بىلەن قارىمۇقارشى گۇرۇھلارنى بىرلەشتۈرىدىغان ئورتاق بىر نۇقتىغا ئايلاندى. قەدەرچىلىك دەسلەپكى چاغلاردا سىياسىئونلار تەرىپىدىن سۈيىئىستېمال قىلىنغان يوللۇقلاشتۇرغۇچى بىر ھاسا تاياق رولىنى ئوينىغان بولسا، كېيىنچە تۈنجى كالامچىلار تەرىپىدىن زىندىقلارغا قارشى ئىشلىتىلگەن بىر قورال بولدى. ئەڭ ئاخىرى ئويدۇرۇلغان رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىر «پارچىسى» غا ئايلاندى.

قەدەرنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىر پارچىسى بولالىشى ئۈچۈن ئاۋۋال سەھىھ رىۋايەتلەرگە ئىلاۋىلەر ئۇسلۇبى ئىشلىتىلدى. ئەڭ سەھىھ كىتابلاردىكى رىۋايەتلەرمۇ بۇنىڭدىن نېسىۋىسىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەقسەتتە ئىشقا يارىغۇدەك رىۋايەتلەر ماسلاشتۇرۇش ئۆتكەلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ سىرتىدا ئەمما ئۇنىڭغا پاراللېل بىر «قەدەر

ئېتىقادى»غا يۆلەنچۈك پەيدا قىلىندى. بۇ ساھەدىكى سەنەدى زەئىپ ۋە ئويدۇرۇلما ھەدىسلەرنى بىر ياقىغا قويۇپ تۇرساقمۇ، ئەڭ سەھىھ ھەدىس كۇللىياتلىرىغا قەدەر سىڭىپ كىرەلىگەن سەنەدى سەھىھ، لېكىن تېكىستىنى قۇرئانغا سالغاندا مەسىلە بارلىقى ئوتتۇرىغا ئېنىق چىقىپ تۇرىدىغان تۆۋەندىكى بىر مىسالنىڭ ئۆزىلا مەسىلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ:

عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: « تحاج آدم وموسى،

فحج آدم موسى ، فقال له : أنت الذي أغويت الناس وأخرجتهم من الجنة؟

فقال آدم : أنت موسى الذي أعطاك الله علم كل شيء ، واصطفاك على الناس

برسالاته ؟ قال : نعم قال : فلم تلومني على أمر قدر علي قبل أن أخلق؟ »

تەرجىمىسى: ئەبۇ ھۇرەيرەدىن نەقىل قىلىنىشىچە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئادەم بىلەن مۇسا مۇنازىرلەشتى. مۇسا ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: "سەن ئىنسانلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئۇلارنى جەننەتتىن چىقارغان كىشىمۇ؟". ئادەم ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: "سەن ئاللاھ ھەر شەيئىنىڭ ئىلمىنى (علم كل شيء) بەرگەن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلىپ تاللىغان مۇسامۇ؟". ئۇ: "ھەئە" دېدى. ئادەم ئېيتتىكى: "سەن ماڭا مەن يارىتىلىشتىن بۇرۇن تەقدىر قىلىنغان بىر ئىش تۈپەيلى مالامەت قىلامسەن؟"» (مۇسلىم، قەدەر،2؛ مۇۋاتتا، قەدەر،1).

ئىسرائىلىيات پۈرىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ رىۋايەتنىڭ سەنەدى ئىمام مۇسلىمغا ئاساسلانغاندا سەھىھ . بىراق تېكىستى قۇرئانغا ئاساسلانغاندا باتىلدۇر. بۇ رىۋايەتنى قۇرئانغا سېلىپ باقايلى:

1. قۇرئان «ھەر شەيئىنى بىلىدىغان زات»نىڭ پەقەتلا «ئاللاھ» ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەنى، «ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال، 75).

2. قۇرئان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئالداپ ئازدۇرغۇچىنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. يەنى، «ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسۈتۈش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر. شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق» (ئەئراف، 27). ئەمما بۇ رىۋايەت ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئازدۇرغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

3. قۇرئان «ئادەم نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ رەببىگە ئاسى بولدى» (تاھا،121) دېيىش ئارقىلىق ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تەنقىت قىلغان. بۇ رىۋايەت ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك مالامەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

4. قۇرئاندا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە رەپىقىسى «بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق» دېيىش ئارقىلىق نەپسىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە «ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ قۇربانى» بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەنى، «ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزنى مەغپىرەت

قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز، دېدى» (ئەئراف، 23). ئەمما بۇ رىۋايەت ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ «قەدەر قۇربانى» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

5. قۇرئان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىدىن مەسئۇل ئىكەنلىكى ۋە تەۋبە قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ: «ئادەم رەببىدىن بىر قانچە كەلىمە تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى). ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر)» (بەقەرە، 37). ئەمما بۇ رىۋايەت ئادەمنىڭ گۇناھىدىن مەسئۇل ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

6. قۇرئاندىكى ئادەم بولسا قىلمىشىنىڭ ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ: «رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن مەغپىرەت قىلمىساڭ بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» (ئەئراف، 23). ئەمما بۇ رىۋايەتتىكى ئادەم «مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن» دېيىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى ئاللاھ قا ئارتىپ قويغان شەيتاننى ئەسلىتىدۇ.

7. قۇرئانغا ئاساسلانغاندا ئاللاھ ئىلگىرى ئادەمدىن ۋەدە ئالغان. بىراق ئۇنى قەتئىي ئىرادىلىك ھالدا كۆرمىگەن ئىدى: «بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق» (تاھا، 115). ئەمما بۇ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئادەمنىڭ «يېقىنلاشمىغىن»دىن ئىبارەت ئىلاھى تەلىماتقا قۇلاق سالماي چەكلەنگەن دەرەختىن يېيىشمۇ قازايى - قەدەردۇر. بۇنداق دېگەنلىك مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: «ئاللاھ ئادەم ئۈچۈن ئاللىقاچان بىر شەيئىنى

قازايى - قەدەر قىلىپ بىكىتكەن، ئاندىن بىكىتكەننى قىلما دېگەن»(تەۋبە، يا رەببى، سەن بۇنىڭدىن پاك سەن). بۇ ھەم ئاللاھ قا ھەم بۇ رىۋايەت ئاغزىغا سېلىپ قويۇلغان ئاللاھ نىڭ رەسۇلىغا قارا چاپلىغانلىقتۇر.

8. قۇرئان «ھەر بىر ئىنسان قىلمىشلىرىنىڭ مەھبۇسىدۇر» دەيدۇ (مۇددەسسىر، 38). بىراق رىۋايەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە مەنىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: «ئادەم يارىتىلىشتىن بۇرۇن ئاللىقاچان پېشانىسىگە قەدەر سۈپىتىدە يېزىلىپ پۈتۈلۈپ كەتكەن شۇ ئىشنى قىلغان. بۇ سەۋەبتىن ئەيىبلەنمەسلىكى ۋە مالامەت قىلىنماسلىقى كېرەك». بۇنداق بولغاندا شەيتان، قابىل، نەمرۇت، پىرئەۋن، ئەبۇ لەھەب، ئەبۇ جەھىل، مۇئاۋىيەنىڭ بەدرىدە رەسۇلۇللاھقا قارشى جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن تاغىلىرى ۋە ئاكىسى قاتارلىقلارمۇ ئەيىبلەنمەسلىكى ۋە مالامەت قىلىنماسلىقى كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى يارىتىلىشتىن بۇرۇن پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ بولغان قازايى - قەدەرنى رويابقا چىقارغانلىقى ئۈچۈن مالامەت قىلىنماسلىقى ۋە ئەيىپلەنمەسلىكى كېرەك.

قوشۇمچە: يەھۇدىلارنىڭ «تەۋراتى قەدىم» نەزەرىيىسىگە ئوخشىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كالامى قەدىم» نەزەرىيىسى زالىم ۋە ياۋۇز ھۆكۈمرانلارنىڭ دىتىگە ياققان ئىدى. بۇ نەزەرىيە پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىنىلا ئەمەس ھەتتا ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى بىلەن بىر ئۆمۈر ئۇرۇشقان مۇشرىك ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ شېرىك، كۇفرى قىلمىشلىرىنىمۇ يوللۇقلاشتۇرماقتا ئىدى. مەسىلەن، قۇرئان قەدىمدۇر، «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى» (مەسەد، 1) دېگەن بۇ ئايەت قەدىمى بولسا ئەبۇ لەھەبنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئەبۇ لەھەب خالىغان تەقدىردىمۇ ئىمان ئېيتالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ھەققىدە يېزىلغان قەدىمى

بىر كالام بار ئىدى، ئۇنىڭ قىلمىشلىرى پەقەت ئەزەلدە يېزىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ كالامغا مۇناسىپ ھالدا ئۆز رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئاللاھ رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەۋى جەمەتىنىڭ چوڭ دادىلىرى ئۇمەييە بىننى خەلەپ، ئۇبەي بىننى خەلەپ ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئۆزىگە ئەزەلدىن بەلگىلەنگەن رولنى ئوينىغان ئىدى.

ئەمەۋىلەر جەبرىچى/قەدەرچىلىكنى دەل بۇ سەۋەبتىن بەك ياقتۇرغان ئىدى. قۇرئانى كەرىم بۇنىڭ شەيتان (ئەئراف، 16) ۋە مۇشرىكلارنىڭ چۈشەنچىسى (نەھل، 35) ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. قۇرئان بارلىق مۇھاتابلىرىغا قىلمىشىنىڭ ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ: «ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاپ سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ» (نىسا، 123).

ئاللاھ تەئالا ئونلارچە يەردە «لەئەللەكۇم تەھتەدۇن (ھىدايەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن...)» دېيىش ئارقىلىق ھىدايەتكە ئېرىشىش مەسئۇلىيىتىنى بىز بەندىلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەيدۇ. قۇرئاندا «ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن...» ئىبارىسىنى ئىشلىتىش بىلەن بىرلىكتە شۇنىڭغا ئوخشاش «نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن...»، «نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن...» ئىپادىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ نىجادلىققا ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرلەرنى ۋە كىتابلارنى ئەۋەتكەن. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانغا ئەڭ ئاۋۋال ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تاللاش قابىلىيىتى بىلەن جابدۇغان. ئۇنىڭدىن بۇ قابىلىيەتلەرنى ئىشقا سېلىپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى كۈتمەكتە. بۇنى بەجا كەلتۈرگەنلەرگە جەننەتنى بىلەن

خۇشخەۋەر بېرىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارنى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇردۇ.

## قەدەر ۋە تەقدىرنى چۈشىنىشنىڭ ئەھمىيتى ھەققىدە

ئاللاھ كۈللى ئىرادە، ئىنسان جۈزئى ئىرادە ئىگىسىدۇر. ئىنسانغا جۈزئى ئىرادىنى ئاللاھ ئاتا قىلغان. ئالەمدىكى ھەر شەيئى ئاللاھ نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئىرادىسىز مەۋجۇداتلارغا «ستاتىك قەدەر (ئۆزگەرمەس قەدەر)»نى، ئىرادىلىك يەنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن مەۋجۇداتلارغا «دىنامىك قەدەر (ئۆزگىرىشچان قەدەر)»نى تەقدىر قىلغان.

ئىنسانغا ئىرادىنىڭ بېرىلىشىمۇ ھەم ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدۇر. ئىنسان ئىرادىسىنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ. دەل بۇ سەۋەبتىن ئىرادىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرگەن ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىنساننىڭ قەدەرى تاللاشتۇر. ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا تاللاش قابىلىيىتى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىرادە - تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئارقىدىنلا يەنە ئىنساننىڭ ئىرادە - تاللاش ئەركىنلىكىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھ نىڭ تاللىغانلىقىنى ئېيتىش بىمەنىلىكتۇر. مانا بۇ ئاللاھ نىڭ تەقدىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى چەكسىز ۋە شەرتسىزدۇر. ئىنساننىڭ ئىرادىسى چەكلىك ۋە شەرتلىكتۇر. ئىنساننىڭ چەكلىك ۋە شەرتلىك ئىرادىسى ھەرگىزمۇ ئاللاھ نىڭ چەكسىز ۋە شەرتسىز ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا ياكى ئۇنىڭغا پاراللېل ھالدا ۋە ياكى ئۇنىڭدىن مۇستەقىل بولغان بىر ئىرادە ئەمەس. ئىنساننىڭ چەكلىك ئىرادىسى ئاللاھ نىڭ چەكسىز ئىرادىسىنىڭ ئىچىدىن

ئورۇن ئالغان. بۇ سەۋەبتىن «ئەگەر ئاللاھ خالىمىغان بولسا ئىنسان خالىيالمىغان بولاتتى».

بىراق ئاللاھ ئىنساننىڭ خالىشىنى خالىغان. ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇن باشقا بىر ئىرادە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەننى مەجبۇرەن ئىجرا قىلغۇچى بىر ماشىنا ئادەم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدىغان چۈشەنچىنىڭ ئىسمى «قەدەرگە ئىمان» ئەمەس، بەلكى تەقدىرنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ئەسلىدە بۇنداق بىر چۈشەنچە ئىنساننىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئەخلاقى مەسئۇلىيەت ئەخلاقى مۇئامىلىنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇ ئاساس غۇلاپ چۈشسە ئىنساننىڭ ئاقىۋەتنى ئويلاپ بىر ئىش قىلىدىغان ئالاھىدىلىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بولغاندا مۇكاپات ۋە جازانىڭ، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەھمىيىتى بولمىسا «ئاخىرەتكە ئىمان»نىڭمۇ ئاساسى قالمايدۇ.

ئىنسان تاللىشىنى ئۆز ئىرادىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بىراق ئىرادىنى تاللاش تاللىماسلىق ئەركىنلىكى ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا بېرىلمىگەن. ياراتقۇچى ئاللاھ ئىنساننىڭ ئىرادىگە ئىگە بىر مەخلۇق بولۇشىنى خالىغان. ئىنسان «ئىنسان» ئىسمىنى ئىرادىنى تاللاشقا مەجبۇر ۋە چارىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئالغان.

ئىلاھى ئىرادە ئىنساننىڭ ئىرادىگە ئىگە بىر مەۋجۇدىيەت بولۇشىنى خالىغان. ئىنسان ئىككى خىل نەرسىدىن بىرسىنى تاللايدۇ. بىراق ئىرادىگە، تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇش بولماسلىق ھەققىدىكى ئىختىيارلىق ئىنسانغا بېرىلمىگەن. بۇ توغرىلىق ئىختىيار ۋە تاللاش ھوقۇقى ئاللاھ نىڭ ئىلكىدىدۇر. بۇ نۇقتىدا ئاللاھ تاللاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ

ئىنسانغا «ئىرادە- تاللاش ئىختىيارلىقى»نى بەخىش ئەتكەن. بۇ سەۋەبتىن تاللاش ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى مەسىلىلەردە ئىنسانىنىڭ قازايى قەدەرى «تاللاش»تۇر. يەنى ئىرادە ئىنسانىنىڭ قازايى قەدەرى بولۇپ، كىشى قازايى قەدەرى بولغان تاللاش ئەركىنلىكىدىن قاچالمايدۇ. تاللاش ئىنسانىنىڭ قازايى قەدەرىدۇر ۋە ئىنسان تاللاشقا مەجبۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئىنسانىنىڭ تاللاش قابىلىيىتىنى يوق ھېسابلايدىغان ھەر خىل پىكىرلەر ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىنى يوققا چىقارغان بولىدۇ. ئىرادىنىڭ يوقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر قانداق كۆز قاراش ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئىلاھى تەقدىر ۋە تاللاشنى يوق ھېسابلىغان بولىدۇ. بۇ ماھىيەت جەھەتتە «قازايى - قەدەرنى ئىنكار» قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كالام كىتابلىرى قازايى - قەدەر ۋە ئۇنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاللاھ نىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىسىلا مەسىلە تېخىمۇ چىگىشلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ غۇۋالاشتۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى بەندە ئىگىسى ئاللاھ توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىسا ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمايدۇ. «ئاللاھ ئۇنداق، ئاللاھ مۇنداق» ياكى «ياق، ئۇنداق ئەمەس مۇنداق» ۋەياكى «ياق! ھېچبىرى توغرا ئەمەس، ئەسلىدە مۇنداق» دېگەندەك تالاش -تارتىشلار باشلانغان ۋاقىتتا ئىنسان «ئاللاھ نى تونۇش»نىڭ ئورنىغا «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېنىقلىما بېرىشكە» تەمشەلگەن بولىدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ «تونۇغان» ۋەياكى «تونۇشتۇرغان»لىقمۇ ئەمەس. بۇنداق قىلغاندا، ئاللاھ نى ئۆز مەزھىپىنىڭ، مەشرىپىنىڭ زېھنىدىكى بىر تەرەپلىمە تار چۈشەنچىسىنىڭ قېلىپلىرىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئورۇنغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېچنىمىنى ھەل قىلالمايدۇ. مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرالمايدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

چۈنكى ئاللاھ «ئەكبەر (ئەڭ ئۇلۇغ)» دۇر. ئاللاھ كالامىنىڭ (ئىلاھىيەتنىڭ، دىنشۇناسلىقنىڭ) ئىچىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە ئەكبەردۇر. ئۇنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھەر بىر تەشەببۇس ئىنساننىڭ تاقىتىدىن ئاشىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ توغرىسىدا ئەڭ ئورۇنلۇق ئىزاھات سۈكۈت قىلىش ۋە ئىككى نەرسىگە قۇلاق سېلىشتۇر: يەنى، ۋىجدان ۋە قۇرئانغا قۇلاق سېلىش كېرەك.

ئۇ ۋىجداندا مەۋجۇتتۇر. ئىنسان ئۇنى ھېس قىلىدۇ، بىراق تىل ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر خىل كالامىنىڭ ئوبيېكتى بولۇشتىن خالىيدۇر.

ئەگەر ئۇنى تونۇشتۇرىدىغان بىرى بار دېيىلگەن تەقدىردە ئۇ يەنىلا ئاللاھ نىڭ ئۆزىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ھەققىدە ئەڭ توغرا ئىزاھاتنى يەنىلا ئاللاھ بېرىدۇ. ۋەھىي بۇ ھەقتە نېمە دېگەن بولسا شۇنى دېيىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىك مۆئمىنلىك ئەخلاقىدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ زاتىنى تېگى - تەكتىگە يېتىپ چۈشىنىشكە، تىلىنىڭ تەبىئىتى ئۇنى ئۆز ھالىتى بىلەن تونۇتۇشقا ئاجىز كېلىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئاللاھ، ئاللاھ نىڭ سۈپەتلىرى، ئاللاھ نىڭ كىملىكى، ئاللاھ نىڭ ئىلمى، خالىشى، بارلىققا كەلتۈرۈشى، سۆز قىلىشى، تەقدىرى قاتارلىق تېمىلاردا ئىنساننىڭ قىلىدىغان ۋەزىپىسى قۇرئاننىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە ئېغىزىنى يىغىشتۇر.

سۈكۈت قىل! ئاللاھ ھەققىدە ئاللاھ دېمىگەننى دېيىشتىن ئاللاھ قا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. سۈكۈت قىل ۋە قۇلاق سالغىن. «نېمىگە قۇلاق سالىمەن؟» دەپمۇ سورىما. ئۇنۇتمىغىنكى ھەتتا جىمجىتلىقمۇ ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىكىدۇر. ئەگەر قانداق قۇلاق سېلىشنى بىلسەڭ ئەقلىڭنى ئىشلەتكەن قەلبىڭگە جىمجىتلىق ئىچىدىن ئاۋازلىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. كۆزۈڭنى يۇم، ئۆزەڭنى ئاچ، خىتاپ قىلسا جاۋاب بەر:

لەببەيكە، ئاللاھۇمما لەببەيك!

## تېكىست ۋە شەرھىيسى

فهذا يا امير المؤمنين كتاب الله ينطق ومن احسن من الله حديثا قال: « والذى قدر فهدى »، ولم يقل قدر فاضلّ، لقد بين الله لعباده وما تركهم في لبس من دينهم ولا شك من امرهم حتى انه جعل الهداية من نفسه و الضلالة من نبيه فقال: « قل ان ضللت فانما اضل على نفسى وان اهتديت فبما يوحى الى ربى » أفترضى لمحمد( صلعم وآله ) ان يكون الضلال منه ان ضل وتسخط ذلك لانفسنا، وقال تعالى: « ان علينا للهدى » ولم يقل ان علينا للضلال.

فأنزل كتاب الله ياامير المؤمنين على منازله ولا تحرفه و تتأوله غير تأويله، فما كان الله تعالى لينهى العباد عن شيء في العلانية ثم يقدرهم عليه في السر كما يقول الجاهلون الغافلون ولو كان ذلك ما كان يقول: « اعملوا ما شئتم » ولكان قال سبحانه: اعملوا ما قدرت عليكم، وما كان يقول: « فمن شاء فليؤمن ومن شاء فليكفر » ولكان ليقول: من شئتُ فليؤمن ومن شئت فليكفر.

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، مانا بۇ ئاللاھ سۆزلىگەن كىتاب، ئاللاھ تىنىمۇ بەكرەك توغرا سۆزلەيدىغان كىم بار؟ «ئۇ (ئاللاھ)كى تەقدىر قىلدى ۋە ھىدايەت بەردى» (ئەئلا، 3). ئەمما «تەقدىر قىلدى ۋە ئازدۇردى» دېمىدى. شۈبھىسىزكى ئاللاھ بەندىلىرىگە بۇنى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى دىنلىرىدا ئارىسالدىلىقتا، شەك - شۈبھىدە ۋە گۇماندا

تاشلاپ قويمىغان. ھەتتا ئاللاھ: «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئازسام ئازغۇنلۇقىمنىڭ زىيىنى ئۆزەمگىدۇر، ئەگەر ھىدايەت تاپسام (بۇ) رەببىمنىڭ ماڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئاننىڭ سەۋەبىدىندۇر» ( سەبەئ، 50) دېيىش ئارقىلىق ھىدايەتنى زاتىغا، زالالەتنى رەسۇلغا (ئازغۇچىنىڭ ئۆزىگە) يۈكلىگەن. ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئېزىپ كېتىشنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولۇش ئېھتىماللىقىغا رازى بولىسەن يۇ، نېمە ئۈچۈن ئوخشاش ئەھۋالنىڭ بىزلەردىنمۇ سادىر بولۇش ئېھتىماللىقىنى قوبۇل قىلمايسەن؟ جانابى ئاللاھ: «توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك - شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز» (لەيل، 12) دېدى، ئەمما «ئازدۇرۇشقا بىز مەسئۇلمىز» دېمىدى.

ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئاللاھ نىڭ كىتابىغا غادىيىپ قاراشتىن ھەزەر ئەيلە! ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلغىن، ئۇنى ئۆز تەۋئىلىدىن چىقىرىپ بۇرمىلىما، ئۆزگەرتمە! جانابى ئاللاھ نىڭ بەندىلىرىگە كۆرۈنۈشتە بىر ئىشتىن چەكلەپ، ئاندىن كېيىن ئۇ ئىشنى خۇپىيانە تەقدىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا ئەھۋال شۇنداق بولسا ئىدى، «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار» (فۇسسىلەت، 40) دېمەستىن، بەلكى «مەن سىلەر ئۈچۈن تەقدىر قىلغانلىرىمنى قىلىڭلار!» دېگەن بولاتتى. يەنە «خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» (كەھف، 29) دېمەستىن بەلكى دەل ئەكسىچە «كىمنى خالىسام ئۇ ئىمان ئېيتسۇن، كىمنى خالىسام ئۇ كاپىر بولسۇن» دېگەن بولاتتى.

## ئاللاھ ئازدۇرمايدۇ، ئىنسان ئۆزى ئازىدۇ

ئەلبەسسىرى ھىدايەت ۋە زالالەت مەسىلىسىدىمۇ قۇرئان بىلەن بەرپا بولغان بىر ئەقىل - ئىدراك بىلەن گەپ قىلىدۇ. ھىدايەت ئاللاھ نىڭ يول كۆرسىتىشىدۇر؛ زالالەت بۇ يول

كۆرسىتىشكە ئىشەنمەسلىك ۋە بويۇن ئەگمەسلىكتۇر. ئاللاھ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان فىترەت (خاراكتېر) ۋە ئەقىل بىلەن بىللە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە نازىل قىلغان ۋەھىيلەرى ئارقىلىق يول كۆرسەتكەن. ئاللاھ يۇقىرىقىدەك ۋاستىلار ئارقىلىق بىر توغرا يولغا يېتەكلەۋاتقان تۇرسا، ئىنسان قانداق قىلىپ «توغرا يولدىن ئېزىش»نى ئاللاھ قا ئارتىپ قويىدۇ؟ بۇنداق قىلغانلىق ئەلھادى (ھىدايەت قىلغۇچى) بولغان ئاللاھ قا بوھتان چاپلىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەلبەسىرى سۆزنىڭ دەل بۇ يېرىگە كەلگەندە، ئىنتايىن ئورۇنلۇق قىلىپ سەبەئ سۇرىسىنىڭ 50 - ئايىتىنى شاھىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت ھىدايەتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن، ئازغۇنلۇقنىڭ بەندە تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى يارقىن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئايەتتىكى كەسكىنلىك شۇكى، ئايەت ئىنسانلار ئىچىدە ئازغۇنلۇقتىن ئەڭ يىراق بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئالەملەرگە رەھمەت سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن ھەزرىتى پەيغەمبەرگە «ئەگەر ئازسام ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزەمگىدۇر» دېگىن دەيدۇ. قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىش ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە يەنە نېمە دېسۇن؟ «ئەگەر مەن ئازغان بولسام» دېيىش تەلەپ قىلىنغان كىشى پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىدى. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئازغان تەقدىردىمۇ ئۇ ھەرگىزمۇ ئازمايدۇ. لېكىن ئايەت «مەسىلەن شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە ....» كە ئوخشاش بىزنى تەپەككۇرغا ۋە ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتىدۇكى، شۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەي ئىنسانلار، سىلەر «ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! باردۇر بىر ھېكمىتى!» دېمەڭلار، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھەرگىز «ئازغۇنلۇقنى» ئاللاھ قا ئارتىپ قويۇپ، ئاللاھ قا ئىنساننى ئازدۇرۇۋەتكەنلىك بۆھتىنىنى چاپلىماڭلار!

سوئال: «ئاللاھ نىڭ ھىدايىتىنى» قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ سوئالنىڭ جاۋابىدۇر: «رەببىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى يارىتىلىش مەقسىتىگە يۈزلەندۈردى» (تاھا، 50). «شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا (ئىنسانغا) بىز (ئەلچىلەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى - يامان) يولنى كۆرسەتتۇق (ھىدايەت قىلدۇق)، ئىمان ئېيتقان ياكى ئىنكار قىلغان بىرى بولۇشىنى (ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇردۇق)» (ئىنسان، 3). «ئاللاھ سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاراڭلاردا مۇئمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار» (تەغابۇن، 2).

ئاللاھ نىڭ خەلق ئېتىشى ئاللاھ نىڭ بىر شەيئىنى ياراتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ نىڭ فىترىتى ياراتقان تۈرلەرگە زاۋۇت پروگراممىسىغا ئوخشاش ئىلاھى پروگراممىا يۈكلىشى ۋە يارىتىلىش غايىسى تەيىن قىلىنىشىدۇر. ئاللاھ نىڭ تەۋسىيىسى مەخلۇقاتنى يارىتىلىش مەقسىتىگە ماس ھالغا كەلتۈرۈشىدۇر. ئاللاھ نىڭ ھىدايىتى مەۋجۇداتنى يارىتىلىش غايىسىگە مۇناسىپ يولغا يۈزلەندۈرۈشىدۇر. بۇ يەردە ھىدايەتنىڭ «يۈزلەندۈرۈش» بىلەن ئىپادىلىنىشى مەسىلىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك نۇقتىسىدۇر. چۈنكى «يۈزلەندۈرۈش» بىلەن «يەتكۈزۈش» بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئىنسانغا ئوخشاش ئىرادىگە ئىگە مەۋجۇداتلار ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ ھىدايىتى ئۇنى «ئىلاھى بىر ۋاسىتە»گە ئولتۇرغۇزۇپ تاكى جەننەتكىچە ئاپىرىپ قويۇش ئەمەس، ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسىتىش. ئۇنى ئاخىرقى ئۈچى جەننەتكە تۇتىشىدىغان بىر يولغا يۈزلەندۈرۈشتۇر. ئۇ يولدا مېڭىش ماڭماسلىقنى ئىرادىلىك مەۋجۇداتنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشتۇر.

بۇ سەۋەبتىن قۇرئاندا نۇرغۇن ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان «يَهْدِي مَن يَشَاء (يەھدى مەن يەشائ)» ئىبارىلىك ئايەتلەردە

«يَشَاء» پېئىلى ئىككى ئىگىنى بىرلىكتە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىر ئورۇنغا قويۇلغان (مەسىلەن، نەھل 93) بولۇپ، بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر. «يَشَاء (خالايدىغان، خالىغان، خالايدۇ)» پېئىلىنىڭ قارىتىلمىسى بولغان ئىككى ئىگىنىڭ بىرسى «خالىغان/ئارزۇ قىلغان ئىنسان (مَن)»، يەنە بىرسى «ئارزۇ قىلغان/ئۈمىد قىلغان ئاللاھ» (يوشۇرۇن «ھۇۋە - ئۇ». بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن «ھايات كىتابى قۇرئان» ناملىق ئەسەرنىڭ 13:27 دە بېرىلگەن 9 - نومۇرلۇق ئىزاھاتقا قاراڭ). بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ نىڭ ھىدايىتى بۇ ئۇسلۇپتا ئىپادىلەنگەن بارچە ئورۇنلاردىكى توغرا مەنا «ئاللاھ خالىغىنىنى (تاللىغىنىنى) ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدۇ» بولمايدۇ. چۈنكى بۇ «يَشَاء» پېئىلىنىڭ ئىككى ئىگىنى كۆرسەتكەن ئىككى كۆزدىن بىرنى قويۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. «يَشَاء» پېئىلىنىڭ ئىككى ئىگىنى كۆرسەتكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنغان ھالدا قىلىنغان تەرجىمىسى مۇنداق بولىدۇ: «نىجات تېپىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىگە ئاللاھ ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ». بۇنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىسەك: «ئۇ (ئاللاھ) نىجات تېپىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىگە ھىدايەت قىلىشنى خالايدۇ».

سوئال: ھىدايەت ئاللاھ تىن، زالالەت - ئازغۇنلۇق ئاللاھ تىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنداقتا قۇرئاندىكى «يُضِلُّ مَن يَشَاء (يۇدىللۇ مەن يەشائ)» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەرنى قانداق چۈشىنىمىز؟

جاۋاب: بۇنى ھەرگىزمۇ «ئاللاھ خالىغىنىنى ئازدۇرىدۇ/گۇمراھ قىلىدۇ» دەپ چۈشەنمەيمىز. چۈنكى ئاللاھ نىڭ مۇرات - مەقسىتى بەندىلىرىنى ئازدۇرۇش ئەمەس، ئەكسىچە توغرا يولغا يۈزلەندۈرۈشتۇر. ئىچىدە «يَهْدِي مَن يَشَاء» ئىبارىسى بولغان ئايەتلەردە «يَشَاء» پېئىلى ئىككى ئىگىنى بىرلىكتە

ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىر ئۇسلۇپتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئايەتلەر ئىپادىلىگەن ھەقىقەت شۇكى: «ئاللاھ ئېزىشنى خالىغان كىشىنىڭ ئېزىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ». چۈنكى ئاللاھ كىمنى گۇمراھ قىلىدىغانلىقىنى (ئېزىشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى) قۇرئاندا بايان قىلغان. يەنى، «ئاللاھ يولدىن چىققانلاردىن باشقىسىنى ئازدۇرمايدۇ» (بەقەرە، 26). تۆۋەندىكى ئايەت «يَشَاءُ» پېئىلىنىڭ ئىككى ئىگىنى بىرلىكتە ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ تىپىك دەلىلى بولغان ئايەتلەردىن بىرى:

«ئاللاھ ئېزىشنى خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ» دېگىن (رەئىد، 27).

ئاللاھ نىڭ ھىدايىتى ۋە زالالىتى مەسىلىسى ساھابە دەۋرىدە توغرا چۈشىنىلگەن ئىدى. شۇڭا بۇ ھەقتە ھېچقانداق مۇنازىرە بولمىغان. بىراق ئەمەۋىلەرنىڭ قەدەرچىلىكنى دۆلەت ئىدېئولوگىيىسى قىلىۋېلىشىدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ زىھنىدە قايمۇقۇش پەيدا بولدى. قۇرئاندا ئېنىق كۆرسىتىلگەن بۇ ئاساسلىق ھەقىقەت زۇلۇم سىياسىتى بىلەن تەڭ غۇۋالاشتى. زىھنىلاردا مۇجمەللىك پەيدا بولدى. رىسالە يېزىلغان ۋاقىت رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىغا تېخى ئەمدىلا 55 - 60 يىل بولغان بىر مەزگىل ئىدى. رىسالىنىڭ ئاپتورى دەل بۇ زىھنى مۇجمەللىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ھەسەن ئەلبەسىرىنىڭ رەھبىرى قۇرئان ئىدى. ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار قۇرئاننىڭ ئۆزلىرىنى قوللىمايۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئۇسلۇبقا مۇراجەت قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ جاھىلىيەت چۈشەنچىللىرىنى رىۋايەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆشنىسىگە ئارتىپ، ئۇممەتنىڭ ئەقىدە دەرياسىنى لېيىتتى.

# ئاللاھ مەجبۇر قىلغان نەرسىنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، تەكلىپ قىلغان نەرسىگە مەجبۇرلىمايدۇ

ئاللاھ بىر شەيئىنى ئايىتى بىلەن چەكلەپ، لەۋھۇلمەھپۇزدا ئۇ شەيئىنى بەندىلىرى ئۇچۇن قازايى -قەدەر قىلمايدۇ. بۇ، ئاللاھ قا قىلىنغان ئەڭ چوڭ بۆھتاندۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە تۇزاق قۇرمايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنى بىر ئىشقا مەجبۇرلىغان بولسا، ئۇ ئىش سەۋەبىدىن بەندىلىرىنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. ئەگەر مەسئۇل قىلغان بولسا، ئۇلارنى ئۇ ئىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ ئۈچۈن جائىز بولمايدىغان «تەكلىفى ما لا يۇتاق- قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلار» قاتارىدىندۇر.

ئاللاھ نىڭ «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار» دېيىشى ئىنسانىنىڭ ئىرادە قىلىشىنىڭ ئەسلىدە ئاللاھ نىڭ قازايى - قەدەرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ ئىنسانغا خالاشنى/تاللاشنى ئەمر قىلماقتا. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ قا «ياق، يا رەببىم مەن خالىمايمەن» دېگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. ئەلۋەتتە، بۇمۇ بىر خالاشتۇر. بۇنداق بولغاندا ئىنسان خالىماسلىقنى تاللىغان بولىدۇ. چۈنكى ئىرادە ئاتا قىلىنغاندىن كېيىن ئىنسانىنىڭ خالىماسلىقمۇ ئىرادىسى بىلەن قىلغان تاللىشىدۇر. دېمەك، بۇنىڭدىنمۇ ھېسابقا ۋە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. «مەن خالىمىدىم» دېيىش ئارقىلىق قۇتۇلالمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئاللاھ ئۇنىڭغا: «سەن خالىماسلىقنى تاللىۋالدىڭ، كەل تاللىشىڭنىڭ ھېساۋىنى بەر» دەيدۇ.

قۇرئان نۇرغۇن ئايىتىدە «خالاش/تاللاش» پېئىلىنى ئىنسانغا نىسبەت قىلىدۇ: «سىلەردىن (ياخشىلىقتا) ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشنى ياكى ئارقىدا قېلىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن...» (مۇددەسسىر، 37).

تۆۋەندىكى ئايەت ئىنساننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى تاللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا (بەخت - سائادەتكە) يېتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە فىسقى - فۇجۇر بىلەن) چىرىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ/زىيان تارتىدۇ» (شەمس، 9-10).

تۆۋەندىكى ئايەتتە بەندىنىڭ مۇئامىلىسىگە قارىتا ئاللاھ نىڭ بەندىگە تۇتقان مۇئامىلىسى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن: «ئۇلار ئاللاھ نى ئۇنۇتتى (يەنى ئاللاھ نىڭ تائىتىنى تەرىك ئەتتى)، ئاللاھ مۇ ئۇلارنى ئۇنۇتتى» (تەۋبە: 67).

ئاللاھ ھىدايەت قىلىپ توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. بىراق بەندىلەر ئازسا ئاللاھ ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز تاللىشى نەتىجىسىدە ئازغان بولىدۇ: «سەمۇدقا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى،...» (فۇسسلەت، 17). «ئۇلار (جامائەلەر) دىن ئەلچىلەرنى ئىنكار قىلمىغان بىرىمۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مېنىڭ ئازابىم تېگىشلىك بولدى » (ساد، 14).

ئىنسان ئىرادىسىنى مونوپۇل قىلىۋالىدىغان قەدەر چۈشەنچىسى ئىنساننى تاللاش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق قىلىش ھېساب كۈنىنىڭ مەۋجۇدىيەت سەۋەبى بولغان ئىلاھىي ئىمتىھاندىن ئىبارەت ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. بۇنداق قىلغان كىشى ياخشى بىلەن ياماننى باپ - باراۋەر كۆرگەن بولىدۇ، ئاللاھ بۇنداق قىلىشتىن پاكتۇر. «ئۆزىنىڭ يامان ئەملى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ياخشىلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟)» (فاتىر، 8).

# تېكىست ۋە شەرھىي

وقال جل ذكره: « وكان امر الله قدرا مقدورا »، وامره قدره وقدره امره، انه لا يأمر بالفحشاء و المنكر، ولقد قال ذلك قوم فعاب الله عليهم بقوله: « واذا فعلوا فاحشة قالوا وجدنا عليها آباءنا والله أمرنا بها قل ان الله لا يأمر بالفحشاء اتقولون على الله ما لا تعلمون ».

فكتاب الله نور عند الظلمة وحياةعند الموت، فما ترك الله للعباد حجة بعد الكتاب و الرسل: « ليهلك من هلك عن بينة و يحيي من حى عن بينة ».

جانابى ئاللاھ ئېيتىدۇكى: «ئاللاھ نىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر» (ئەھزاپ، 38). چۈنكى ئۇنىڭ ئەمرى قەدەردۇر، قەدەرى ئەمرىدۇر. ئاللاھ يامانلىق ۋە ھاياسىزلىققا بۇيرىمايدۇ. مۇنداق دېگەن قەۋمنى ئاللاھ شۇ سۆزلىرى بىلەن قامچىلايدۇ:

«ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان» دەيدۇ. ئېيتقىنكى:

«ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ھەقىقەتەن يامان ئىشقا بۇيرىمايدۇ، ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتامسىلەر؟» (ئەئراف، 28).

ئاللاھ نىڭ كىتابى قاراڭغۇلۇققا نىسبەتەن نۇر، ئۆلۈمگە نىسبەتەن ھاياتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرى ئۇچۇن كىتاب ۋە ئەلچىلەردىن باشقا دەلىل قالدۇرمىغان. «ھالاك بولىدىغانلار

روشەن دەلىل بىلەن ھالاك بولسۇن، ياشايدىغانلارمۇ روشەن دەلىل بىلەن ياشىسۇن» (ئەنفال، 42).

## ئاللاھ نىڭ تەقدىرى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدۇر

ئاللاھ نىڭ ئەمرى تەقدىرى، تەقدىرى ئەمرىدۇر. يەنى، قازايى - قەدەر ئاللاھ نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى بولغان بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتكە ئاساسەن توغرا بولغان ئىشنى قىلىش ئاللاھ نىڭ قەدەرىگە رازى بولغانلىقتۇر:

ئېيتقىنكى: «رەببىم! مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرىدى» (ئەئراف، 29).

ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى بۇ ئايەتكە ئاساسەن قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن يىراق تۇرۇش ئاللاھ نىڭ قەدەرىگە رازى بولغانلىقتۇر:

«ئاللاھ سىلەرنى قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە پەندى - نەسىھەت قىلىدۇ» (نەھل، 90).

ئەلبەسرىنىڭ قەدەر رىسالىسىدىن كۆرۈۋالايمىزكى، ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىنساننىڭ قۇدرىتىنى بەسلەشتۇرۇش قۇرئان تەربىيىلەپ چىققان ساھابە ۋە تابىئىن نەسلىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان كالامى بىر بىدئەتتۇر.

بەزى ئاتاغلىق كالامچىلارنىڭ ئىنسان ئىرادىسى ئوتتۇرىغا چىقارغان قۇدرەتنى ئىنسانغا چېتىپ قويماسلىق ئۈچۈن قىلمىغان قىلىقلىرى قالمىغان. ئاللاھ ئىنسانغا ئامانەت قىلغان قۇدرەتنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ ئېقىم «ئىش -

ھەرىكەت ئۈستىدە ئىنساننىڭ قۇدرىتى يوقتۇر» چۈشەنچىسىگە ئىگە. بۇ ساغلام بولمىغان دۇنيا قاراشنىڭ پەردە ئارقىسىدا ياتقان ھەقىقىي سەۋەب ئىنتايىن «بىغۇبار»دۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى ھىمايە قىلىش ھەلەكچىلىكىگە گىرىپتار بولغان. بۇ سەۋەبتىن «ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى»گە داغ تەگمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىلاھى قۇدرەتنى ئاللاھ نىڭ باشقا ھەممە سۈپەتلىرىدىن ئۈستۈن تۇتقان. ئىلاھى قۇدرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەسما (ئاللاھ نىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى)نى باشقا ئەسمانىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىككىلەنمىگەن. ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىگە داغ يېتىپ قېلىش ئەندىشىسى بىلەن ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكەنلەر يالغۇز ئۆزىنىڭلا تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپلا قالماي، سۆزلىرىنى مۆتىۋەر ھېسابلاپ ئەگىشىدىغان ئاممىنىڭمۇ ئەقىدە تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىلاھى قۇدرەتنى قۇتقۇزۇۋېلىش مۇسابىقىسى باشلانغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى چىڭ تۇتقاندا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى قۇدرىتى چەكسىز ئاللاھ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندەك پوزىتسىيىدە بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ زىتلىق ئىكەنلىكى ئەقلىگە كەلمىگەن.

«قۇدرەتچىلىك» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بۇ ھەرىكەتمۇ خۇددى ھەر ئىدېئولوگىيىلىك ھەرىكەتلەردىكىگە ئوخشاش قۇتۇپلىشىش، نورماللىقتىن چەتنەپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نورماللىقتىن چەتنىگەن بۇ مۇئامىلە قارشى تەرەپتە ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ ئۇنى كۈچەيتىۋەتكەن ياكى دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاخىرەتنى ئۇنتۇشىغا سەۋەب بولغان.

بۇ ئەھۋال ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىسى بولغان ئىنساننى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان

دەھشەتلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىل چۈشەنچە ئاللاھ نى ئىنسان بىلەن، ئاللاھ نىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ئىنساننىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن قارىمۇقارشى نۇقتىغا تىزىپ قويغان. ھالبۇكى، بۇ ئىككى قۇدرەت بىر بىرىنىڭ زىتى ياكى رەقىبى ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى مۇتلەق، ئىنساننىڭ قۇدرىتى مۇقەييەت (شەرتكە باغلانغان). ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى چەكسىز، ئىنساننىڭ قۇدرىتى چەكلىك. ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى ئۆز زاتىدىن، ئىنساننىڭ قۇدرىتى ئاللاھ تىندۇر. ئىنسانغا خالاش ۋە ۋۇجۇتقا چىقىرىش قۇدرىتىنى يەنىلا ئاللاھ ئاتا قىلغان بولۇپ، ئىنسان ئاللاھ تەرىپىدىن ئامانەت قىلىنغان بۇ قۇدرەتنى ئىشلەتكەن ئىشلەتمىگەنلىكىدىن ۋە قانداق ئىشلەتكەنلىكىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئىنسانغا بېرىلگەن بۇ قۇدرەت ئېتىراپ قىلىنماي تۇرۇپ، ئىنساننى قىلمىشى سەۋەبىدىن جاۋابكارلىققا تارتقىلى بولمايدۇ. ئىنسان قىلمىشى سەۋەبىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغان بىر دۇنيادا ياخشى يامان بىلەن، ئادالەت زۇلۇم بىلەن، توغرا خاتا بىلەن، ئىمان كۇفۇر بىلەن، ھەق باتىل بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلىدىغان چۈشەنچە ھاكىم بولىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ قا چاپلانغان ئەڭ ئېغىر بوھتاندۇر.

ئاللاھ نىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئىنساننىڭ ئەركىن ئىرادىسى قۇدرەت مەسىلىسىدە قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇلغانلىق سەۋەبىدىن «ئىنساننىڭ ئەركىن ھۆر ئىرادىسى»دىن سۆز ئېچىش «قۇدرەتچىلەر»نىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان، غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان بىر ئامىلغا ئايلىنىپ قالغان. مەسىلە تېخى ئۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالماي، سۈيىئىستېمال قىلىنىپ ھېچ مۇناسىۋەتسىز بولغان «ئىلاھى ئىرادە» بىلەن «ئىنسانى ئىرادە» قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇلغان. ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى دېيىلگەندە ھېچكىم ئېغىز ئاچالمىغانلىقتىن، بۇ نورماللىقتىن چەتنەپ خۇدنى

يوقىتىپ قويغان جاناپلار پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى ھىمايە قىلىش بايرىقى ئاستىدا ھەم ئۆزلىرىنىڭ كالامى نەزىرىيىسىنى ھىمايە قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىگە قارشى پىكىردىكىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قانغۇچە دۇمبالاش ھوقۇقى بارلىقىغا جەزىم قىلىشقان. ھەتتا ئۇلارنى «ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىگە مۇش ئاتقۇچىلار» قىلىپ كۆرسىتىشتىن تەپ تارتمىغان.

مۇبارەك قۇرئاننىڭ ئىپادىسى بىلەن «ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن ماختىنىدىغان» بولغان. لېكىن يوشۇرۇپ قويۇلغان ۋە پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن يەنىلا «ھەقىقەت» بولغان ئىدى. ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىگە داغ تەگمىگەن ئىدى، ئەلۋەتتە. داغ تېگىشى، مەرتىۋىسى چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى ئېلىپ قاچقان ياكى ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىدىن شۇبھىلىنىدىغان ھېچكىم يوق. چۈنكى بۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئىسلام بىلەن مۇناسىۋىتى تۈگىگەن بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىسى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرىپى بولسا شۇدۇركى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ھىمايە قىلىشقا قادىر. قۇدرىتىگە قارشى كېلىدىغان ھەر قانداق تەھدىتنى قادىر ئىسمى بىلەن بىتچىت قىلىدۇ. ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىگە جەزمەن ئىمان ئېيتقان بىر كىشىنىڭ: «ئەيىيۇھاننااس! ياردەم قىلىڭلار، ئاللاھ نىڭ قۇدرىتى يوقاپ كېتىۋاتىدۇ!» پىسخىكىسى ئىچىدە ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشى ئەسلىدە ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىدىن شۇبھىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىر تەرەپتىن ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ نى ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ۋە مۇداپىئە قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇشنىڭ جىڭغا ئولتۇرغىدەك بىر تەرىپى يوق. بۇ ئوپ - ئوچۇق بىر زىتلىقتۇر.

ئەھۋال بۇنداق بولغان تەقدىردە، بۇ يەردىكى ئىلاھى قۇدرەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ھىمايە قىلىش قالپىقى ئاستىدا، ھىمايە قىلىنغان ئەسلىدە باشقا بىر نەرسىدۇر. يەنى كالام مەزھەپلىرىنىڭ رەقىپلىرىگە قارشى ئۇستۇنلىكنى ئىگەللەش سەۋداسىدۇر. بۇ كالامى تالاش - تارتىشلاردا ئاللاھ ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا تەمشىلىش، مەسىلىنىڭ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر تەرىپىدۇر. ئاللاھ ۋە سۈپەتلىرىنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ، مۇخالىپلىرىنى دۇمبالاشقا ئورۇنۇش ئەخلاققا ئۇيغۇن بولمىغاندەك، ئىلمىيلىككىمۇ ئىگە ئەمەس. ئەپسۇسكى رېئاللىق مانا مۇشۇنداق. ئىسلام كالامى مەزھەپلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى ئىختىلاپ ئەخلاقىنىڭ چىرىكلىشىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن. «ئۇسسۇلىددىن» دەپ نام ئالغان كالامنىڭ ئىلىم ئەخلاقىدىن مەھرۇم بولۇشى ئۇنىڭ نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى ئاللاھ بەرىكىتىنى ۋە ھىمايىسىنى بۇ ئىلىم ئېقىمى ئۇستىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن.

## ئەل قادىر بولغان ئاللاھ كۈچ قۇدرىتىنى كەلسە - كەلمەس ئىشلەتمەيدۇ

سوئال: ئاللاھ نىڭ ھەر شەيئىگە كۈچى يېتىدۇ، بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىتۇق. ئۇنداقتا، ئاللاھ كۈچىنى ئىشلەتكەندە ئۆزگە قويغان پرىنسىپى بارمۇ؟

جاۋاب: قۇرئاننىڭ بىزگە بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاللاھ كۈچى يېتىدىغان ھەر ئىشنى قىلمىغان بولۇپ، ئۇ كۈچىنىڭ تىزگىنى ئاستىدا ئەمەس، ئەكسىچە كۈچىنى تىزگىنلەپ تۇرغان زاتتۇر. قۇرئاندا ئادەتتە قىلالايدىغان تۇرۇپ قىلمىغان ئىشلار توغرىسىدا توختالغاندا ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدىغان «لەۋ- مۇبادا» رەۋىشى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

«مۇبادا ئاللاھ خالىسا ئىدى ئۇلار (مۇناپىقلار)نى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم قىلاتتى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر» (بەقەرە، 20).

بۇ ئايەتتە «مۇبادا ئاللاھ خالىسا ئىدى... مەھرۇم قىلاتتى» دېگەندىن كېيىن، بۇ يەردە يېزىلمىغان، بىراق جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن چىقىپ تۇرىدىغان بىر جۈملە بار: «بىراق ئاللاھ بۇنى خالىمىدى». شۇنداق، ناۋادا خالىغان بولسا ئىدى، مۇناپىقلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغان بولاتتى ھەم ئېلىپ تاشلىيالايتتى. چۈنكى قادىر ئاللاھ نىڭ بۇنىڭغا كۈچى يېتەتتى. بىراق ئۇ بۇنداق قىلىشنى خالىمىدى. ئۇنداقتا ئۇ نېمىنى خالىدى؟ ئۇلارنىڭمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاتا قىلىنغان ئىرادىنى ئىشلىتىشىنى خالىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا پۇرسەت بەردى، تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن مۆھلەت بەردى. شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە نىفاقتا چىڭ تۇرسا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان دەھشەتلىك ئاقىۋەتنى كىتاۋىدا ئالدىنئالا بىلدۈردى.

بۇنىڭغا ئوخشاش يەنى بىر مىسالنى ئىلاھى خائىشقا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئىشلىتىلگەن ئايەتلەردە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ (ئاللاھ) خالىغان بەندىسىنى (مەغپىرەت تىلىگۈچىنى) مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغانغا (تىلىگۈچىگە) ئازاب قىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر» (بەقەرە، 284).

بۇ ئايەت قادىر بولغان «ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان» ئاللاھ نىڭ بۇ كۈچىنى پىرىنسىپسىز رەۋىشتە كەلسە ـ كەلمەس ئىشلەتمەيدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇنى قۇرئاندىن كۆرۈۋالايمىز. مەسىلەن، «ئۇ يولدىن چىققانلاردىن باشقىسىنى ئازدۇرمايدۇ» (بەقەرە، 26)، «ئۇلار ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھەقتىن بۇرىۋەتتى» (سەپ، 5). دېمىسىمۇ يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۆتكەن «يَغْفِرُ لِمَن يَشَاء وَيُعَذِّبُ

مَن يَشَاء» ئىبارىسىدىكى «يَشَاء» پېئىللىرى ئىككى ئىگىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككى ئىگە « ئاللاھ » ۋە « ئىنسان »دۇر. بىر پېئىلنىڭ ئىككى ئىگىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىدەك بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال ئاللاھ نىڭ چەكسىز كۈچىنى ئىشلىتىشتىكى بىر پرىنسىپىنىمۇ كۆرسەتمەكتە. يەنى بۇ پرىنسىپ شۇ: «ئىنسان كۈچىنى ئىشلىتىشى كېرەككى، ئاللاھ نىڭ ياردىمىگە لايىق بولسۇن».

ئاللاھ نىڭ كۈچ قۇدرىتىنى كەلسە - كەلمەس ئىشلەتمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرىدىن يەنە بىرى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر:

ئۇلار: «نېمىشقا مۇھەممەدكە رەببى تەرىپىدىن بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى:

«ئاللاھ مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ھەقىقەتەن قادىردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ» (ئەنئام، 37).

ئايەتتە مۆجىزە چۈشۈرلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىنكارچىلارغا بېرىلگەن جاۋاب ناھايىتى ئېنىق: «ئاللاھ مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ھەقىقەتەن قادىر». ھەم قۇرئانى ھەم تارىخي بىر رېئاللىق شۇكى، ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزە ئۇلارغا چۈشۈرۈلمىگەن. گەرچە ئايەتتە ئاللاھ نىڭ چەكسىز قۇدرىتى تەكىتلەنگەن بولسىمۇ ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىنىڭ چۈشۈرۈلمەسلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا پايدىلىق ئىدى. چۈنكى ئىلگىرىكى قەۋملەر مۆجىزە تەلەپ قىلغاندا ئۇلارغا مۆجىزە كەلگەن، بىراق ئۇلار ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغان. بۇ ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

بۇنداق بىر ئايەتنىڭ بېشىدا ھەم ئاخىرىدا «ئاللاھ نىڭ قانۇنلىرى»غا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. بۇنى كۆرۈپ يېتىش ئۈچۈن مەزكۇر پاراگرافنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنئام سۈرىسى 35-38 - ئايەتلىرىنى بىرلىكتە ئوقۇش كۇپايە.

قادىر- چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە بولۇشىغا قارىماي، قۇدرىتىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالمايدىغان زاتنى كۆرسىتىدۇ. ئىلاھى قۇدرەت چەكسىز ۋە مۇتلەقتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرەزگە ئەمەس، مۇمكىناتقا مەنسۇپتۇر. چۈنكى مۇتلەق قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئاللاھ قادىر سۈپىتى بىلەن قۇدرىتىگە مەنسۇپ ئەمەس، ئەكسىچە قۇدرىتىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ چەكسىز قۇدرىتىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭ خالىغىنىنى خالىغان شەكىل ۋە رەۋىشتە قىلىشىغا ھېچكىم توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭدىن ھېساب سوراش قۇدرىتىگە ئىگە ئەمەس، ئەمما ئۇ ھەممىدىن ھېساب سورايدىغان قۇدرەتكە ئىگە. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ چەكسىز قۇدرەتنى كەيپى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تىزگىنلەشكىمۇ قادىردۇر.

ئىنسان ئۇچۇن «قادىر» سۈپىتى ئىشلىتىلسە بولىدۇ. بىراق بۇ ھەر دائىم مۇقەييەت ۋە چەكلىك قۇدرەتنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسان ھەرگىزمۇ «ئەل قادىر» بولالمايدۇ، ئەمما ئەل قادىرنىڭ تەجەللىسى ۋە لۇتىف - ئېھسانى بىلەن قادىر بولالايدۇ. ئەگەر ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان قۇدرەتنى يامان يولغا ئىشلەتسە، ئۇ چەكسىز قۇدرەت ئۇنىڭ ياقىسىغا يېپىشىشقىمۇ قادىردۇر.

سوئال: ئاللاھ شەيتانغا ئىرادە قۇدرىتى ئاتا قىلدى، شەيتان ئاللاھ ئاتا قىلغان بۇ قۇدرەتنى خاتا يولغا ئىشلىتىپ ئاللاھ قا ئاسىي بولدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدىمۇ شەيتان «قادىر» ھېسابلىنامدۇ؟

جاۋاب: ناۋادا شەيتان مەجازى مەنادا بولسىمۇ «قادىر» بولغان بولسا ئىدى، نەپسىگە قادىر بولۇپ ئاللاھ قا ئاسىي بولمىغان بولاتتى. شەيتان شەخسىيەتچىلىكىگە قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاسىي بولدى. ئەسلىدە ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئامانەتنى نىسپى قۇدرەتنىڭ رەڭدارلىقىغا ئالدانماي، ئۇنى تىزگىنلىگەن بولسا ئىدى، دەل ئۇ چاغدا

«قادىر» بولغان بولاتتى. نەمرۇد ۋە پىرئەۋنمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلىنغان قۇدرەت بىلەن غادايدى. كۈچىنى تىزگىنلەشكە قادىر بولالمىدى. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ رەھبەرلىقىغا ئالدىنىپ، كۈچىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى. تىزگىنلىنەلمىگەن كۈچ ئەسلىدە ئاجىزلىقتۇر. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىدە جەملەنگەن كۈچ - قۇدرەتلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ئېزىلىپ يوق بولدى.

بىلىم، بايلىق، ھۆكۈمرانلىق، ماقام - مەنسەپ، شۆھرەت، نەپس ۋە شەيتاننىڭ قولىدا ئويۇنچۇققا ئايلانغان ئىنسانلار يۇقىرىقىلارنىڭ ئۈستىدە كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس. بەلكى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە يۇقىرىقىلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە.

## جاھىلىيەت ئەھلى قەدەرچى ئىدى

قەدەر رىسالىسى قەلەمگە ئېلىنغان ۋاقىتتا، «سۈننەت» ئۇقۇمى كېيىنكى زامانلاردا ئىگە بولغان مەنىنى ئىپادىلىمىسە كېرەك. ئەلبەسرى رىسالىسىدە «ئەل - كىتاب ۋەسسۈننە (كىتاب ۋە سۈننەت)» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «ئەل - كىتاب ۋەررەسۇل (كىتاب ۋە رەسۇللار)» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن. بۇ ناھايىتى مۇۋاپىق بولغان. چۈنكى ھىجرىيە 93 - يىلى دۇنياغا كېلىپ، 179- يىلى ۋاپات بولغان ئىمام مالىكمۇ «سۈننە» سۆزىنى ئايرىم ھالدا ئەمەس، «مەدىنە ئەھلىنىڭ سۈننىتى»، «نەبىنىڭ سۈننىتى» دېگەندەك بىرىكمە سۆزلەر ئىچىدە ئىشلەتكەن. كۈنىمىزدىكى مەنىسى كېيىنچە ئىمام شافىئى تەرىپىدىن ئىستىلاھ (كەسپى ئاتالغۇ)لاشتۇرۇلغان.

ئەلبەسرى ئەمەۋىلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن دۆلەت ئىدېئولگىيىسىگە ئايلاندۇرۇلغان قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ يىلتىزىنىڭ جاھىلىيەتكە ئائىت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

ئۇنىڭ رىسالىسىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى تىلغا ئېلىشى بۇنىڭ دەلىلى:

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان» دەيدۇ (ئەئراف، 28).

ئايەتتىكى ئۈستى يېپىق ئىشارەتنى ئايەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. «ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق» جۈملىسى بىلەن «ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان» جۈملىسى ئوتتۇرىسىدىكى «و (ۋاۋ)» ئىزاھلىغۇچى سۈپىتىدە ئوقۇلىشى كېرەك. بىز ئۇ «و»نى «دېمەككى» دېگەن مەنىدە ئالدۇق. ئايەتكە ئاساسەن مۇشرىكلار شېرىكلىرىنى مۇنداق ھىمايە قىلماقتا ئىدى: «ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ياشاش شەكلى (تۇرمۇش ئادىتى) ئاللاھ نىڭ قازايى - قەدەرىدۇر. دېمەك بۇنىڭ ئاللاھ نىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىمىز ناھايىتى نورمال بىر ئەھۋال».

تۇنجى قەدەرچى «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن» (ئەئراف، 16) دېگۈچى دەل ئىبلىس ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاللاھ نىڭ ئازدۇرغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش بىلەن شەيتانلاشقان بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز خاتالىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ تەۋبە قىلدى ۋە «ئادەم» بولدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تاللىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى رەت قىلغان شەيتان گۇناھىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالمىدى. تاللىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالام تەۋبە قىلىپ گۇناھىنى تىزگىنلىدى.

شەيتاننىڭ قەدەرچىلىكى جاھىلىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قۇرئان بەرگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، جاھىلىيەت مۇشرىكلىرى مۇنداق دېيەلىگۈدەك دەرىجىدە قەدەرچى ئىدى:

مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى بىز ۋە ئاتا بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق» (ئەنئام، 148؛ نەھىل، 35).

جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئەرەب بەدەۋىلىكى بىلەن قەدەر ئەقىدىسى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. چۆل ھاياتى سىزنى بىردەمدىلا قايسى خەتەرنىڭ سىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خېيىم - خەتەر ۋە قىيىنچىلىق بىلەن تولغان بىر ھاياتتۇر. تۇيۇقسىز بىر يىلان چېقىۋېلىشى، توساتتىن بوران چىقىپ ئۈستى بېشىڭىزنى قۇم بارخانلىرى بىلەن كۆمۈۋېتىشى ۋە ياكى گۈلدۈرماما ۋە چاقماق بىپايان چۆلدە تىكەندەك يالغۇز تۇرغان سىزنى سوقۇۋېتىشى مۇمكىن. ئەسلىدە قەدەرچىلىكنىڭ ھاياتى جاپا - مۇشاقەت ئىچىدە ئۆتىدىغان ۋە مەجھۇللۇق بىلەن تولغان بىر بەدەۋى ئۈچۈن تەسەللى بېرىدىغان بىر ئالاھىدىلىگىمۇ بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن بىر كىشىنىڭ ئۆزىدىن نېمە ئۈچۈن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بەدەۋىلەر «پۈتۈك - كىتاب (پېشانىسىگە يېزىلغان)» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىزاھلاپ تەسەللى تاپاتتى («ئىقدۇل فەرىد» II،377). بۇ جەھەتتە ئىبنى ئابدىرابىبىھ جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ئىچىدە قەدەرنى قوبۇل قىلمايدىغان ھېچكىم چىقىپ باقمىغان» («ئىقدۇل فەرىد »، II، 280 ).

ئەسلىدە «قازا ۋە قەدەر»دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم قۇرئاندا ھېچبىر يەردە بۇ شەكىل ۋە مەنىدە ئىشلىتىلمەيلا قالماستىن، ئۇقۇم سۈپىتىدىمۇ قۇرئاندا بۇ شەكىلدە تىلغا ئېلىنمايدۇ. بىراق جاھىلىيەت دەۋرىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلەتتى. «قازا ۋە قەدەر»نىڭ جاھىلىيەتتىكى مەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى

چۈشىنىش ئۈچۈن جاھىلىيەت شېئىرلىرىغا قاراپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئانتەرە بىن شەدداد (525 ـ 615) بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

أدافع الحادثات فيك / ولا أطيق دفع القضاء و القدر

تەرجىمىسى:

بېشىڭغا كېلىدىغان ھادىسىلەردىن قوغدايمەن سېنى،
بىراق دەپئى قىلالمايمەن سەندىن قازا ۋە قەدەرنى.

يەنە ئانتەرە بەنى زۇبەيد دىيارىغا كېتىۋېتىپ مەشۇقى ئەبلەگە مۇنداق نىدا قىلغان:

يا عبل يهنئك ما يأتيك من نعم / إذا رماني على أعدائك القدر

تەرجىمىسى:

ئى ئەبلە ھالال بولسۇن ساڭا نېسىپ بولغان نېئمەتلەر،
قاچانكى دۈشمەنلىرىڭ ئۈستىگە سالسا مېنى قەدەر.

قەدەر كەلىمىسىنىڭ قۇرئاندىكى بارلىق ئىشلىتىلىش شەكلى ۋە مەنىسىنى «ھەقىسىزلىق ۋە زۇلۇم ئاللاھ نىڭ قازايى ـ قەدەرى ئەمەس» ماۋزۇسىدا بايان قىلغان ۋە بۇ كەلىمىنىڭ قۇرئاندا ئىنسانغا نىسبەت قىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق.

جاھىلىيەتتە قەدەر «قىسمەت، تەلەي، نېسىپ» مەنىسىدە ئىشلىتىلەتتى. «قەدەر» كەلىمىسى قۇرئاندا ھېچقانداق بىر جايدا بۇ مەنىلەردە ئىشلىتىلمەيدۇ. «قەدەر»نىڭ كۈنىمىزدە ئاۋام ئېغىزىدىكى مەنىسىمۇ «قىسمەت، تەلەي، بەخت» بولۇپ، بۇ مەنىلەر قۇرئاندا «تىيارە / تاير ۋە دەھر» كەلىمىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ياسىن سۈرىسىدە ئازغۇن قەۋم بىلەن ئەلچىلەرنىڭ «قەدەر» چۈشەنچىسىدىكى زىتلىقىنى «قىسمەت، تەلەي، بەخت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «تاير» كەلىمىسى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئازغۇن قەۋم ھەقىقەتكە دەۋەت

قىلغۇچىلارغا: «بىزگە شۇملۇق ئېلىپ كەلدىڭلار» دەيدۇ (18). ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچىلار: «شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلاردا» دەپ جاۋاب بەرمەيدۇ. نېمە دەيدۇ؟ «بەختىڭلار / تەلىيىڭلار / قەدەرىڭلار تاللىشىڭلارغا باغلىقتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ:

قَالُوا طَآئِرُكُمْ مَعَكُمْ اَئِنْ ذُكِّرْتُمْ بَلْ اَنْتُمْ قَوْمٌ مُسْرِفُونَ

(ئەلچىلەر) ئېيتتىكى: «شۇملۇقۇڭلار (تەلەيسىزلىكىڭلار) سىلەرنىڭ تاللىشىڭلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق (بىشىمىزغا مۇسىبەت كەلدى) بولدى (دەپ قارامسىلەر)؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەسلىدە سىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» (ياسىن، 19).

قۇرئاندا «ئىلاھىي ئۆلچەم، قىممەت، مىقدار، مۇددەت، قانۇن - مىزان ۋە كۈچ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن «قەدەر» كەلىمىسىنى جاھىلىيەت چۈشەنچىسى ئۇنى قۇرئانى مەنىسىدىن ئايرىپ، قايتىدىن جاھىلىيەت مەنىسىگە باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان «قەدەر» ئۇقۇمىغا بەرگەن مەنىنىڭ ئورنىنى جاھىلىيەتتىكى مەنىسى ئالغان. بۇ جاھىلىيەتتىكى مەنىنىڭ مۇسۇلمانلار ئېڭىدا ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن رىۋايەت مەدەنىيىتىگە كىرگۈزۈلۈپ ئىسلام چۈشەنچىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىلگەن. قەدەر ھەققىدە ئوتتۇرىغا چىققان رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئاننىڭ بۇ ھەقتىكى بايانىغا زىت كېلىدۇ. بۇ خىل رىۋايەتلەر قۇرئان بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئاۋامنىڭ چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۇرۇشتە توقۇپ چىقىلغان رىۋايەتلەرنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىگە قارىغاندا تەسىرىنىڭ چوڭ بولغانلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئاچچىق بىر ھەقىقەت. بۇنىڭ پىسخىك ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك ئايرىم بىر تېما.

«قازا» ئۇقۇمىنىڭ جاھىلىيەتتىكى مەنىسىنى قۇرئان بىكار قىلغان بولۇپ، بۇ كەلىمىنى ئاتالغۇ بولۇشتىن چىقىرىپ بىر سۆزلۈك ھالىغا كەلتۈرگەنىدى. قازا- مۇھاتابىنى مەجبۇر قىلغان ھۆكۈم، بىر نەرسىگە مەھكۇم قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىبنۇل مۇرتەزانىڭ «ئەل مۇنيە» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل قىلىنغان بىر ۋەقە قۇرئاننىڭ «قازا» كەلىمىسىگە بەرگەن مەنىسىنى ئەڭ يارقىن شەكىلدە كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

«ھەزرىتى ئەلىگە ياشىنىپ قالغان بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دېگەن:

- ئۇنداقتا، بىزنى مەجبۇر قىلغان قازا ۋە قەدەر نېمە؟

ھەزرىتى ئەلى:

- ئۇ ئاللاھ نىڭ ئەمرى ۋە بۇيرىقىدۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇغان:

وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ- رەببىڭلار پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى بۇيرىدى / ھۆكۈم قىلدى» (ئىسرا، 23).

ھەسەن ئەلبەسرىمۇ ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىدە ئىدى. ھەر ئىككىسى «قازا ۋە قەدەر»نى «ئاللاھ نىڭ ئەمرى ۋە نەھيى ( چەكلىمىسى )، ئارزۇ ۋە تەلىپى» دەپ ئىزاھلىغانىدى.

جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مىسىردىن ئىرانغا، ھىندىستاندىن مىسسىپوتامىيە دېلتىسىغىچە بولغان كەڭ رايونغا تەسىر كۆرسەتكەن گنوستىك ئېقىملارنىڭ مۇئەييەن رولى بولغانلىقىدا شۈبھە يوق. ۋاسىل بىن ئاتا ھەدىس سۈپىتىدە نەقىل قىلغان شۇ شۈبھىلىك رىۋايەت جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ بىر مەنبەسىنىڭ پارس مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

پارس دىيارىدىن بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

- ئانىسى بىلەن، ھەمشىرىسى بىلەن ۋە قىزلىرى بىلەن توي قىلغان كىشىلەرنى كۆردۈم. بۇلاردىن: «نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدۇم. ئۇلار: «بۇ ئاللاھ نىڭ قازا ۋە قەدەرىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە مۇنداق دېدى:

- مېنىڭ ئۈممىتىمدىنمۇ مۇشۇنداق دەيدىغان قەدەرچىلەر چىقىدۇ. ئۇلار ئۈممىتىمنىڭ مەجۇسىلىرىدۇر («ئەل - مۇنيە»، 8 - 10 - بەت).

بۇنىڭ ۋە رايوندىكى باشقا ئېتىقاد ئېقىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئوخشاش بىر تەرىپى بار ئىدى. بۇ، قۇرئان شىددەت بىلەن رەت قىلغان كاھانەت (ئالدىن ئېيتىپ بېرىش) - ئىرافە ۋە «يۇلتۇز پالچىلىقى» ئىدى. كاھانەت ۋە يۇلتۇز پالچىلىقى ئۆزىگە ئاساس قىلغان چۈشەنچە جاھىلىيەتنىڭ «قازا ۋە قەدەر» ئەقىدىسى ئىدى. چۈنكى كاھىن، مۇنەججىم ۋە پالچىلار بىر كىشىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشى ئۈچۈن ئۇ ئىنسانىنىڭ كېلەچىكى يېزىلغان بىر يەر بولۇشى كېرەك ئىدى. جاھىلىيەت كاھىن ۋە مۇنەججىملەرنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرى ئاللاھ نىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز ۋە «غەيبنى بىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇنى «مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى بىر ئىلاھىي مىزان بىلەن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان» (ئەنئام، 59) ھەقىقىتى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىك كېرەك.

خۇلاسىلىگەندە، جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسى بىر ئاز ئۆزگەرتىلىپ، يۇمشىتىلىپ ئەمەۋىلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى.

# تێكست ۋە شەرهيسى

ففكّر يا امير المؤمنين في قوله تعالى: « لمن شاء منكم ان يتقدم او يتأخر » وذلك ان الله قد جعل فيهم من القدرة ما يتقدمون بها و يتأخرون ليستحق المحسن الجنة و يستحق المسىء النار، ولو كان الامر كما ذهب اليه المبطلون لما كان لهم ان يتقدموا ولا يتأخروا ولا كان لمتقدم حمد ولا على متأخر لوم فيما عمل، لان ذلك بزعمهم ليس منهم ولا اليهم ولكنه شيء عمل بهم ولكان الله قال فيما ذكر من جزائهم جزاءً بما عمل بهم وجزاء بما كتبت لهم ، ولما كان قال: « جزاء بما كانوا يعملون ».

ولقد خالف القوم يا امير المؤمنين كتاب الله وحرفوه وما كان قول الله ليكذب[ بعضه ]بعضا بل هو كما وصف « احسن الحديث كتابا متشابها » يشبه بعضه بعضا ولا يخالف بعضه بعضا لانه « تنزيل من حكيم حميد ».

ثم فكر يا امير المؤمنين في قوله: « ونفس وما سوّاها فألهمها فجورها وتقويها » فقد جعل في طبع ابن آدم بالالهام ان يعرف الفجورمن التقوى ثم قال تعالى: « قد أفلح من زكاها وقد خاب من دساها » فلو كان هو الذي دساها ما خيّب نفسه.

ثم فكر يا امير المؤمنين في قوله: « قالوا ربنا من قدم لنا هذا فزده عذابا ضعفا في النار » فلو كان الذى قدم لهم ذلك... [ولكن الله قد

بيّن لنا من قدّم لهم ذلك ومن أضلهم فقال: « وقالوا ربنا انا اطعنا سادتنا و كبراءنا فاضلونا السبيلا » فالسادة والكبراء هم الذين قدموا لهم الكفر و اضلوهم السبيل بعد ان كانوا عليها].

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمرى! جانابى ئاللاھ نىڭ «سىلەردىن (جەنىنەتكە) ئىلگىرلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر» (مۇددەسسىر، 37) دېگەن سۆزىنى تەپەككۇر قىلىپ باقىن! بۇ، ئاللاھ ئۇلارغا كۈچ - قۇدرەت بەرگەنلىك سەۋەبىدىن ئىلگىرلەيدۇ ۋە ياكى چېكىنىدۇ دېگەنلىكتۇر. نەتىجىدە ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلار جەننەتكە ئېرىشىدۇ. يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار دوزاخقا كىرىدۇ. ئەگەر مەسىلە (ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتىنى / ئىراده - تاللاش ئەركىنلىكىنى) ئىنكار قىلىدىغانلار ئىلگىرى سۈرگەندەك بولغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرلەش ۋە چېكىنىش ئىمكانىيىتى بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىلگىرلىگەنلەر ئالقىشقا، ياخشى ئىش قىلماي چېكىنگەنلەر ئەيىبلىنىشكە ئۇچرىمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن بۇ (ئىلگىرلەش ۋە چېكىنىش) ئەھۋالى ئۇلارنىڭ قۇدرىتىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان قۇدرەتنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس. بۇ پەقەت ئۇلارغا قىلدۇرۇلغان بىر ئىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر مەسىلە ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغاندەك بولسا ئىدى، ئۇلارغا (جەھەننەم ئەھلىگە) بېرىلگەن جازا ھەققىدە توختالغاندا، ئاللاھ «ئۇلارغا قىلدۇرغان ئىشلار سەۋەبىدىن...» ۋە «ئۇلارغا ئەزەلدە مەن يېزىپ پۈتتۈەتكەن ئىشلار سەۋەبىدىن...» دېيىشى كېرەك ئىدى. ھەرگىزمۇ «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن...» دېمىگەن بولاتتى (سەجدە، 17).

توغرىسىنى ئېيتقاندا ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن، بۇ كىشىلەر (مۇشۇنداق قىلىش بىلەن) ئاللاھ نىڭ كىتاۋىغا قارشى چىقتى ۋە ئۇنى بۇرمىلىدى. ئاللاھ نىڭ سۆزلىرىنىڭ [بىر قىسمى] يەنە بىر قىسمىنى يالغانغا چىقارمايدۇ. ئەكسىچە قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىندى، ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» (زۇمەر، 24). بىر قىسمى يەنە باشقا قىسمىغا ئوخشايدۇ، ھەرگىزمۇ بىر قىسمى يەنە بىر قىسمىغا زىتلىق تەشكىل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ «ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» (فۇسسىلەت، 42).

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللاھ نىڭ شۇ سۆزىدە تەكىتلىگەن مەسىلە ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغىن: «روھ بىلەن ۋە ئۇنى (ئىنساننى) چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى (ئىنسان فىترىتى ۋە ئۇنى يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق ھالدا شەكىللەندۈرۈلىشى شاھىت بولسۇنكى،... ») ( شەمس، 7-8 )، ئاللاھ ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ياخشى -ياماننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان قابىلىيەتنى يەرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەفسىنى (كۇفرى ۋە فىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن (كىرلەتكەن) ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ» (شەمس، 10). ئەگەر ئۇنى فىسقى - فۇجۇر بىلەن كىرلەتكۈچى ئاللاھ بولغان بولسا ئىدى، «نائۇمىد» بولۇشنى بەندىسىگە نىسبەت قىلمىغان بولاتتى.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاللاھ نىڭ شۇ سۆزى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزگەيسەن: «ئۇلار (ئەگەشكۈچىلەر): رەببىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە دوزاخ ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن» دەيدۇ (ساد، 61). ناۋادا

ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگۈچى ئاللاھ بولسا ئىدى .....[لېكىن ئاللاھ بىزگە ئۇلارنىڭ بۇ جازاغا مۇپتىلا بولۇشىغا كىمنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى ۋە ئۇلارنى كىم يولدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى شۇ سۆزلىرى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ: «ئۇلار: رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇرۋەتتى، رەببىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن، دەيدۇ» (ئەھزاپ، 67). باشلىقلار ۋە كاتتىلار ئۇلارنى توغرا يولدىن ئاداشتۇرۇپ، كۆپۈرغا باشلىغان ۋە ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرىۋەتكەن].

*ئىزاھات:*

*قوليازمىدا [ ] ئىچىدىكى سۆز ۋە جۈملىلەر نۇسخىنى كۆچۈرۈپ يازغۇچى كاتىپتىن چىققان سەھۋەنلىك بىلەن بولسا كېرەك، تولۇق يېزىلماي يېرىم قالغان. بۇ تىرناق ئىچىدىكى جۈملىلەر ھەججاجنىڭ مەكتۇبىدا (ب نۇسخىدا) ئېلىنغان ئۇزۇندىگە ئاساسەن تولۇقلاندى.*

## ئاللاھ «سىلەرگە پۈتىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن» دېمىدى، «قىلمىشىڭلار سەۋەبىدىن» دېدى

ئەلبەسرى رىسالىنىڭ بۇ بۆلۈمىدىمۇ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىرادىسى ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. يەنى قۇرئاننىڭ مەسىلىنى مۇشۇنداق مۇلاھىزە قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. قۇرئان پالانچىنى «ئاللاھ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ» ياكى «ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دېمەيدۇ. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە «ئالدىغا ئۆتۈش (ئىلگىرلەش)» ياكى «ئارقىدا قېلىش» پېئىللىرى ئىگىسىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىنسان جەننەت ياكى جەھەننەمگە ئاللاھ نىڭ «بۇ

جەننەتلىكتۇر» ياكى «بۇ جەھەننەملىكتۇر» دەپ يازغانلىقى تۈپەيلىدىن كىرمەيدۇ. سەجدە سۈرىسىنىڭ 17- ئايىتىدە ئوچۇق بايان قىلىنغىنىدەك «ھۆر ئىرادىسى بىلەن تاللاشنىڭ ۋە بۇ تاللاشقا مۇناسىپ ھالدا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە» بۇلاردىن بىرسىگە لايىق بولىدۇ.

رىسالىدىكى «مۇبتىلۇن- المبطلون (بىكار قىلىۋەتكەنلەر)» ئىبارىسى ھەججاجنىڭ رىسالىنى يىغىنچاقلىغان مەكتۇبىدا سىلىقلاشتۇرۇلۇپ «مۇختىئۇن (خاتا قىلغانلار)»دەپ يېزىلغان. بىكار قىلىۋەتكەنلەر دېيىلىشىدە ئىككى ئېھتىماللىق بار:

1) ھۆر ئىرادىنى بىكار قىلىۋەتكەنلەر.

2) ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتىنى بىكار قىلىۋەتكەنلەر.

شۇنداقتىمۇ ھەر ئىككى ئىپادىدە ئوخشاش بىر نۇقتىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. يەنى، «مۇبتىلۇن» دەپ ئوقۇلغاندا، ئەجنەبىلەرنىڭ ئىپادىسى بىلەن «نىھىلىست (مۇتلەق يوق)» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەل بەسىرىنىڭ قەدەرپەرەستلىك ئازغۇنلىقىغا قارشى بۇنچىۋالا قاتتىق كۈرەش قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل بۇ ئىدى. چۈنكى ھەر قانداق ئەخلاقىي چىرىكلىشىشنىڭ تېگىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك ياتىدۇ. قەدەرچىلىك مەسئۇلىيەتنىڭ ئورنىغا مەجبۇرىيەتنى، ئىرادىنىڭ ئورنىغا «قەدەر»نى قويىدىغان چۈشەنچىدۇر. ھالبۇكى، قۇرئان «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن مەھبۇستۇر» دەيدۇ (مۇددەسسىر، 38)، ( نۇر، 21).

ئەلبەسىرى قەدەرچىلىك چۈشەنچىنى ھىمايە قىلىۋاتقانلارنى «قەۋم» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ، ھاكىمىيەت ئارقا تېرىكى بولغان مەزكۇر چۈشەنچىنى ھىمايە قىلىۋاتقانلارنىڭ تەشكىللىك ھەممىدە ھەممىگە مەلۇم ئىجتىمائىي سىنىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسان ئەمەللىرىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئىبنۇلجەۋزى ئىمام ئەلبەسرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئەمەل توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىنى مۇنداق نەقىل قىلغان:

«ئى ئىنسان! مەن يېڭى بىر كۈن قىلمىشلىرىڭغا شاھىتلىق قىلىمەن. سەندىن ئايرىلغىنىمدا ھەرگىز يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلمەيمەن. شۇڭا نېمە قىلساڭ ھازىرلا قىلىۋال. چۈنكى كەلگۈسىدە ھازىر قىلمىشلىرىڭ بىلەن ئۇچرىشىسەن، خالىغىنىڭنى بىرىكتۈرگىن. بىراق شۇنى بىلگىنكى بۇ پۇرسەت يەنە بىر قېتىم قايتا قولۇڭغا كەلمەسلىكى مۇمكىن».

ئەلبەسرى 13 يېرىم ئەسىر بۇرۇن قەدەر رىسالىسى ئارقىلىق ئېيتقان بۇ ھەقىقەتنى ئۇنىڭدىن 13 ئەسىر كېيىن ياشىغان قۇرئان شائىرى مەھمەت ئاكىف شېئىرىدىكى شۇ مىسرالار بىلەن مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئاللاھ قا يۆلەندىم دەپ سەن قوپما كارۋاتتىن،
تەۋەككۇلنىڭ مەنىسى بۇمۇ ھەي ئىست نادان!

دۇنيا يۈگرەۋاتىدۇ گەپمۇ، بىللە يۈگرەيتتىڭ،
ئەپسۇسكى پۇتكۇل غەيرىتىڭنى ئارقاڭغا تاشلىۋەتتىڭ.

ئاللاھ قا يۆلەن، تىرىشچان بول، ھېكمەتكە رام بول!
يول بۇدۇر، بىلمەيمەن باشقا چىقىش يول.

دۆلەت نابۇت بولماقتا، دىنمۇ ھەم شۇنداق،
سىلەرگە قۇرئان پەقەتلا ئۇزاقتىن قاراڭلا دەمدۇ؟

تەرك قىل ئىشلەشنى، بۇيرۇق چۈشۈر تۇرغان يېرىڭدىن!

ھارمىغىن ئۇنداق (جاپا تارتىپ)، مەۋلا (ئەمەل قىلماي ياتساڭمۇ) ئەجىر بەرگۈچىڭ بولغاندىكىن.

ھەممە ئىشلارنى رەببىم ھەل قىلىدۇ، ۋەزىپىسىدۇر!
يۈكۈڭ يەڭگىللىدى، سەن ئەمدى ئۇدۇل قەھۋەگە بار!

ئاي ئىشلەۋاتىدۇ، ئاسمان يەر ئىشلەۋاتىدۇ،
كۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، سەييارىلەرمۇ ھەم.

ئىشلە / ئەمەل قىل دېگەنىسىرى شەرىئەت، ئىشلىمەي ياتتىڭ،
ئۇنىڭ ئورنىغا نۇرغۇن خۇراپە ئويدۇردۇڭ.

ئاخىرى تېخى «تەۋەككۇل» قىستۇرۇپ ئارىغا.
بىچارە دىنىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن، قويدۇڭ كۆلكىگە!

يەر ئىشلىسۇن، ئاسمان ئىشلىسۇن، ئىچىڭ پۇشمىسا ئولتۇر!
بۇلار ھەققىدە بىر باھانەڭ بارمۇ؟ تۇر!

ماسىۋا (كائىناتتىكى ھەممە)نى قويايلى، بىكار تۇرمايدۇ خالىقمۇ،
قارا، تەجەللى قىلىدۇ مىڭ بىر تۈرلۈك شانۇ - شەۋكەت ھەر كۈنى.

ئەي پۈتۈن دۇنيا ۋە ئىچىدىكىلەر ئورنىدىن تۇرسىمۇ ياتقۇچى!
تاپىمۇ سەن قىمىلدىمايسەن، ھېچ بولمىسا خىجىل بول ئاللاھ تىن!

## تېكىست ۋە شەرھى

[ثم فكر يا امير المؤمنين]في قوله: « ربنا ارنا الذين اضلانا من الجن والانس نجعلهما تحت اقدامنا ليكونا من الاسفلين »، وقال عز من قائل: « انا هديناه السبيل اما شاكرا واما كفورا »، يقول عرفناه الطريق اما ان يشكر فنجازيه واما ان يكفر فنعاقبه على كفره: « ومن يشكر فانما يشكر لنفسه ومن كفر فان الله غنى حميد »، وكذلك قال الله عز وجل] : « واضل فرعون قومه وما هدى ».

فقل يا امير المؤمنين كما قال الله فرعون الذى اضل قومه ولا تخالف الله في قوله وتجعل من الله الا ما رضى لنفسه فانه قال:« ان علينا للهدى و ان لنا للآخرة والاولى » فالهدى من الله و الضلال من العباد.

ثم فكر يا امير الؤمنين في قول الله عز وجل: « وما أضلنا الا المجرمون »، وقوله: « وأضلهم السامرى »، وقوله: « ان الشيطان كان للانسان عدوا مبينا »، و] قال الله تعالى: « وأما ثمود فهديناهم فاستحبوا العمى على الهدى فأخذتهم صاعقة العذاب الهون بما كانوا يكسبون »، فكان بدؤ الهدى من الله تعالى وكان بدؤ استحقاقهم العمى باهوائهم المضلة.

[ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! يەنە ئويلاپ كۆرگەيسەن] ئاللاھ نىڭ بۇ سۆزىنى: «رەببىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن، (ئۇلار) ئەڭ خارلىرىمىزدىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاياقلىرىمىز ئاستىدا چەيلەيمىز، دېدى»

(فۇسسىلەت، 29). يەنە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، بىز ئۇنىڭ (ئىنسان)غا ئەلچىلەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى - يامان يولنى كۆرسەتتۇق، (ئۇ مۇئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ، ئاللاھ نىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفۇرلۇق قىلغۇچىدۇر» (ئىنسان، 3). يەنى ئاللاھ بىز ئىنسانغا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ شۈكۈر قىلسا بىز ئۇنى مۇكاپاتلايمىز، ئەگەر ئۇ كۇفرانى نېئمەت قىلسا (ئىنكار قىلسا) بىز ئۇنى كۇفرى سەۋەبلىك جازالايمىز، دەيدۇ:

«كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفۇرلۇق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر» (لوقمان، 12). [جانابى ئاللاھ نىڭ بۇ سۆزىمۇ يۇقىرىدىكى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: «فىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئازدۇردى، (ئۇلارنى) توغرا يولغا باشلىمىدى» (تاھا، 79).

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەنمۇ خۇددى ئاللاھ ئېيتقاندەك «قەۋمىنى ئازدۇرغان كىشى فىرئەۋنىدۇر» دېگىن! ئاللاھ قا كالامى توغرىسىدا قارشى چىقمىغىن! ئاللاھ قا ئۆزىنىڭ زاتى ئۈچۈن مۇناسىپ كۆرگىنىدىن باشقىنى نىسبەت قىلما. چۈنكى ئۇ مۇنداق دېگەن: «توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك - شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك - شۈبھىسىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر» (لەيل، 12-13). ھىدايەت ئاللاھ تىن، زالالەت بەندىلەرنىڭ ئۆزىدىنىدۇر. ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاندىن يەنە بۇ سۆزنىمۇ ئويلاپ كۆرگىن: «بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى» (شۇئەرا، 99). يەنە «ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى» (تاھا، 85) دېگەن سۆزنى ۋە شۇنداقلا «شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن دۈشمەندۇر» (ئىسرا، 53) دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئويلاپ كۆرگىن]. ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دېگەن: «سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن

كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى» (فۇسسىلەت، 17). كۆرگىنىڭىدەك ھىدايەتنىڭ باشلانغۇچى ئاللاھ تىن، بىراق ئۆلارنىڭ گۇمراھلىقتا مۇپتىلا بولۇشى ئازغۇن ئاززۇ - ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەنلىكىدىندۇر.

*ئىزاھات:*

*بىرىنچى ئابزاستا [ ] ئىچىدە بېرىلگەن جۈملە ئەسلى تېكىستتىن چالا بولغانلىقى ئۈچۈن رىسالىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلاندى.*

*ئىككىنچى ئابزاستا باشلىنىپ ئۈچىنچى ئابزاستا ئاخىرلاشقان [ ] ئىچىدىكى بۆلەك ئاياسوفيا ( ب ) نۇسخىسى ۋە «ئەلمۇنىيە»دىكى تېكىستكە ئاساسەن تولۇقلاندى.*

## مەسئۇلىيەتنىڭ ئورنىغا مەجبۇرىيەتنى قويۇش يامانلىق بىلەن ياخشىلىقنى باراۋەر كۆرگەنلىكتۇر

بۇ بۆلۈمنىڭ تۈنجى ئايىتى فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ 29 - ئايىتى بولۇپ، بۇ ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاراگرافلارنىڭ ئانا تېمىسىنى «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ» (فۇسسىلەت، 34) دېگەن ئايەتتىن كۆرىمىز.

«ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ» دېگەنلىك نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

بۇ، «ئىنسان قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرى ۋە يامانلىقلىرىدىن جاۋابكاردۇر» دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا، «جانابى ئاللاھ ئىنسانغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قىلدۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى ئىنساننى قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا قارىتا جاۋابكارلىقتا تارتقۇچىدۇر» دېگەنلىكتۇر. ياكى تەتۈرسىنى ئېيتقاندا، ئىنساننى قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار ئەمەس، بەلكى

قىلىشقا مەجبۇر دېيىش ئەمىلىيەتتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئوخشاش ئورۇنغا قويغانلىقتۇر. ئەگەر بۇنى ئاللاھ قا نىسبەت قىلغان بولسا، ئاللاھ نى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى باراۋەر كۆرىدۇ دېگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھ قا بۆھتان چاپلىغان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئاللاھ ئىنساننى توغرا يولغا يۈزلەندۇرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئىنساننىڭ ئۆزىگە باغلىق: «خالىسا شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، خالىسا كۇفۇرلۇق قىلغۇچى بولىدۇ» (ئىنسان، 3). «كىمكى شۈكرى قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفۇرلۇق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۆز زىيىنىغا تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ»(لوقمان، 12).

قۇرئان فىرئەۋننىڭ ئۆز قەۋمىنى ئازدۇرغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ھەقىقەت مۇشۇنداق تۇرۇغلۇق بىرسى چىقىپ ئاللاھ نىڭ ۋەھيىسىنى يالغانغا چىقارغاندەك قىلىپ «ياق، ئۇلارنىڭ ئېزىپ كېتىشى (شەقى بولۇشى) تا ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشتىن بۇرۇن پۈتۈۋېتىلگەن ئىدى» دېسە فىرئەۋننىڭ ۋابالىنى ئاللاھ قا ئارتىپ قويغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى، ئاللاھ تىن ھايا قىلغىن! بۇ سۆزنى سەن ئاغزىڭغا سېلىپ قويۇۋاتقان ھەزرىتى رەسۇلۇللاھتىن ھايا قىلغىن! ئاللاھ تەئالا بىلەن رەسۇلۇللاھنى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ تەسۋىرلەشتىن ھايا قىلغىن!

جانابى ئاللاھ «توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك شۈبھىسىزكى بىز مەسئۇلمىز» (لەيل، 12) دېگەن تۇرۇغلۇق، بىرسى چىقىپ «ياق، پەقەت ھىدايەتلا ئاللاھ تىن ئەمەس، بەلكى زالالەتمۇ ئاللاھ نىڭ ئىشى» دېسە، «ئاللاھ تىن قورققىن! ئاللاھ قا تۆھمەت قىلما!» دېيىش بىلەن بىرگە ئاللاھ نىڭ كالامىنى ئەسلىتىمىز: «بىزنى ئازدۇرغانلار، گۇناھقا چۆمگەن شۇ كىشىلەر ئىدى» (شۇئەرا، 19).

ئاللاھ فىرئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان بەنى ئىسرائىلنى سامىرىنىڭ ئازدۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ (تاھا، 85)، بىرى چىقىپ «ياق، ئۇلارنىڭ ئىزىپ كېتىدىغانلىقى ئۇلار تېخى يارىتىلماستىنلا پۈتۈلۈپ كەتكەن» دېسە، بىز ئۇنىڭغا: «" ئۇلارنى سامىر ئازدۇردى " دېگەن ئاللاھ توغرا ئېيتقان، سەن يالغان ئېيتتىڭ» دەيمىز. ئاللاھ نى يالغانچىغا چىقارغان ئادەمنى يالغانچىغا چىقىرىشنى ئىمانىمىزنىڭ بۇرچى دەپ بىلىمىز.

رىسالىدە پەقەت باش قىسمى ئورۇن ئالغان فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ 17 - ئايىتى مۇنداق ئاخىرلىشىدۇ: «قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى». بۇ شۇ مەنىنى بىلدۇرىدۇ: ھالاك بولغان سەمۇد قەۋمى ئاللاھ نىڭ ئەزەلدىن پۈتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك ھالاك قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولدى. لېكىن بىرسى چىقىپ «بىراق ئاللاھ ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرىدا ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى» دېسە، مەسىلىنى باشقا ياققا بۇرمىلىغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ نىڭ بۇ مەسىلىنى قۇرئاندا كۆپ تەرتىپكە ئېلىپ كېلىشىدىكى مەقسىتى چەكسىز ئىلمىنى تەكىتلەش ئەمەس. بەلكى بەندىلىرىنى قىلمىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرىشتۇر. چۈنكى بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان مۇھىتتا، ئاللاھ نىڭ چەكسىز ئىلمىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەسىلە يوق ئىدى. دېمەك، قۇرئاننىڭ مەۋجۇت بولمىغان بىر مەسىلىنى خۇددى باردەك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ قەتئى مۇمكىن ئەمەس.

## تېكىست ۋە شەرھى

ولا يطولن عليك يا امير المؤمنين كلامي و كتابي، فان فيه الحجج الواضحة على من برأ نفسه و نسب الظلم الى ربه،[ واقتد] ابانا آدم وهو أحق من يقتد[ى ]به حين قال اذ عصى ربه: « ظلمنا انفسنا وان لم تغفر لنا و ترحمنا لنكونن من الخاسرين »، ولم يقل: « هذا قضاؤك وقدرك »، وكذلك قال موسى حين قتل النفس قال: « هذا من عمل الشيطان انه عدو مضل مبين قال رب انى ظلمت نفسى فاغفرلى فغفر له »، فموسى يقول « هذا من عمل الشيطان » والجاهل يقول: « هذا من فعل الرحمن ».

وما كان احد ممن قصّ الله علينا فى كتابه الا وهو معترف بذلك، قال الله تعالى: « فسولت [3] [ ] له نفسه قتل اخيه فقتله فاصبح من الخاسرين »، و ليس في الناس احد يقال له انت صاحب الظلم و منك بدؤه الا كره ذلك فيجعلون لله ما لا يرضونه ويجعلون لانفسهم ما يشتهون، ولم يهلك في هذا الا قوم: « في قلوبهم زيغ فيتبعون ما تشابه منه ابتغاء الفتنة »، فيجادلون فيقولون قد قال الله تعالى « [ان الله ]يضل من يشاء ويهدى.. »، و لا ينظرون إلى ما قبل ذلك و ما بعده و لو تدبروا ما قبل الآيات وما بعدها مما يدل عليها لم يضلوا.

قال الله تعالى: « يثبت الله الذين آمنوا بالقول الثابت في [الحياة]الدنيا وفي الآخرة ويضل الله الظالمين ويفعل الله ما يشاء »، فمما شاء[أنه ]اثبت الذين آمنوا بايمانهم وصلاحهم ويضل الظالمين

ببغيهم وعدوانهم ، وقال: « فلما زاغوا ازاغ الله قلوبهم »، فانما ازاغ قلوبهم لما زاغوا، وقال الله تعالى: « يضل به كثيرا ويهدى به كثيرا وما يضل به الا الفاسقين الذين ينقضون عهد الله من بعد ميثاقه ويقطعون ما امر الله به ان يوصل و يفسدون في الارض اولئك هم الخاسرون »، ومما نازعوا فيه قوله: « افمن حق عليه كلمة العذاب افأنت تنقذ من في النار »، قد بيّن الخلق من الذى حقت عليه كلمة العذاب بقوله تعالى: « كذلك حقت كلمة ربك على الذين فسقوا انهم اصحاب النار » وانما حقت كلمة العذاب عليهم بعدما عملوا بالفسق.

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سۆزۈم ۋە مەكتۇبۇم ساڭا ئۇزۇن كۆرۈنمىسۇن. چۈنكى بۇ مەكتۇبتا زۇلۇمنى ئاللاھ قا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزلىرىگە چاڭ قوندۇرمايدىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئوچۇق ۋە روشەن دەلىللەر بار. ئەگىشىشكە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ئاتىمىز ئادەمنىڭ [يولىغا ئەگەشكىن]: ئۇ رەببىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋاقىتتا «رەببىمىز بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغفىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» (ئەئراف، 23) دېگەن ئىدى. ئۇ (ئادەم) «ئاللاھىم، بۇ سېنىڭ قازايى قەدەرىڭدۇر» دېمىگەن ئىدى. شۇنداقلا مۇسامۇ بىر جانغا زامىن بولغاندا مۇنداق دېگەندى: «"بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر" ۋە "رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغفىرەت قىلغىن" دېدى، ئاللاھ ئۇنى مەغفىرەت قىلدى» (قەسەس، 16). مۇسا «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر» دېسە، نادان ئىنسان «بۇ قىلمىشنى راھماننىڭ ئىشى» دەيدۇ.

ئاللاھ كىتاۋىدا بىزگە (بۇ شەكىلدە) قىسسىنى بايان قىلىپ بەرگەنلەر ئىچىدىن بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمىغان

ھېچكىم يوق! جانابى ئاللاھ ئېيتتىكى: «ئۇ (قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشى (ھابىل)نى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە)زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى» (مائىدە، 30). ئىنسانلارنىڭ ھېچبىرى ئۆزىگە قارىتا «سەن زالىمسەن، زۇلۇمنىڭ سادىر بولۇشىغا سەن سەۋەبچى بولدۇڭ» دېيىلىشتىن مەمنۇن بولمايدۇ. ئەمما خۇرسەن بولمىغانلىرىنى ئاللاھ قا نىسبەت قىلىدۇ. خۇرسەن بولغانلىرىنى بولسا ئۆزلىرىگە نىسبەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەقەت «دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ» (ئالئىمران، 7). بىر گۇرۇھ ھالاك بولدى. ئۇلار جىدەللىشىپ، «ئاللاھ قۇرئاندا "ئۇ خالىغىنىنى (خالىغاننى) ئازدۇرىدۇ، خالىغىنىنى (خالىغاننى) ھىدايەت قىلىدۇ" (رەئىد، 27) دېگەن» دېيىشىدۇ. لېكىن ئۇلار ئايەتنىڭ باغلىنىشىغا قارىمايدۇ. مۇبادا بۇ خىل ئايەتلەرنىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدا ئورۇن ئالغان ئايەتلەرنىڭ نېمىگە دالالەت قىلغانلىقى ھەققىدە ئويلانغان بولسا، بۇنداق خاتالىققا چۈشمىگەن بولاتتى.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ، ئاللاھ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ» (ئىبراھىم، 27). يەنى «ئۇ (ئاللاھ)نىڭ خالىشى» ئەسلىدە [مۇنداق دېگەنلىكتۇر]: «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانلىرى ۋە ياخشىلىقلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنىڭ مۇستەھكەم قىلىشنى خالايدۇ. زالىملارنى يامانلىقلىرى ۋە زالىملىقلىرى تۈپەيلىدىن گۇمراھ قىلىشنى خالايدۇ». ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى» (سەپ، 5).

ئۇلار بۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ مۇ دىللىرىنى بۇرىۋەتكەن. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بۇ مىسال ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ. پاسىقلار ئاللاھ (فىترەت) ۋەدىسى ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان شەيئىنى (يەنى سىلە - رەھىمنى) ئۈزۈپ قويىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» (بەقەرە، 26-27). ئۇلار مۇنازىرە تېمىسى قىلىۋالغان ئايەتلەردىن يەنە بىرى بۇ ئايەتتۇر: «كىمگە ئازاب ۋەدىسى تېگىشلىك بولسا (ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ)، سەن دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟» (زۇمەر، 19). ئىنسانلار ئىچىدىن ئازابنىڭ كىمگە تېگىشلىك بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ مۇنداق بايان قىلغان: «شۇنىڭدەك (يەنى ئىلگىركى ئۈممەتلەرگە تېگىشلىك بولغىنىدەك) رەببىڭنىڭ ئازابى كاپىرلارغا (ئىنكار قىلغۇچىلارغا) تېگىشلىك بولدى، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر» (غافىر، 6). دېمەك، ئۇلارغا كەلگەن ئازاب ئۇلارنىڭ پاسىق ئەمەللىرىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن.

*ئىزاھات:*

*ئايەت تېكىستىدە يەر ئالغان [ ] ئىچىدىكى كەلىمە قولىيازما نۇسخىدا ئۆچۈپ كەتكەندەك تۇرىدۇ.*

## ئادەم: «بۇ ماڭا پىشانەمگە پۈتۈۋەتكەن تەقدىرىڭدۇر» دېمىدى، ئەكسىچە «مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلدىم» دېدى

ھەزرىتى ئىنسانىنىڭ بوۋىسى ئادەم نەپسى - خاھىشىغا ئەگىشىپ ئاللاھ قا ئاسىيلىق قىلغانىدى. ئادەم «بۇ ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرىدۇر» دېمىدى، «رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز

زۇلــۇم قىلــدۇق» (ئەئــراف، 23) دېــدى. يەنــى، گۇناھىنىــڭ (ئاسىيلىق قىلغانلىقىنىڭ) جاۋابكارلىقىنى ئاللاھ قا ئارتىپ قويمىدى، ئۆز ئۈستىگە ئالدى. دېمىسىمۇ، تەۋبە ئىستىغفارنىڭ بىرىنچــى شــەرتى گۇناھىنىــڭ جاۋابكــارلىقىنى ئېتىــراپ قىلىشتۇر. بۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ، تەۋبە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ھەزرىتــى ئــادەم خاتالىقىنىــڭ جاۋابكــارلىقىنى ئۈســتىگە ئېلىش ئارقىلىق ئاللاھ نىڭ رەھمىتىگە نائىل بولدى. ئىبلىس خاتالىقىنىــڭ جاۋابكــارلىقىنى ئۈســتىگە ئالمــاي ئــاللاھ قــا دۆڭگەپ شەيتان بولدى (شەيتانلاشتى). «رەببىم! سەن مېنى گــۇمراھ قىلغانلىقىــڭ ئۈچــۈن يەريۈزىــدە ئــادەم باللىرىغــا (گۇنــاھلارنى) ئەلــۋەتتە چىرايلىــق كۆرســىتىمەن، ئۇلارنىــڭ ھەممىسىنى ئەلــۋەتتە ئــازدۇرىمەن» دېدى (ھىجر، 39). ئۇ يەنە «ســېنىڭ مېنــى ئازدۇرغانلىقىڭــدىن ئــۇلار (يەنــى ئــادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقــۇم ســېنىڭ تــوغرا يولــۇڭ ئۈســتىدە ئولتــۇرىمەن» (ئەئــراف، 26) دېدى.

ئىــبلىس قىلمىشــىنىڭ جاۋابكــارلىقىنى ئــۆز ئۈســتىگە ئېلىشــتىن يالتىيىــپ، ئــۆزى تاللىغــان قىلمىشــىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىگە بولماي، ئۇنى ئاللاھ قا دۆڭگەپ، «مېنى سەن گۇمراھ قىلدىڭ (ئازدۇردۇڭ)» دېگەنىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇنجى قەدەرچى ئىبلىس ئىدى. ئىبنى قەييۇم ئەل جەۋزىيىنىڭ ئېيتقىنىدەك «قەدەرچىلىك ئىبلىسنىڭ دىنىغا ئايلانغانىدى» (ئىبنى قەييۇم، «راۋداتۇل مۇھىببىن»، 62 - بەت).

ھەزرىتــى مۇســامۇ خاتالىقىنىــڭ مەســئۇلىيىتىنى ئــۆز ئۈستىگە ئالدى. ۋەقە سادىر قىلىپ بىر جانغا زامىن بولغىنىدا «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈۋېتىلگەن قازايى

قەدەردۇر» دېمەستىن، ئەكسىچە «مەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم» (قەسەس، 15) دېدى ۋە دەرھال تەۋبە قىلدى.

ھەزرىتى مۇسا جىنايەت سادىر قىلىپ «مەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم» دېيىشتىن بۇرۇن باشقا بىر سۆزنى قىلغانىدى، يەنى «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر» (قەسەس، 15).

سوئال: ھەزرىتى مۇسانىڭ بۇ پوزىتسىيىسى مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويغانلىق بولامدۇ؟

جاۋاب: ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق ھېسابلانسا ئىدى، ئارقىسىدىنلا «رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم» دەپ ئاللاھ تىن ئەپۇ قىلىشىنى تىلىمىگەن بولاتتى. يامانلىق، گۇناھ، خاتالىقنى شەيتانغا نىسبەت قىلىشنىڭ ئىككى سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن:

1.بۇلارنى ئاللاھ قا ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ نىڭ بىر ئىسمى «خەير - ياخشى» (يۇسۇف، 64؛ تاھا، 73) دۇر. ئەلخەير بولغان ئاللاھ يامانلىقنى ئىرادە قىلمايدۇ. ساۋاپقا بۇيرىغان ئاللاھ يامانلىقنى «قەدەر» قىلمايدۇ. يامانلىقنىڭ شەيتانغا ئارتىلىشى ئاللاھ نى بۇ خىل قىلمىشلاردىن «خالىي، پاك» دەپ بىلگەنلىكتىندۇر.

2.قۇرئان گۇناھكار ئىنسانغا كۆرسەتكەن بۇ ئۇسلۇب بەكمۇ چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇستى يېپىق ھالدا «ئى گۇناھكار ئىنسان! ئۆزەڭنى گۇناھىڭ بىلەن بىرلەشتۈرمىگىن. گۇناھ سېنىڭ ئەسلى ئامىلىڭدىن بىرسى ئەمەس، ئۇ ساڭا كېيىن يۇققان كىردۇر، يۇيۇپ چىقىرىۋەت. ئۇ ساڭا ئەمەس، شەيتانغا يارىشىدۇ. گۇناھلىرىڭنى خۇددى شەيتانغا تاش ئاتقان ھاجىدەك شەيتانغا ئات ۋە "ئال، بۇلار ماڭا لايىق ئەمەس، ساڭا يارىشىدۇ!" دېگىن» دەيدۇ. گۇناھى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىنسان گۇناھىنى قارىغا ئالالمايدۇ. گۇناھىنى شەيتانغا نىسبەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسان گۇناھى بىلەن ئۆزىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرمىغان، ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر

پارچىسى دەپ قارىمىغان بولىدۇ (ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالايدۇ).

يەنە بىر تەرەپتىن، شەيتاننىڭ ئىنساننى ئۆزىگە ئەگىشىشكە مەجبۇر قىلىدىغان بىر كۈچى يوق. شەيتانغا ئەگىشىش ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىدىكى بىر ئىشتۇر. ئەئراف سۈرىسى 175 - ئايەتتە شەيتانغا ئەگەشكەن ئىنساننىڭ ھېچقانداق باناسىنىڭ بولمايدىغانلىقى ئەڭ يارقىن شەكىلدە بايان قىلىنغان. «ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق» دەيدۇ. ئايەتلەرنى ئاللاھ ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا «ئىنسان ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتتى» دېيىلگەن. بۇ كېيىن ئېرىشكەن نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئايەتلەر ئىلاھى ئىرادىنىڭ، ئىنساننىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىشى ئىنسانى ئىرادىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداقلا «فَأَتْبَعَهُ الشَّيْطَانُ- فەئەتبەئەھۇششەيتان» ئىبارىسىدىكى «شەيتانغا ئەگىشىش (بويسۇنۇش)» ھەرىكىتى ئىنسان ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا روياپقا چىقمايدۇ. «فەتەبى ئەھۇ - ئەگەشتى» بولماستىن «فەئەتبەئەھۇ- ئەگەشتۇردى» دېيىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بۇدۇر. چۈنكى شەيتانغا ئەگەشكەن كىشى ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرى بىلەن بولغان «رىشتىسىنى ئۈزگەن» بولىدۇ. ئېزىشنى باشلاتقۇچى شەيتاندۇر.

ھەزرىتى داۋۇتمۇ قىلمىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ ساد سۈرىسىنىڭ 24 - 25 - ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغانىدەك ئاللاھ تىن مەغپىرەت تىلەشكە تېگىشلىك بىر ئىشنى قىلىپ قويغان. بىراق ئۇ «بۇ ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرىدۇر» دېگەندەك باھانە سەۋەبكە ئېسىلماستىن، دەل ئەكسىچە تەۋبە قىلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلغانىدى.

ھەزرىتى يۇنۇسمۇ سادىر قىلغان خاتالىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ قەۋمىگە قېيداپ، ۋەزىپىسىنى رۇخسەتسىز تەرك ئەتكەن ئىدى. قۇرئان ھەزرىتى يۇنۇس ئۈچۈن قۇلنىڭ قېچىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى «قاچقۇن قۇل» نىڭ قىلمىشىغا ئوخشاتقان. كېيىن بېشىغا كەلگەن ئېغىر ئىمتىھانلار ئەسناسىدىمۇ، ھەرگىز «بۇ ئاللاھ نىڭ ماڭا پۈتۈۋەتكەن قازايى قەدىرىدۇر» دېمەستىن، ئەكسىچە قىلمىشىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ خاتالىقىنى قوبۇل قىلدى ۋە «مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلدى (ئەنبىيا، 87).

## ئۆزىگە «زالىم» دېگۈزمىگەن بەندە نېمىشقا «زۇلۇم»نى ئاللاھ تىن كۆرىدۇ؟

ئىمام ئەلبەسرى قەتئىيلىك بىلەن ماۋزۇدىكى سوئالنى سوراپ مۇنداق دەيدۇ: «ياقتۇرمىغانلىرىنى ئاللاھ تىن كۆرگەن ياكى ئاللاھنى سەۋەبچىسى دەپ بىلگەن كىشىلەر ياقتۇرغانلىرىنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى ياكى نەتىجىسى دەپ بىلىدۇ». بۇ مۇشرىكلارنىڭ قىز پەرزەنتلىرىگە قىلغان مۇئامىلىسىنى ئەسلەتمەمدۇ؟ ئۇلارغا قىز پەرزەنت خەۋىرى خۇددى بىر پالاكەت خەۋىرىدەك تۇيۇلاتتى. بىراق ئاللاھ قا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلىرىنى ۋە پەرىشتىلەرنى «ئايال» دەپ بىلەتتى ۋە شۇنداق تەسۋىرلىشەتتى. قۇرئان ئۇلارنى مۇنداق تەنقىد قىلىدۇ: « سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل پەرزەنت سىلەرگە خاس، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز پەرزەنت ئاللاھ قا خاس، شۇنداقمۇ؟!» (نەجم، 21).

ئۇ، قەدەرچىلەرنىڭ «ئۇ (ئاللاھ) خالىغىنىنى (خالىغاننى) ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغىنىنى (خالىغاننى) گۇمراھ قىلىدۇ» (رەئىد، 27) مەنىسىدىكى ئايەتلەرنى سۇيىئىستېمال قىلغانلىقىنى ئىپتىدۇ. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ دەل باش ۋە ئاخىرىدا گۇمراھلىق ۋە ھىدايەت سەۋەبلىرى مۇتلەق رەۋىشتە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھىدايەت ياكى گۇمراھلىقنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىغا باغلىق ئەمەللەردۇر. دېمىسىمۇ ئارقىدىنلا كەلگەن ئىبراھىم سۈرىسى 27 - ئايەتتە ئاللاھ نىڭ ئىمان ئېيتقانلارنى ھىدايەتكە يۈزلەندۈرىدىغانلىقى، زالىملارنى پۇتلىرىنىڭ قېيىشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاندىن بىر قاتار ئايەتلەرنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ نىڭ خالىشىنىڭ كەلسە - كەلمەس ئەمەس، بەلكى ئۆزى بەلگىلىگەن پرىنسىپلار ئاساسىدا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىلدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «يَشَاءُ - خالىسا» پېئىلىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىرى ئىنساننى (مەن - مەن)، يەنە بىرى ئاللاھ نى كۆرسىتىدىغان يوشۇرۇن ئالماش (ھۇ - ئۇ) تىن ئىبارەت ئىككى ئىگىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خىلدىكى ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى «ئاللاھ ئېزىشنى خالىغان كىشىنىڭ گۇمراھ بولۇشىنى (ئېزىشىنى) خالايدۇ (رۇخسەت قىلىدۇ). توغرا يولغا مېڭىشنى خالىغان كىشىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى خالايدۇ (رۇخسەت قىلىدۇ)» شەكلىدە چۈشىنىلىشى تىل جەھەتتىنمۇ بىر زۆرۈرىيەتتۇر.

قۇرئان تۆۋەندىكىدەك ئايەتلەر بىلەن تولۇپ تۇشقان تۇرۇغلۇق، كىممۇ ئەمەللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئورنىغا قەدەرنىڭ مەجبۇرىيىتىنى قويالىسۇن:

بىز ھەرقانداق ئەلچىنى (رەسۇلنى) پەقەت ئىتائەت قىلىنىشى ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا،

ساڭا كېلىپ ئاللاھ تىن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى ۋە رەسۇلمۇ ئۇلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى تىلەپ دۇئا قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئاللاھ نى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى» ( نىسا، 64).

«... ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىغانلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى خالايدۇ، مۇشۇنداق قىلساڭلار شۈكۈر قىلغان بولىسىلەر» (بەقەرە، 185).

«ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، بولمىسا زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر» (ئەئراف، 19).

قۇرئاننىڭ بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلەرچە ئايىتىدە، ئىنساننىڭ ئەركىن تاللىشىغا ۋە ئىنساننى كۈتۈپ تۇرغان ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بۇ تاللاشنىڭ بەلگىلەيدىغانلىقى ئىشارەت قىلىنغان.

## تېكىست ۋە شەرھىيسى

ومما ينازعون فيه قوله: « وما كان لنفس ان تؤمن الا باذن[ الله ] »، والاذن التخلية فقد خلاها والايمان وجعل لها قدرة عليه و قال: « وما ارسلنا من رسول الا ليطاع بإذن الله »، وما كان الله ليبعث رسولا ليطاع ثم يحول بين خلقه و بين طاعته ما ابعد هذا من وصف الله و عدله وحكمه ، و مما ينازعون فيه قوله: « لمن شاء منكم ان يتقدم او

يتأخر »، [وقوله] « لمن شاء منكم ان يستقيم وما تشاؤن الا ان يشاء الله رب العالمين ».

صدق الله لم يكن ليشاء الخير الا ان يشاء لنا فمن مشيئته لنا الخير قبل ان نشاء ان دلنا عليه و بيّنه لنا، و قال: « يريد الله بكم اليسر ولا يريد بكم العسر »، وقال: « يريد الله ليبين لكم ويهديكم سنن الذين من قبلكم ويتوب عليكم والله عليم حكيم والله يريد ان يتوب عليكم »، و ما كان الله يريد ان يتوب علينا ويمنعنا ان نتوب او قد منعنا ذلك.

وينازعون فيما خلق من اولاد الزنا وغيرهم وليس يعذب الله الزانى على الولد وانما يعذبه على مخالفة امره وهو زناه الذى هو غير الولد وانما مثل الزانى الذى يضع النطفة في غير حقها مثل الزارع الذى يبذر بذره في غير ارضه ثم ان ينبت ما يشاء منه وما لايشاء لاينبته.

ئۇلار ئاللاھ نىڭ شۇ سۆزىنىمۇ مۇنازىرە تېمىسى قىلىۋالىدۇ:

«ھەر قانداق كىشى پەقەت [ئاللاھ نىڭ] ئىرادىسى بولغاندىلا ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ» (يۇنۇس، 100) ئايەتتىكى ئىرادىسى «ئەركىن قويۇپ بېرىشى»دۇر. ئاللاھ كىشىنى ئىماندا ئەركىن قويۇپ بەرگەنلىك ئىنسانغا ئىمانغا كىرىش كۈچى بەرگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «بىز ھەر قانداق رەسۇلنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق» (نىسا، 64). ئاللاھ قا ئىتائەت قىلسۇن دەپ ئاۋۋال ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەندىلەرنى ئىتائەت قىلىشتىن توسۇش ئاللاھ قا لايىق ئەمەس. بۇ چۈشەنچە ئاللاھ نىڭ «ئاللاھ» بولۇش خۇسۇسىيىتىدىن، ئۇنىڭ ئادالەت بىلەن

ھۆكۈم ۋە ھېكمەتتىن تولىمۇ يىراقتۇر! ئۇلار ئاللاھ نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىمۇ دە - تالاش قىلىدۇ:

«سىلەردىن (جەننەتكە) ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر» (مۇددەسسىر، 37).

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە:

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن راۋرۇس يولدا مېڭىشنى خالايدىغانلار (قۇرئاندىن) نەسىھەت ئالىدۇ. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ (سىلەرگە ئىرادە بېرىشنى) خالىمىسا ئىدى، سىلەر ھېچنەرسىنى خالىيالمايتتىڭلار» (تەكۋىر، 28 - 29).

ئاللاھ توغرا ئېيتتى. ياخشىلىقتا ئۇنىڭ بىزگە يېتەكچىلىك قىلىشى بىز خالاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن خالىغان ياخشىلىقىدىن بىرسىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» (بەقەرە، 185).

ئاللاھ يەنە مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى) سىلەرگە بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ (توغرا) يولىغا سىلەرنى يېتەكلەشنى ۋە تەۋبىلىرىڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەرگە چەكسىز مەغپىرىتى بىلەن يۈزلىنىشنى خالايدۇ ...» (نىسا، 26 - 27).

ئاللاھ، تەۋبىلىرىمىزنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىزگە ئۆزىگە يۈزلىنىشنى خالاپ، ئاندىن بىزنى بۇ تەۋبىدىن توسىدىغان ياكى ئۈتمۈشتە توساپ قويمىغان.

زىنا مەھسۇلى بولغان باللار ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەھۋاللارنى ئاللاھ نىڭ ياراتقانلىقىنىمۇ دە - تالاش تېمىسى قىلىنىۋالىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ زىنا قىلغۇچىلارنى بالا سەۋەبىدىن ئازابلىمايدۇ، ئەكسىچە ئەمرىگە ئاسىي بولغانلىقتىن جازالايدۇ.

ئاللاھ نىڭ ئەمرىگە ئاسىي بولۇشى زىنا قىلىشىدۇر، بالا تاپقانلىقى ئەمەس. زىنا قىلىپ مەنىيسىنى ھەققى بولمىغان بىر ماكانغا تۆككۈچىنىڭ ئەھۋالى ئۆزىگە ئائىت بولمىغان بىر زېمىنغا ئۇرۇق تېرىغان دېھقاننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئۇ يەردە خالىغان نەرسىسىنى بىخ تارتقۇزىدۇ، خالىغىنىنى بىخ تارتقۇزمايدۇ.

## «ئاللاھ نىڭ ئىزنى» ئىرادىنى ئەركىن قويۇپ بېرىش دېگەنلىكتۇر.

جانابى ئاللاھ كىتابىدا «ھەر قانداق كىشى پەقەت ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى (ئىزنى) بولغاندىلا ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ» (يۇنۇس، 100) دەيدۇ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھ نىڭ ئىزنى نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟» سوئالى ناھايىتى مۇھىم. لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان بىر نۇقتا بار. ئايەت مۇنداق داۋام قىلىدۇ: «ئاللاھ (ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ!». ئەگەر بىر ئايەت باش قىسمىدا ئىماننى ئاللاھ نىڭ ئىزنىغا باغلىق قىلىپ، ئاخىرقى قىسمىدا ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەرنى ئازابقا گىرىپتار قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ يەردە قۇرئان ئوقۇغانلارغا «تەدەببۇر - تەپەككۇر قىلغان ئاساستا ئوقۇش» ئەمىر قىلىنغان بولىدۇ.

«ھەر قانداق كىشى پەقەت ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى (ئىزنى) بولغاندىلا ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ» ئايىتىنى بەزىلەر «كىمنىڭ ئىمان ئېيتىپ، كىمنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ئادەم يارىتىلىشتىن بۇرۇن يېزىلىپ بولغان» دەپ چۈشەنسە، كۈپۈر ۋە شېرىككە مۈپتىلا بولغانلارنىڭ «مېنىڭ ئىمان ئېيتىشىمغا ئاللاھ رۇخسەت قىلمىدى» دېيىش چۈشەنچىسى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ بارلىقىنى قۇرئان بىزگە بىلدۈرمەكتە.

ئۇلار شېرىكتە چىڭ تۇرغان «مەككە» مۇشرىكلىرى ئىدى. «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق» دېگەنىدى. بۇ جانابى ئاللاھ قا چاپلانغان تۆھمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىمام ئەلبەسرى «ئاللاھ نىڭ ئىزنى» ئىپادىسىنى «ئاللاھ نىڭ تاھلىيەسى (ئىختىيارى قويۇپ بېرىشى)» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ ناھايىتى جايىدا بولغان چۈشەندۈرۈشتۇر. تاھلىيە قەدەر رىسالىسىدە «ھۆرلۈك» كەلىمىسىنىڭ تەڭداش سۆزى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. سۆزنىڭ يىلتىز مەنىسى- ھۇجرىغا قامالغان بىرسىنى «ئازاد قىلىش، ئىجازەت قىلىش، قويۇپ بېرىش، ئىزنى بېرىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «ئىرادىسىنى ئەركىن قويۇپ بېرىش»نى ئىپادىلەيدۇ.

«ھەر قانداق كىشى پەقەت ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى (ئىزنى) بولغاندىلا ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ» دېگەنلىك «ئاللاھ ئىجازەت قىلماي تۇرۇپ ھېچكىم ئىمان ئېيتالمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ ئىنسانغا ئىرادە بېرىش ئارقىلىق ئىنساننى ئىمان ياكى ئىنكار (كۇپۇر)دىن بىرسىنى تاللاشتا ئەركىن قويۇپ بەرگەن (تاھلىيە ئەتكەن). بۇنىڭ مەنىسى «ئاللاھ ئىنسانغا ھۆر ئىرادە بەرمىسە ھېچكىم ئىمان ئېيتالمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئايەتتىكى «ئاللاھ نىڭ ئىزنى» «ئاللاھ نىڭ قازايى - قەدەرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولسا ئىدى، ئاللاھ ئىماننى پۈتۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن كىشى مۇئمىن، نىفاقنى پۈتۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇناپىق، فىسقنى پۈتۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن پاسىق، كۇپۇرنى پۈتۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن كاپىر، شېرىكنى پۈتۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇشرىك بولاتتى (تەۋبە، ئاللاھ بۇنىڭدىن پاكتۇر). بۇنداق بولغاندا ئىسلام، ئىمان، تەقۋا، ئىخلاسقا بۇيرۇشنىڭ؛ كۇپۇر، نىفاق، فىسق، شېرىكنى مەنئى قىلىشنىڭ ھېچقانداق بىر ئەھمىيىتى قالمايتتى.

ئاللاھ نىڭ ئىزنى ئىرادىلىك مەخلۇقلار نەزەردە تۇتۇلغاندا دەل «ئىرادە / تاللاش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئايەت «ئاللاھ (ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ!» دەپ ئاخىرلاشماقتا. چۈنكى ئاللاھ ئىرادىگە تاللاش ۋە ئەقىلگە توغرا تەرىپىنى بىلىپ يېتىش قابىلىيىتىنى بەرگەندىن كېيىن ئىنسان ئەقلىنى ئىشلەتمىسە، ئۇ كىشى ئاللاھ نىڭ رەھبەرلىكىدىن يۈز ئۆرىگەن بولىدۇ. ئاللاھ نىڭ رەھبەرلىكىدىن يۈز ئۆرىگۈچى ئۆزىنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. ئاللاھ مۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئازابقا دۇچار قىلىشىغا يول قويىدۇ. بۇ ۋە باشقا بەشەرى پېئىلىنىڭ ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنىشى قۇرئان ئۆگەتكەن بىر ئەدەپتۇر. ئارقىدىنلا بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنىدۇ.

كۈللى پىلاندا ئاللاھ نىڭ ئىزنى بولماستىن ھېچقانداق بىر ئىش بولمايدۇ. ياپراق مىدىرلىمايدۇ، سۇ ئاقمايدۇ، يامغۇر ياغمايدۇ، كۈن ئىسسىتمايدۇ، ئاي يورۇتمايدۇ، ئوت كۆيدۈرمەيدۇ، سوغۇق ئۈششۈتمەيدۇ، ھەر قانداق جانلىق تۇغمايدۇ ۋە ئۆلمەيدۇ، ئىنسان قولىنى ھەرىكەت قىلدۇرالمايدۇ، بارمىقىنى مىدىرلىتالمايدۇ. كائىناتتىكى ئاڭلىق ئاڭسىز ھالدا بولۇۋاتقان ھەرىكەت ۋە ئەمەل ئاللاھ نىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭغا زالىمنىڭ زۇلمى، كاپىرنىڭ كۇپرى، مۇناپىقنىڭ نىفاقى، پاسىقنىڭ فىسقىمۇ كىرىدۇ. چۈنكى زالىم زۇلمىنى ئىجرا قىلغاندا ئاللاھ ئۇنىڭغا ئامانەت قىلغان ئەقىل، كۈچ، ئىرادە ۋە ئىمكانىيىتىنى ئىشلىتىدۇ. كاپىر، شەقى، مۇناپىق ۋە پاسىقلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا ئىرادە بەرمىگەن بولسا ئۇلار زۇلۇم، كۇپۇر، شېرىكنى تاللىيالمايتتى. ئۇلار ئازغۇنلۇقنى تاللىغان بولسا بۇ ئۇلارغا بەخش ئېتىلگەن ئىرادە سايىسىدە بولغان. ئاللاھ ئىرادىگە تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەن. ئىنسان خاتا بولغاننى تاللىغان. لېكىن ئاللاھ زۇلۇمغا، كۇپۇرغا رازى ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن جازالاندۇرۇلىدۇ.

«ئاللاھ نىڭ ئىزنى» ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان قىلمىشلىرى نەزەردە تۇتۇلغاندا «ئىرادە» دېگەندۇق. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھ نىڭ ئىزنى» ئىپادىلىرى تەكىتلىگەن نۇقتىمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش:

«ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى (ئىزنى) بىلەن ئاز جامائە (ساپاسىز) كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» (بەقەرە، 249)؛ «ئۇ ئاز جامائە ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى بىلەن كۆپ جامائەنى مەغلۇپ قىلدى» (بەقەرە، 251)؛ «ھېچ كىشى ئاللاھ نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ» (ئالئىمران، 145)؛ «مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى ئاللاھ نىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ» (ئەئراف، 58)؛ «كىشىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت ئاللاھ نىڭ ئىزنى بىلەن يېتىدۇ» (تەغابۇن، 11)؛ «(ۋەھيي) ئاللاھ نىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ» (مائىدە، 16).

قۇرئاندا 30 دىن ئارتۇق ئايەتتە ئىشلىتىلگەن ئىلاھىي ئىزىن ئىرادىلىك مەخلۇقلار نەزەردە تۇتۇلغاندا ئىرادىنى، ئىرادىسىز مەخلۇقلار نەزەردە تۇتۇلغاندا ئىلاھىي قانۇنلارنى، كائىنات نەزەردە تۇتۇلغاندا سۈننەتۇللاھنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ بۆلۈمنىڭ كىرىش ئايىتى بولغان يۇنۇس 100 - ئايەتكە ئوخشايدىغان يەنە بىر ئايەتمۇ قەدەرچىلەرنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىشىغا كۆپ ئۇچرىغان:

«ئاللاھ خالىمىسا سىلەر خالىيالمايسىلەر» (تەكۋىر، 29).

ئامەننا ۋە سەددەقنا. بۇنىڭغا قايسى مۇئمىن ئېتىراز قىلالىسۇن؟ لېكىن ئاللاھ ئىنساننىڭ خالىشىنى خالىغان. شۇڭا ئىرادىسىدىن بىر پارچىنى ئىنسانغا بەرگەن. ئۇ ئىنساننىڭ خالىشىنى خالىغاندىن كېيىن، ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى «قەدەر» ئىسمى بىلەن مونوپۇل قىلىپ، كىمنىڭ سەئىد ۋە كىمنىڭ شەقى بولىدىغانلىقىغا تېخى كائىنات يارىتىلماي تۇرۇپ پۈتۈۋېتىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاللاھ

نىڭ ئىرادىسىگە ئېتىراز قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ ئىرادىسىنى ئاللىقاچان بەلگىلىگەن ۋە ئىنساننىڭ خالىشىنى خالىغان.

ئەگەر «ئاللاھ خالىمىسا سىلەر خالىيالمايسىلەر» ئايىتىنىڭ ئالدىدا يەر ئالغان ئايەت بارلىق سۈيىئىستېمالچىلارغا جاۋابنى ئېنىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان: «ئىچىڭلاردىن توغرا يولدا مېڭىشنى خالىغانلار (نەسىھەت ئالىدۇ)» (تەكۋىر، 28). بۇ ئايەتتە «توغرا يولدا مېڭىش» ھەرىكىتى ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە نىسبەت قىلىنماقتا. بۇ ئەھۋالدا «ئاللاھ خالىمىسا سىلەر خالىيالمايسىلەر» دېگەنلىك «ئاللاھ سىلەرنىڭ خالىشىڭلارنى خالىدى» دېگەنلىكتىن باشقا نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر بۆلەكمۇ مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا يەر ئالىدۇ:

«شۇنداق، مۇقەررەركى، ئۇ (يەنى قۇرئان) ۋەز - نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار پەقەت اﷲ خالىسا، ئاندىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ، اﷲ (بەندىلىرى) قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىنى) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر» (54 - 56). بۇ ئايەتلەر مۇنداق دېمەكتە: ئاللاھ نىڭمۇ بۇنى بىلىدىغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، ئەمدى ھېچكىم «ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا بىزمۇ ئاللاھ قا شېرىك قوشمايتتۇق» (ئەنئام، 48) دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئاللاھ قا تۆھمەت قىلماسلىقى كېرەك. يەنى، ئىنساننىڭ خالىشىنى ئاللاھ خالىغانىدى. ئەگەر ئىرادە بېرىشنى خالىمىغان بولسا خالاشنى بەرمىگەن بولاتتى.

يەنە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا بىر بۆلەكمۇ ئىنسان سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا يەر ئالىدۇ:

«شۈبھىسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) ۋەز - نەسىھەتتۇر (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم رەببىگە يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن. پەقەت اﷲ خالىغاندىلا ئاندىن

سىلەر خالايسىلەر. اﷲ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اﷲ ھىدايەتنى خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. اﷲ زالىملارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى» (ئىنسان، 29 - 31).

بۇ بۆلەكنىڭ باش قىسمىدا «خالىغان ئادەم رەببىگە يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن» دەيدۇ. ئوتتۇرىسىدا «پەقەت اﷲ خالىغاندىلا ئاندىن سىلەر خالايسىلەر» دەيدۇ. ئاخىرىدا «اﷲ ھىدايەتنى خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ» دەيدۇ. بۇلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكىنى بۇ سۈرىنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى ئىزاھلاپ بېرىدۇ:

«شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، شۈكۈر قىلغۇچى ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچى (بولۇشنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويدۇق)» (ئىنسان، 3).

ئايەتتە ئۆتكەن ئىمما (ئىن + ما) قوشۇمچىسى شەرت ۋە بولۇشسىزدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ «ئىككى تاللاش ئاساسلانغان ئەسلى مەنبە بولمىسا، ئۇ تاللاشنىڭ ھېچبىرى بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى «ئىنساننىڭ كۈپۈرنى تاللاش قابىلىيىتى بولمىغان بولسا شۈكۈر قىلىش قابىلىيىتىمۇ بولمايتتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىرادە ھەم شۈكۈرنىڭ ھەم كۈپۈرنىڭ شەرتى ۋە سەۋەبىدۇر.

## قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئىنسان ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھقا قارىتىلىشى

قۇرئاندا ئىنسان ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھقا قارىتىلىشى، نىسبەت ۋە ئىزافەت (ئېنىقلىغۇچى) قىلىنىشىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. پەقەت ئاللاھ قىلا قارىتىلغان، ئاللاھ تىن غەيرىگە خاس قىلغىلى بولمايدىغان ئىش - ھەرىكەتلەر: پىتىرەت، مەغپىرەت، تەقدىر قاتارلىق بۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ تۈرگە كىرىدىغان بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىش - ھەرىكەتلەر قۇرئاندا پەقەت ئاللاھ قىلا قارىتىلىدۇ. بۇلارنى «ئەف ئالى ھۇسنائى خاسسا- ئاللاھ قا خاس چىرايلىق ئىش - ھەرىكەتلەر» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

2. ئاللاھ قا قارىتىلمايدۇ، دائىم ئىنسانغا ۋە باشقا مەخلۇقلارغا قارىتىلغان ئىش - ھەرىكەتلەر: بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا زۇلۇم، پىتنە - پاسات، خاتالىق ۋە گۇناھ قىلمىشلىرى كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئاللاھ قا قارىتىلماسلىقىنى بەزىلەر بۇ خىل ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ئاللاھ نىڭ شەنىگە لايىق بولمايدىغانلىقى بىلەن ئىزاھلىغان. بۇ كەمتۈك ۋە خاتا بولغان ئىزاھاتتۇر. بۇ چۈشەنچىدىكىلەر بەندىنى «گۇمراھلىققا چۈشۈرۈشنى (ئازدۇرۇشنى)» ئاللاھ نىڭ شەنىگە لايىق دەپ قاراشتا ھېچقانداق غەلىتىلىك ھېس قىلمىغان. بۇ چۈشەنچىدىكى زىتلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى خۇددى «ئەسلىدە زۇلۇم، پاسات، خاتالىق ۋە گۇناھ قىلمىشلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى توغرىدۇر. ئەمما بۇنى بۇ شەكىلدە ئېيتىش توغرا بولمايدۇ» دېگەنلىكتۇر.

فەسۇبھانالله! بۇ نېمە دېگەن زىددىيەتكە تولغان چۈشەنچە؟ ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش ئاللاھ نىڭ بارلىق يامانلىقلاردىن خالىي ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتىش، ئىنسان سادىر قىلغان يامان قىلمىشىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ پەقەت بەندىلىرىنىلا توغرا يولغا چاقىرىپ قالماستىن، ئۆزىنىڭمۇ توپتوغرا يولدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا:

«شۈبھىسىزكى، رەببىم توپتوغرا يول ئۈستىدە» (ھۇد، 56).

3. ھەم ئاللاھ قا ھەم بەندىگە نىسبەت قىلىنغان ئىش - ھەرىكەتلەر: بۇلارمۇ ئۈز ئىچىدىن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

A ) ھەم ئاللاھ ئۈچۈن ھەم بەندە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن پېئىللار: بۇ پېئىللارمۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: 1 ) ھەم ئاللاھ ئۈچۈن ھەم بەندە ئۈچۈن پەرقلىق جۈملە ئىچىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىشلىتىلگەن پېئىللار. بۇنىڭ قۇرئاندا نۇرغۇن ئۆرنىكى بار. 2 ) ئوخشاش جۈملە ئىچىدە ئوخشاش لەبزى ئىچىدە ئىشلىتىلگەن قوش ئىگىلىك پېئىللار. قۇرئاندا ھەر تىلغا ئېلىنغان جايدا ئەمەس، ئەمما بىر قانچە يەردە ئىشلىتىلگەن «يەھدى مەن يەشائ (خالىغان (تىلىگەن) كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ)، يۇدىللۇ مەن يەشائ (خالىغان (تىلىگەن) كىشىنى ئازدۇرىدۇ)» دېگەندەك پېئىللار بۇ تۈرگە كىرىدۇ. مەيلى بۇ شەكىلدە كەلسۇن ياكى بۇنىڭدىن پەرقلىق شەكىلدە كەلسۇن، مەسىلەن: يۇدىللۇ مەن يەشائ ئىبارىسىنىڭ تۈز مەنىسى «ئاللاھ خالىغاننى ئازدۇرىدۇ» شەكلىدە تەرجىمە قىلىنماسلىقى كېرەك. بۇنداق بولغاندا يەشائ پېئىلىنىڭ ئىككى ئىگىنى بىرلىكتە كۆرسىتىدىغان ئىككى كۆزىدىن بىرنى قۇيۇۋېتكەن، ئايەتنىڭ ئەسلى تېكىستىدە مەۋجۇت بولغان بىر مەنانى زايا قىلىۋەتكە بولىمىز. بۇ ئىبارىنىڭ ئىككى ئىگىنى كۆرسىتىدىغان شەكىلدىكى تەرجىمىسى مۇنداق بولىدۇ:

«ئۇ ئېزىپ كېتىشنى خالىغۇچىنىڭ ئېزىشىنى خالايدۇ». بۇنىڭ مەنىسى «ئاللاھ ئېزىشنى خالىغان كىشىنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە يول قويىدۇ». دېمىسىمۇ، «ئۇ پاسىقلاردىن باشقىسىنى ئازدۇرمايدۇ» (بەقەرە، 26)غا ئوخشاش ئايەتلەر بۇ مەنىنى تەستىقلايدۇ. رىسالىنىڭ ئەسلى تېكىستىدە ئۆرنەك قىلىپ مىسال قىلىنغان «ئالەملەرنىڭ رەببى خالىمىسا سىلەر ھېچنەرسىنى خالىيالمايسىلەر» (تەكۋىر، 28 - 29) ئايىتى بۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ ئايەت ئاللاھ سىلەرگە ئىرادە

بەرمىگەن بولسا ئىدى، سىلەر خالىيالمايتتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئىرادە بېرىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ خالىشىڭلارنى خالىدى، سىلەر مانا بۇ سەۋەبتىن خالىيالايسىلەر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

B) ئەسلىدە بەندىگە ئائىت بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنغان ئىش - ھەرىكەت: بۇ تۈرگە كىرىدىغان پېئىللار ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بولۇپ، بەندىلەرگە ئاللاھ قا قارىتا ئەدەپ - ھايا ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق: «ئى بەندە! ھەرگىزمۇ ئاللاھ يوقتەك گەپ قىلما! ئاللاھ يوقتەك ئويلىما! ئاللاھ يوقتەك مۇئامىلىدە بولما!» دېيىلمەكتە. رىسالىدە ئۆرنەك قىلىنغان ئايەت تۆۋەندىكىچە:

يُرِيدُ اللَّهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمْ وَيَهْدِيَكُمْ سُنَنَ الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ وَيَتُوبَ عَلَيْكُمْ ۗ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ

يۇقىرىدىكى نىسا سۈرىسى 26 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «يۇبەييىنۇن - ئۇ ئىزاھلايدۇ»، «يەھدى - ئۇ يول كۆرسىتىدۇ» ۋە «يەتۇبۇ - ئۇ يۈزلەندۈرىدۇ» پېئىللىرىنىڭ ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنىشى بۇ سەۋەبتىن بولغان.

بۇ ئارقىلىق ئىنسانغا «ھەددىڭنى بىل، ئۆزەڭنى بىل!» دېيىلگەن. مەقسەت، ئىنسانغا ئىنساننىڭ مۇتلەق كۈچ ۋە قۇدرەت ئىگىسى ئەمەسلىكىنى ئەسلىتىش، ئاللاھ تىن بېغىنى ئۈزمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىشتۇر. بۇ ئارقىلىق قىلغانلىرىنىڭ ئارقا پەردىسىدە ئاللاھ ئۆزىگە ئامانەت قىلغان ئىرادە، ئەقىل، كۈچ - قۇدرەت، بەدەن ۋە ئىمكان بارلىقىنى ئۇنتۇلدۇرماسلىق مەقسەت قىلىنماقتا.

دېمەكچى بولغانلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بۇ تۈرگە كىرىدىغان ئايەتلەردىن بىر قانچىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«ئۇ قەلەم بىلەن (يېزىشنى) ئۆگەتتى» (ئەلەق، 5).

«ھەر قانداق كاتىپ ئاللاھ ئۆزىگە ئۆگەتكەن شەكىلدە يېزىشتىن قاچمىسۇن» (بەقەرە، 282).

يۇقىرىدا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگىتىش ھەرىكىتى ئاللاھقا قارىتىلغان. لېكىن يېزىشنى ئۆگەنگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىنساندىن ئۆگىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولغان ھەقىقەتتۇر.

سوئال: ئۇنداقتا، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بۇ ھەرىكەت ئاللاھقا قارىتىلىدۇ؟

ئەلجاۋاب: بۇ، ئاللاھ ئۇ بەندىگە خۇسۇسىي ھالدا يېزىشنى ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەندىگە يېزىش قابىلىيىتىنى ئۇنىڭ تەكتىدە ياتقان ئەقىل ۋە ئىرادىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق دېيىلگەن.

«ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال ۋە كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللار بەردىم» (مۇددەسسىر، 12 - 13).

بۇ ئايەتتىكى مال ۋە ئوغۇل بېرىش ھەرىكىتى ئاللاھقا نىسبەت قىلىنغان. ئايەتتىكى «بېرىش» بۇ ئازغۇن مۇشرىككە خاس مۆجىزىۋى بىر ئىلاھىي ئىلتىپات مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئاللاھ باشقىلارغا قانداق يوللار بىلەن مال ۋە ئەۋلاد بەرگەن بولسا، بۇ ئازغۇن مۇشرىككىمۇ ئوخشاش يوللار بىلەن بەرگەنىدى.

«ئۇنى ئۆيىدىن ئېلىپ چىققان رەببىڭدۇر» (ئەنفال، 5).

رەسۇلۇللاھنىڭ بەدرى ئۇرۇشى ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىش ھەرىكىتى ئاللاھقا نىسبەت قىلىنماقتا. بۇ چوقۇم ئالاھىدە ھالدا ئۆيىدىن «ئېلىپ چىقىش» مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. «ئادەتتىكى ئۆيىدىن چىقىشتا ئاللاھ نىڭ مۇداخىلىسى قانداق بولغان بولسا، بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر» دەپ چۈشىنىش قۇرئاننىڭ ئومۇمىي ئۇسلۇبىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق.

«ئاللاھ خالىمىسا سىلەر خالىيالمايسىلەر» (نىسا، 78).

«ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى ئاللاھ ياراتقاندۇر» (سافغات، 96).

بۇ ئايەتلەرمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشايدۇ.

سۆيۈملۈك رەسۇلىمىزمۇ قۇرئاننىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان ۋە بۇ ئەدەبنى ئۆزىنىڭ ھاياتىغا مۇجەسسەملەشتۇرگەنىدى. بۇ نۇقتىدا بىر ئۆرنەك بېرەيلى:

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى تەبۇك غازىتى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن ئۇلاغ سورىغانىدى. نەبى باشتا بەرگۈدەك ئۇلاغ يوقلىقىنى ئېيتقان، كېيىن ئۇنى ھەل قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇلاغ بەرگەن ۋە مۇنداق دېگەن:

«ئىنتالىقۇ فەئىننەما ھامەلەكۇمۇللاھ- بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۇلاغ بەردى»، يەنە بىر رىۋايەتتە «لەستۇئەنە ھامەلتۇكۇم، ۋەلەكىننەللاھە ھامەلەكۇم- سىلەرگە ئۇلاغ بەرگۈچى مەن ئەمەس، سىلەرنى مىنگۈزگەن ئاللاھ تۇر» (بۇخارى، 6721، 6649).

كائىناتتا يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئىش ئاللاھ نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتقان ھەر مۇئمىن بۇ ئەدەبكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ئەدەبنى قۇرئان ئۆگەتكەن. نەبى ۋە ساھابىلەر ھاياتىغا تەدبىقلىغان بۇ ئەدەبنى ئۆز يولىدىن چىقىرىپ تاشلىغانلار ئەمەۋى ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇلار ئاچقان بۇ چىغىر يولدىن ماڭغانلار ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ جىنايىتى ۋە گۇناھىنى ئاللاھ قا نىسبەت قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ھالبۇكى قۇرئان خاتالىقنى نەقىل قىلغان رەسۇللارنىڭ ھەممىسى خاتالىقنى رەببىگە ئەمەس ئۆزىگە نىسبەت قىلغانلىقىنى بايان قىلماقتا.

خۇلاسەكالام، خەيرنى، ياخشىلىقنى ۋە ساۋاپنى ئاللاھ قا نىسبەت قىلىش؛ شەرنى، يامانلىقنى ۋە گۇناھنى ئاللاھ قا نىسبەت قىلماسلىق قۇرئان ئەدەبى بىلەن ئەخلاقلىنىشتۇر.

## بىر بىمەنە سوئال: زىنادىن بولغان بالىنى كىم ياراتتى؟

ئىمام ئەلبەسرى سۆزنى قەدەرچى ئەقىلنىڭ ئۆزىگە جېدەل تېمىسى قىلىۋالغان «زىنادىن بولغان بالىنى كىم ياراتتى؟» مەسىلىسىگە كەلتۈردى. «زىنادىن بولغان بالىنى كىم ياراتتى؟» سوئالى ئەسلىدە بىر بىھۇدە سوئال.

بىمەنە، يالغان سوئاللار ئەقىلنى زەھەرلەيدۇ. چۈنكى يالغان سوئاللار ساختا مەسىلىلەر ۋە جاۋابلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ يالغان جاۋابلار ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇ خىل سوئاللار ئەسلى مەسىلىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ ئۇلارنى توسىۋالىدۇ. ئەڭ خەتەرلىك تەرىپى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىنى ئاختا قىلىپ قويىدۇ.

بۇ ساختا مەسىلە تېخى كالام ئىلمى يېزىق ھالىغا ئۆتمەي تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۈنتەرتىپكە كەلگەن تۈنجى كالامى مۇنازىرە تېمىلىرىدىن بىرىدۇر. ئەھلى كىتاب مەدەنىيىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگەنلىك ئېھتىمالى يۇقىرى.

زىنادىن بولغان بالا مەسىلىسى يامانلىقنىڭ مەنبەسى مەسىلىسى دائىرىسىدە مۇنازىرە قىلىنغان. بۇ مەسىلىدە سورالغان سوئال مۇنداق ئىدى: «ئاللاھ ھارام قىلغان زىنادىن پەيدا بولغان بالا باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئانا رەھمىدە ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانمۇ؟». بۇ سوئال بىكاردىن بىكارغا سورالمىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا باشقا سوئاللار ماراپ تۇراتتى. يەنى، «ئەگەر زىنا مەھسۇلى بولغان بالا ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا بالىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان زىنامۇ ئۇنىڭ" قازايى قەدەرى" بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان. بۇ ئەھۋالدا زىنانىڭ جاۋابكارى زىنا قىلغۇچىمۇ ياكى ئۇ بالىنىڭ يارىتىلىشىنى ئەزەلدە تەقدىر قىلغان ئاللاھمۇ؟

ئەگەر جاۋاب ئەزەلدە پۈتۈلگەن بولسا زىنا قىلغۇچى نېمە ئۈچۈن جازالاندۇرۇلىدۇ؟...» دېگەندەك سوئاللار بار ئىدى.

ئىمام ئەلبەسرى بۇ سوئالغا يۇقىرىقىدا جاۋابنى بېرىدۇ. يەنى، جازانىڭ بالا سەۋەبىدىن ئەمەس، ئاللاھ هارام قىلغان زىنا قىلمىشىنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

بۇ يەردە ئەسلىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك خۇسۇس جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنىڭ قۇرئانغا قارىماستىن ھاكىمىيەت ياردىمى بىلەن قايتىدىن يۈلەپ چىققۇچىلارنىڭ مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەردى ئۆزىنىڭ گۇناھ ۋە زۇلۇملىرىنى يوللۇق قىلىش ئىدى. ئۇلار بۇ مەسىلىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆتكۈزگەن زۇلۇم ۋە تۇغيانلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئىما قىلماقتا ئىدى. ئۇلاردىكى مەنتىق مۇنداق ئىدى:

- زىنا مەھسۇلى بولغان بالىنى ياراتقۇچى ئاللاھ مۇ ئەمەسمۇ؟

- ئاللاھ.

- ئۇنداقتا، ئۇ بالىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان زىنامۇ ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرىدۇر. بەندە تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

بۇ سىنارىيەنى مۇشرىكلار بىلەن مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى كۈرەش ئىچىدە كۆرۈپ باقايلى:

- بەدىر ئۇرۇشى ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرىمۇ ئەمەسمۇ؟

- ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرى ئىدى.

- ئۇنداقتا بىر ئۇرۇش دۈشمەن بولماستىن روياپقا چىقمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن بەدىردە دۈشمەنىنىڭ بولۇشىمۇ ئاللاھ نىڭ قازايى قەدەرى ئىدى.

ئەمەۋى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيەنىڭ بەدىردە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھقا قارشى جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن تاغىسى، قېرىندىشى ۋە باشقا مۇشرىكلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇلارنىڭ گۇناھى پۈتۈۋېتىلگەن سىنارىيىگە ئاساسەن ئۆز رولىنى ئويناش. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئاللاھ يارىتىشنى تەقدىر قىلغان زىنا مەھسۇلى بولغان بالىنىڭ ئاتا ئانىسىنىڭ زىناسىغا ئوخشايدۇ.

بۇنى يەنە سۈنئىي ۋە يالغان بىر كۆنتەرتىپ بولغان «خالقۇل قۇرئان» مەسىلىسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مۇنداق بىر سىنارىيە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلالايمىز:

- ئەبۇ لەھەب ئۆزىگە بېرىلگەن رولنى ئوينىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىدى.

- نېمە ئۈچۈن؟

- چۈنكى ئۇنىڭغا «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن» دېگەن ئايەت كالامى قەدىمنىڭ ئەزەلى ئايىتى ئىدى.

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق...

بۇ قەدەرچى مەنتىقنىڭ ھەر دەۋردە مۇسۇلمانلار ئىچىدە خېرىدارلىرى چىققانىدى. مەسىلەن، ھەللاج ھەزرىتى مۇسا ۋە پىرئەۋننىڭ ئىككىلىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ياقىلايدۇ ۋە بۇنىمۇ قەدەر بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئەزەلى تەقدىر ۋە پېشانىسىگە يېزىلىپ كەتكەنلىكىتىن ئېيتقانىدى. ھەللاجتىن كېيىن بۇ قاراش جەبرىچىلىككە ئۇل قىلىنغان ئايانى سابىت نەزىرىيىسى بىلەن داۋاملاشتى. «رادىكال جەبرىچى» بولغان ئىبن ئەئرابىمىز ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ نەمىل 62، فۇرقان 70 ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئايەتلەرنى خاتا ئىزاھاتلار بىلەن پىرئەۋننى گۇناھسىز قىلىپ چىقىدۇ (فۇسۇس، 210 - بەت). بۇ خىل تەۋىللەر بۇ خىل زېھنىيەنىڭ بىر داۋامىدۇر.

زىنادىن بولغان بالا مەسىلىسىنىڭ سۈيىئىستېمال قىلىش ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان سۈنئىي بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئىپتىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ قۇرئان «سۈننەتۇللاھ» دەپ ئاتىغان ئىلاھىي مىزانغا ئاساسەن بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھ نىڭ بۇ قانۇننى ھېچكىم ۋە ھېچقانداق بىر سەۋەب بىلەن بۇزمايدىغانلىقىنى بىلىش يېتەرلىك ئىدى ئەسلىدە. بۇ قانۇن پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، قوزا بۆرىلەر (جانلىقلار) ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە.

قۇرئان بەرپا قىلغان ئەقىل ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان، جاھىلىيەتنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلار ئۈچۈن يېتەرلىك بولمىغان بولسا كېرەك، ئۇلار مۇشۇنداق بىمەنە بىر مىسال ئۈستىدىن ھاكىمىيەتنىڭ نەزىرىيىسىنى قانات يايدۇرغانىدى. بۇنىڭغا ئەڭ چوڭ ياردەم مۇنەججىم ۋە كاھىننى ئەلچىنىڭ ئورنىغا، خۇراپات ۋە كاھىنلىقنى نۇبۇۋۋەتنىڭ ئورنىغا، «تەلەي ۋە قىسمەت» مەنىسىدىكى جاھىلىيەت قەدەر چۈشەنچىسىنى سۈننەتۇللاھنىڭ ئورنىغا، پال ۋە شېئىرى قاپىيەنى قىرائەت ۋە تەرتىل (چۈشىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش)نىڭ ئورنىغا، ھېسسى بولغاننى ئىلمىيلىكنىڭ ئورنىغا قويغان كېرەكسىز ئەقىلدىن كېلەتتى.

ئىمام ئەلبەسرى قەدەرچى ئەقىلنىڭ بۇ خىل ئەقىل يۇرگۈزۈشلەر ئارقىلىق قۇرئان بەرپا قىلغان ئەخلاق ۋە پەزىلەت يىلتىزىنى ئېغىشتىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. مانا بۇ، قەدەر رىسالىسىدا شاھىت بولغان ئۇ شىجائەتلىك ۋە قەتئىيلىك ئۇسلۇبىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

# تېكىست ۋەشەرھىيسى

وينازعون فى قوله: « ما اصاب من مصيبة فى الارض ولا فى انفسهم الا فى كتاب من قبل ان نبرءها »، فيتأولون ذلك برأيهم في الكفر و الايمان والطاعة و المعصية وليس ذلك كذلك، فذا هذه المصائب في الاموال والانفس والثمرات فخبرنا بذلك وانه مبتلينا فى هذه الدنيا بالشدة والرخاء والفقر و الغنى لكيلا نأسى على ما فاتنا ولا نفرح من متاعها فرح[ من ]يبطره ، ثم بين لمن صبر فقال: « [ و ] بشر الصابرين الذين اذا اصابتهم مصيبة قالوا انا لله وانا اليه راجعون اولئك عليهم صلوات من ربهم و رحمة و اولئك هم المهتدون ».

ولو كان هذا في الايمان والكفر ماكان يقول: « لكيلا تأسوا على ما فاتكم[ ولا تفرحوا بما آتاكم »، بل كان يقول: « لكيلا تأسوا على ما فاتكم ] من الايمان ولا تفرحوا بما آتاكم منه »، فعلام يحزن الانسان اذا لم يحزن على ما فاته من دينه والله تعالى يقول: « قل بفضل الله وبرحمته فبذلك فليفرحوا هو خير مما يجمعون »، فالحق واضح لمن ينتبه ولكن اكثرهم يجهلون.

ئۇلار ئاللاھ نىڭ بۇ سۆزىنىمۇ مۇنازىرە تېمىسى قىلىۋالدى: «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر» (ھەدىد، 22).

ئۇلار بۇ ئايەتنى ئۆز نەزىرىيىسىگە ئاساسەن كۇپۇر ۋە ئىمان، ئىتائەت ۋە ئىسيان [ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن يېزىۋېتىلگەن] دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئۇنداق ئەمەس. بۇ [ئايەتتە ئېپادە قىلىنغان] مۇسىبەتلەر پەقەت ماللار، جانلار ۋە مەھسۇلاتلاردا مەيدانغا كەلگەن مۇسىبەتلەردۇر ۋە ئاللاھ بۇنى بىزگە بىلدۈرگەن. ئاللاھ بىزنى بۇ دۇنيادا قەھەتچىلىك ۋە باياشاتچىلىق، يوقسۇللۇق ۋە بايلىق بىلەن سىنىغان بولۇپ، يوقىتىپ قويغانلىرىمىزغا ھەددىدىن زىيادە كۆڭلىمىز يېرىم بولماسلىقى، ئېرىشكەن ئۆتكۈنچى دۇنيا نېئمەتلىرىگە قارىتا خۇدىنى يوقىتىپ قويغان بەزى كىشىلەردەك ھەددىدىن زىيادە خوشال بولۇپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن بۇنى ئالدىنئالا بىزگە بىلدۈرگەن. ئاندىن سەبىر قىلغۇچىلارنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈ مۇنداق دېگەن: «سەبىر قىلغۇچىلارغا خوشخەۋەر بەرگىنكى، ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، "بىز ئەلۋەتتە ئاللاھ نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دەيدۇ. ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار توغرا يولدا بولغانلاردۇر» (بەقەرە، 156 - 157).

ئەگەر «مۇسىبەت» ئارقىلىق «ئىمان ۋە كۇپۇر» نەزەردە تۇتۇلغان بولسا ئىدى، «قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (ھەددىدىن زىيادە) قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىلەرگە (ھەددىدىن زىيادە) خوشال بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ مۇشۇنداق تەقدىر قىلدى» (ھەدىد، 23) دېيىشنىڭ ئورنىغا مۇنداق دېگەن بولاتتى: «يوقىتىپ قويغان ئىمانىڭلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار، سىلەرگە ئاتا قىلىنغان ئىمانغا خۇشھال بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ مۇشۇنداق تەقدىر قىلدى». بىر ئىنسان دىنىدىن يوقىتىپ قويغانلىرىغا قايغۇرمىسا، ئۇنىڭدىن باشقا قايسى نەرسە ئۈچۈن قايغۇرىدۇ؟ جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

«ئېيتقىنىكى، "ئۇلار ئاللاھ نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشھال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا - ماللىرىدىن/نېئمەتلىرىدىن) تېخىمۇ ياخشىدۇر"» (يۇنۇس، 58). كۆڭۈل قويغان كىشىلەر ئۇچۇن ھەقىقەت روشەن ھالدا ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى نادانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

*ئىزاھات:*
*جۈملىگە مۇۋاپىق ھالدا قوشۇلغان [ ] ئىچىدىكى پارچىلار بىزگە نامەلۇم بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قولىيازمىدا ئورۇن ئالمىغان.*

## ئاللاھ بۇرۇن يېزىۋەتكەن «مۇسبەت» ئىمان ۋە كۇپرى ئەمەس

ئىمام ئەلبەسىرى ھەدىد سۈرىسى 23 - ئايىتتە تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھ پۈتىۋەتكەن مۇسىبەت»نىڭ ئىمان ۋە كۇفرى ئەمەسلىكىنى ئايەتلەر بىلەن دەلىل قىلىپ تۇرۇپ قانائەتلىنەرلىك رەۋىشتە ئىزاھلىغان. بىراق ئايەتتە قوللىنىلغان «كىتاب»نىڭ نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈستىدە توختالمىغان. كاشكى ئەلبەسىرى سۈرە ھەدىد 20 - ئايىتىنىمۇ دەلىل سۈپىتىدە كۆرسەتكەن بولسا ئايەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن تېخىمۇ مۇكەممەل بۇلاتتى.

قۇرئاندا «كىتاب» كۆپ مەنالىق كەلىمىلەر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. قۇرئاندا «قۇرئان» (ھەدىد، 20)، «تەۋرات» (بەقەرە، 53)، كونا ۋە يېڭى ئەھدە (بەقەرە، 113)، «ئۆتمۈش ۋەھىيلەر» (ئەئراف، 169)، «ۋاقىت، مەلۇم زامان» (نىسا، 103)، «تەبىئەت قانۇنى» ( تەۋبە، 36؛ يۇنۇس، 61؛ ھەج، 79)، «ئىجتىمائى قانۇنىيەت» ( ھىجىر، 4)، «ۋەدىلەشكەن ۋاقىت» (بەقەرە، 235)، «ئىلاھى قانۇنلار» (ئەنئام، 38 ۋە 59؛

ئەنفال، 68؛ تاها، 52؛ ھەدىد، 23)، «يارىتىلىش قانۇنىيەتلىرى» (ھۇد، 6)، «ھايات ۋە ئۆلۈم قانۇنىيەتلىرى» (رەئد، 38؛ فاتىر، 11)، «ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنىڭ مەركىزى مېڭىسى» (رەئد، 39)، «ئاخىرەت كۆتىكى (ئارخىپى)» (كەھف، 49؛ مۇئمىنۇن، 62؛ زۇمەر، 68؛ مۇتەففىن، 7)، «مەۋجۇداتلارنىڭ تىزىملىك ئارخىپى» (نەمل، 75؛ سەبەئ، 3؛ نەبە، 29) قاتارلىق مەنالاردا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا مەلۇم بولغاندەك «كىتاب» كەلىمىسى قۇرئاندا 14 پەرقلىق مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئاساسەن كائىنات ۋە ئىنسان بويسۇنۇپ ياشايدىغان «ئىلاھى قانۇن» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئايەت ئىنسان بېشىغا كېلىدىغان ھەر بىر ئىشنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىر ئىلاھى قانۇنىيەت دائىرىسىدە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭغا ماس ھالدا ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ بۇ مۇسىبەتلەرگە قارىتا چارە - تەدبىر تېپىپ چىقىشى تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ.

ھەدىد سۈرىسىنىڭ 22 - ئايىتى مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق ھەقىقەتنى ئىپادىلەيدۇ: ئاللاھ ھاياتلىقنى ھەر سىكونت ئاربىلىشىدۇ، ھاياتلىقنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ياراتقان. ھاياتنى ئۆز مەيلىگە قويىۋەتمىگەن. بىراق ئىنسان زامانىىزلىقنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ زامان چەكلىمىسىدىن خالىي ئىرادە ۋە مۇرادىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن «ئەۋەللىك» ۋە «ئاخىرلىق»نىڭ ئىلاھى يارىتىش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى چۈشىنىشتە قىيىنىلىدۇ. «بىراق بۇ ئاللاھ قا نىسبەتەن تولىمۇ ئاساندۇر».

## تێکست ۋە شەرهیسی

واعلم يا امير المؤمنين ان[ الله ]اعدل و انصف من أن يعمى عبدا ثم يقول له أبصر وإلا عذبتك او يصمّه ثم يقول له اسمع وإلاعذبتك او يخرسه ويقول له تكلم والا عذبتك ، هذا يا امير المؤمنين اوضح من [ان]يخفى على ذى عقل ، وينازعون في قوله: « فمنهم شقى و سعيد » ويتأولون ان الله خلق العباد فى بطون أمهاتكم[ اشقياء ]وسعداء فلا سبيل لمن اشقاه الى السعادة ولا سبيل لمن اسعده الى الشقاء ، ولو كان الامر على ما يتأولونه لما كانت كتب الله ورسله تعني شيئا ولكان دعاء الرسل إياهم الى التقوى وحثهم على الصلاح لا يعني شيئا ولا منفعة فيها ، ولكن التأويل غير ما ذهبوا اليه ، قال الله تعالى: « ذلك يوم مجموع[ له ]الناس وذلك يوم مشهود » يعني يوم القيامة ثم قال: « يوم يأت لا تكلم نفس الا باذنه فمنهم شقى وسعيد » فالسعيد ذلك اليوم هو المتمسك اليوم بامر الله العامل به ، والشقى ذلك اليوم هو المضيع لامر الله المستخف بدينه.

واعلم يا امير المؤمنين ان من المخالفين لامر الله وكتابه وعدله قوم يفرطون فى امر دينهم و يحيلون بجهلهم على القدر ثم لا يرضون بذلك فى امر دنياهم حتى يأخذوا بالحزم والاستظهار لنقل الحق عليهم وحقه الباطل ، فاذا[ ا]مر ت احدهم بشىء فى امر دينه قال جفت الأقلام و[كتب]على الجبين سعيد و شقى فلو قلت لاحدهم لا تتعبن نفسك فى طلب الدنيا و[نكر]في الحر والبرد تخاطر بروحك فى الاسفار فان

رزقك مفروغ منه لأنكر ذلك عليك ، ولو قلت له لا تتعبن نفسك فى سقى زرعك وتنقيته وتعاهده والقيام عليه فى الحر و البرد فالذى قُدر له من عند الله سوف ينبت فى ارضك لانكر ذلك، فلو قلت له لاتطلبن لغنمك راعيا فما قدر ان تأكله الذئاب و تاخذه اللصوص و يموت ويضيع لا تقدر على حفظه وما قد قدر الله ان ينحفظ فما يضيع منه شىء لأنكر ذلك، ولو قلت لا تقيد فرسك ولا تشدده ولا تعقلن بعيرك مخافة ذهابهما فانه لا يكون من ذلك الا ما قدر لك وسواء عليك استوثقت او خلّيت بغير وثاق لأنكر ذلك عليك، ولو قلت لا تغلقن دكانك ولا باب الدار احترازا لمتاعك و ما لك ورحلك وانك لا تنتفع بغلق الباب فيما قد زادها الله به لانكر ذلك، فهو لا يرضى فى امر دنياه الا بالإحكام والاحتياط والاخذ بالحزم وان نهاه عن ذلك استجهله ثم ينكر عليه ثم يترك امر دينه على القدر ، كل ذلك لثقل الحق وخفة الباطل.

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، شۇنى ياخشى بىلگىنكى، [شۇبھىسىزكى ئاللاھ] بىر بەندىنى ئاۋۋال كور قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا «كۆر (قارا)، بولمىسا سېنى ئازابلايمەن» ياكى ئاۋۋال گاس قىلىۋېتىپ ئۇنىڭدىن كېيىن «ئاڭلا، بولمىسا سېنى ئازابلايمەن» ۋەياكى ئاۋۋال گاچا قىلىۋېتىپ ئاندىن كېيىن «گەپ قىل، بولمىسا سېنى ئازابلايمەن» دېمەيدىغان دەرىجىدە ئادىل ۋە ئىنساپلىقتۇر. ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ، ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر قانداق كىشىگە مەخپىي قالمايدىغان ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر. ئۇلار ئاللاھ نىڭ شۇ كالامى ھەققىدىمۇ مۇنازىرە قىلىشىدۇ: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ» (ھۇد، 105). ئۇلار بۇنى

«ئاللاھ بەندىلىرىنى تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقىتتىلا [ "بەدبەختلەر" ] ۋە "بەختلىكلەر" دەپ ياراتقان» دەپ شەرھىيلەيدۇ. يەنى، بەدبەختلەر ئۇچۇن سائادەت ، سائادەتمەنلەر ئۇچۇن بەدبەختلەر ئىشىكى تاقالغاندەك ئىزاھلايدۇ. ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن ئۇلار ئىزاھلىغاندەك بولىدىغان بولسا، ئاللاھ نىڭ [كىتابلىرى] ۋە ئەلچىلىرىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى ھەمدە ئەلچىلەرنىڭ قەۋملىرىنى تەقۋالىققا ۋە ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشلىرىنىڭ ھېچبىر مەنىسى بولمايتتى. ئەمما بۇ مەسىلىنىڭ توغرىسى ئۇلار چۈشەنگەندەك ۋە چۈشەندۈرگەندەك ئەمەس. جانابى ئاللاھ ئېيتىدۇكى: «ئەنە شۇ كۈنى پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن قىلمىشلار ئوتتۇرىغا تاشلىنىدىغان كۈندۇر» (ھۇد، 103). يەنى (مەھشەر كۈنىدىكى ئەھۋال مانا مۇشۇنداق). جانابى ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بولغاندا ھەر قانداق ئادەم ئاللاھتىن ئىجازەت بولغاندىلا ئۆزىنى ئاقلىيالايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدبەخت بولىدۇ، بەزىللىرى سائادەتمەن بولىدۇ» (ھۇد، 105). ئاخىرەتنىڭ سائادەتمىنى بۇگۈن ئاللاھ نىڭ يولىيورۇقلىرىغا بويسۇنۇپ ئۇنى ئەمىللەشتۇرگەن كىشىدۇر؛ ئاخىرەتنىڭ بەدبەختى بولسا بۇگۈن ئاللاھ نىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلماي دىنىنى يەڭگىل چاغلىغان كىشىدۇر.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، بىلگىنكى، ئاللاھ نىڭ يولىيورۇقلىرىغا، كىتاۋىغا، ئادالىتىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار دىنى ئىشلىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ، جاھالىتى سەۋەبىدىن ئىشنى قەدەرگە ئارتىپ قويىدۇ - يۇ، لېكىن دۇنيا ئىشلىرىدا بۇ قەدەر چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. يەنى ئۇلار (دۇنيالىق) ھەقلىرىنى گەرچە ئۇ باتىل بولغان تەقدىردىمۇ قولغا كەلتۈرگىچە تىرىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە دىنى ئىشلىرى توغرىسىدا بىر ئىشنى بۇيرىساڭ

«قەلەملەر كۆتۈرلۈپ كەتتى/قۇرىدى، كىمنىڭ بەدبەخت، كىمنىڭ سائادەتمەن بولىدىغانلىقى پىشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن» دەيدۇ. ئەمما ئۇلاردىن بىرەرسىگە «دۇنيالىق تاپاۋەت ئۈچۈن ئۆزەڭنى جاپاغا سالمىغىن، ئىسسىق - سوغۇق دىمەستىن چاپىدىغان سەپەرلىرىڭدىن ۋاز كەچكىن. نېمىلا بولمىسۇن رىزقىڭ سېنى تاپىدۇ» دېسەڭ بۇ سۆزلىرىڭگە دەرھال رەددىيە قايتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا «باغچىنىڭ سۇغۇرلىشى، پەرۋىش قىلىنىشى، مۇھاپىزەت قىلىش جەريانىدا ئىسسىق - سوغۇقتا ئۆزەڭنى چارچىتىۋالمىغىن. نېمىلا بولمىسۇن ئېتىزلىقىڭدا نېمىنىڭ قانچىلىك ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقى ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا تەقدىر قىلىنغان» دېسەڭ ئۇلار غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا: «قوي - قوتانلىرىڭغا پادىچى قويمىغىن، نېمىلا بولمىسۇن، بۆرىلەرنىڭ يەپ كېتىدىغانلىقى، ئوغرىنىڭ ئوغرىلاپ كېتىدىغانلىقى، قايسىسىنىڭ ئۆلۈپ، قايسىنىڭ تىرىك قالىدىغانلىقى ئەۋۋەلى تەقدىردە يېزىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئۇ ماللارنى قوغداشقا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ قوغداشنى ئىرادە قىلغان بولسا ھېچكىم ۋە ھېچنەرسە پادىلىرىڭغا زىيان سالالمايدۇ» دېسەڭ بۇنىڭغىمۇ ھەرگىز قايىل بولمايدۇ. ئەگەر يەنە: «ئېتىڭنى، تۆگەڭنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ باغلاپ ئاۋارە بولما، باغلاپ قويساڭمۇ باغنى يېشىۋەتسەڭمۇ ئوخشاشلا ساڭا تەقدىر قىلىنغاندىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ» دېسەڭ بۇنىڭغىمۇ ئەلۋەتتە قايىل بولمايدۇ. ئۇ كىشى دۇنيا ئىشلىرىدا قاتتىق ئويلىنىپ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدۇ ۋە تەدبىرنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. ئۆزىنى بۇنداق قىلىشتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىگەن ئادەمنى نادانلىق بىلەن ئەيىپلەپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا: «مال - مۈلكىڭنى قوغدايمەن دەپ ئىشىكىڭنى مەھكەم ئەتمىگىن! چۈنكى ئاللاھ ساڭا بەخش ئەتكەن نېئمەتلەر توغرىسىدا

ئىشىنكنى مەھكەم ئەتكەن ئەتمەسلىكنىڭ ساخا پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ» دېسەڭ بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. بىراق دەل شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى دىنى ئىشلىرىنى قازايى قەدەرگە ئارتىپ قويىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ھەققانىيەتنىڭ ئۇلارغا ئېغىر كەلگەنلىكى، باتىلنىڭ بولسا ناھايىتىمۇ ئاسان تۇيۇلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## ھېچكىم ئىنسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىلا سائادەتمەن ۋە بەدبەخت دەپ بەلگىلىۋېتىلمەيدۇ

ھەقىقەتكە بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە قارىيالماسلىق ئىللىتى ...

دېمەككى قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئۆز مەنپەئەتىگە مۇناسىپ يېرىنى ئېلىپ، مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان يېرىنى كۆرمەسلىك ئىللىتى تا مەزكۇر رىسالە يېزىلغان ھىجرى 1 - ئەسىردىلا يۇقۇملۇق ۋاباغا ئايلانغان. ئىمام ئەلبەسرى ھۇد سۈرىسى 105 - ئايەتنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ئارقىلىق قەدەرچىلەرنى مات قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى قانداق سۈيىئىستىمال قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار مۇددىئا ۋە قاراشلىرىغا دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن «پارچە» پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىچىگە قويۇلغاندا ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ئىشلەيدىغان دەلىلگە ئايلىنىدۇ. ھەقىقەتنى پارچىلاپ مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ مەنتىق تەدۋىن دەۋرىدىن باشلاپ ئۆز نەزىرىيىسىنى قۇرئانغا سۆزلىتىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلار كۆپلەپ مۇراجەت قىلىدىغان بىر ئۇسلۇبقا ئايلانغان.

پارچىنى ئاساس قىلىدىغان ئەقلىنىڭ ناس (ئايەت)لارغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى سىففىندا شام ۋالىسى مۇئاۋىيەنىڭ قوشۇنى نەيزە ئۇچلىرىغا قۇرئان بەتلىرىنى

ئېسىپ قويۇشىدىن پەرقسىز. ھەر ئىككى زىھنىيەت سەممىيەتسىزلىك ۋە سۈيىئىستېمال نۇقتىسىدا ئۇچرىشىدۇ.

پارچىنى ئاساس قىلىدىغان ئەقىلنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنىڭ ئەڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى ھۇد سۈرىسى 105 - ئايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ» جۈملىسىدۇر. بۇ ئەقىلنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش مەنتىقىسى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە باسقۇچتىن شەكىللىنىدۇ:

1. باسقۇچ، ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلىش

بۇ، ئەقىل قۇرئاندىن دەلىل ئىزدىگەندە ھۆكمىنى قۇرئان ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى قۇرئان سىرتىدا شەكىللەنگەن ئالدىنئالا چىقارغان ھۆكمىگە يانتاياق تېپىش ئۈچۈن قۇرئانغا مۇراجەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى كىتابقا بويسۇنۇش ئەمەس، ئەكسىچە كىتابنى مەقسىتىگە ماسلاشتۇرۇشتۇر.

2. باسقۇچ، يۇلۇپ ئېلىش

بۇ زىھنىيەت قۇرئاندىن ئالدىنئالا شەكىللەندۈرگەن ھۆكمىنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بىر جۈملە تاپسا ئۇنى دەرھاللا تەۋە بولغان ئايەتتىن يۇلۇپ ئېلىپ ئىشلىتىشتە قىلچە ئىككىلەنمەيدۇ. چۈنكى ئايەتنى بىر پۈتۈن ھالەتتە ئالسا مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. يەنى، خۇددى ھۇد سۈرىسىنىڭ 105- ئايىتىدىكىگە ئوخشاش: «قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلگەندە ھەر قانداق ئادەم پەقەت ئاللاھ تىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، (نەتىجىدە) ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ».

3. باسقۇچ، يۇلۇپ ئالغان پارچىنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاش.

يۇقىرىدىكى مىسالدا يۇلۇپ ئېلىنغان ئايەت ئەسلىدە كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدىغان جۈملە شەكلىدە كەلگەن

بولۇپ، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان زامان ھېساب كۈنىدۇر. ئايەت ئەسلىدىكى بۇ ھالىتى بىلەن پارچىنى ئاساس قىلىدىغان زېھنىنىڭ ئالدىنىئالا چىقارغان ھۆكمىنى كۈچلەندۈرمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن كىچىك بىر ئويۇن بىلەن ئايەتنىڭ زامانى كەلگۈسى زاماندىن ئۆتمۈش زامانغا ئۆزگەرتىلىپ، بۇ ئارقىلىق تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشمىگەن ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە «سائادەتمەن» ياكى «بەختسىز»لىك تامغىسى ئۇرۇلغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر قۇرئان ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولىدۇ. نەتىجىدە ئىنسانىنىڭ تاللىشى (ئىرادىسى)نىڭ ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان يۈزلەرچە ئايەتنىڭ ھېچقانداق بىر رولى قالمىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىمام ئەلبەسرى قەدەرنى بانا قىلىپ ئاللاھ قا بوھتان چاپلىغانلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىدىكى زىتلىقلىرىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن. قەدەرچى (جەبرىچى) ئەقلىنىڭ بۇ تۇترۇقسىزلىقى پەقەت شۇ دەۋرگىلا خاس ئەمەس. بۇ زېھنىيەتنىڭ تۇترۇقسىزلىقىنى كۈنىمىزدىمۇ ھاياتنىڭ ئىچىدىكى ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بۇلاردىن بىرسى قاتناش راۋان ئېقمۋاتقان بىر يولدا يولنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولسا «پېشانەمگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇ بولىدۇ» دېمەستىن، يېشىل چىراق يانسىمۇ يەنە ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە قارىماي تۇرۇپ ئۆتمەيدۇ. ماشىنا ھەيدىگەن بولسا يان تەرەپكە ئۆتمەكچى بولغاندا يان ئەينەككە قارىماستىن ئۆتمەيدۇ.

ئىبنى تەيمىيەنىڭ ھەقلىق بولغان شۇ كۆز قارىشىدەك ئەشئەرى (قەدەرچى) بىر كالامچىنى بىر مەھكىمىگە قازى قىلىپ تەيىنلىسەك، جىنايەتچىلەرنى سوتلاش ئۈچۈن «ھۆر ئىرادە مەنسۇپلىرىنىڭ» ئەقىل يۈرگۈزۈش ئۇسلۇبىنى قوللانغانلىقىنى كۆرىسەن. دېمىسىمۇ بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇل بىلەن ئادالەتنى روياپقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس.

# تێكست ۋە شەرهیسی

وينازعون فى قوله:« ولو شاء الله لجمعهم على الهدى فلا تكونن من الجاهلين »، انما ذلك عتاب من الله تعالى لنبيه( صعلم )لما تداخله الحزن بجهة المشركين وانهم لم يسلموا فقال الله: « لعلك باخع نفسك على آثارهم إن لم يؤمنوا بهذا الحديث اسفا »، اخبر الله نبيه عن قدرته وان لو شاء ان يجبرهم على الطاعة لكان قادرا وما كان ذلك يعجزه وانما اراد ان يبتليهم ليكافىء كلا على عمله وقال: « ولو شاء ربك لآمن من فى الارض كلهم جميعا افانت تكره الناس حتى يكونوا مؤمنين »

ومما ينازعون فيه قوله تعالى: « ولقد ذرأنا لجهنم كثيرا من الجن والانس لهم قلوب لا يفقهون بها ولهم اعين لا يبصرون بها ولهم آذان لا يسمعون بها اولئك كالانعام بل هم اضل اولئك هم الغافلون »، فتأولوا ذلك على ان الله ابتدأ خلقه فجعل لجهنم قوما لا يقدرون على الطاعة التي طالبهم بها و جعل للجنة قوما لا يقدرون على المعصية التي نهاهم عنها كما انه خلق القصير لا يقدر ان يكون طويلا والاسود لا يقدر ان يكون ابيض وعذبهم على ان يكونوا مؤمنين

فوصفوا الله سبحانه باقبح الصفات وانما اخبر انهم يصيرون الى جهنم باعمالهم الخبيثة وشبههم بقوله: « لهم قلوب لا يفقهون بها ولهم اعين لا يبصرون بها »، الآية كما قال تعالى: « فالتقطه آل فرعون

ليكون لهم عدوا و حزنا » وانما التقطه ليكون لهم قرة اعين ، وكقوله تعالى: « انما نملى لهم ليزدادوا اثما » انما اخبر انهم يزدادون فى الاملاء اثما بتركهم للطاعة وانما كلم الله العرب بما يعرفون من كلامهم قال بعض حكماء العرب:

وللموت تغذوا الوالدات سخالها / كما لخراب الدهر تبنى المساكن

اخبر بان مصير الاولاد الى الموت و مصير البنيان الى الخراب وانما تغذ[ى ]السخال للبقاء ليس للموت و تبنى المساكن للعمران لا للخراب، والقرآن يا امير المؤمنين عربى انزله الله الى قوم عرب خاطبهم بكلامهم الذى يعرفون معناه.

ئۇلار ئاللاھ نىڭ شۇ كالامىنىمۇ مۇنازىرە تېمىسى قىلىشىدۇ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى، سەن ھەرگىزمۇ (ئاللاھ نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن» (ئەنئام، 35). بۇ ئەسلىدە مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلىكىدىن غەمكىن بولغان رەسۇلۇللاھقا قارىتا ئاللاھ نىڭ كايىشى ئىدى. بۇ مەزمۇندا ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنىڭ قۇرئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن» (كەھف ،6). ئاللاھ ئەلچىسىگە قۇدرىتىنى بىلدۈرگەن. ئەگەر ئۇلارنى مەجبۇرى ھالدا ئىتائەت قىلدۇرماقچى بولسا ئەلۋەتتە بۇنىڭغا كۈچى يېتىدۇ، بۇنداق قىلىشتىن ھەرگىزمۇ ئاجىز كەلمەيدۇ. بىراق ئاللاھ ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىشنى ۋە ھەركىمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق دېگەن: «ئەگەر رەببىڭ خالىسا

ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟» (يۇنۇس، 99).

بۇ توغرۇلۇق ئاللاھ نىڭ شۇ سۆزىنىمۇ مۇنازىرە تېمىسى قىلىشىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخ ئۈچۈن (يېقىلغۇ بولۇشى) ياراتتۇق. ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەن ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، كۆزلىرى بولغان بىلەن (ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى بولغان بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھلىقتىدۇر. ئەنە شۇلار ئۆزىگە ياتلاشقانلاردۇر» (ئەئراف، 179). ئۇلار بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشىنىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ: ئاللاھ دەسلەپكى يارىتىشتىلا بىر تۈركۈمنى جەھەننەملىك قىلغان. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ نىڭ تەلىپى بولغان ئىتائەتكە قادىر بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە (ئاللاھ) يەنە بىر تۈركۈمنى جەننەتلىك قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چەكلەنگەن (ھارام) ئىشلارنى قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. بۇ خۇددى بويى پاكار يارىتىلغان ئادەمنىڭ بويىنى ئۇزارتىۋېلىشى، رەڭگى قارا يارىتىلغان كىشىنىڭ ئۆزىچە ئاق بولۇۋېلىشى مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشايدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭچە ئاللاھ (باشتىلا ئۇلارنى ھەم جەھەننەملىك قىلىپ پۈتىۋەتكەن ھەمدە) مۇئمىن بولمىدى دەپ ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلغان.

ئۇلار نۇقسانسىز بولغان ئاللاھ نى ئەڭ بولمىغۇر سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەشتى. ھالبۇكى، ئاللاھ جەھەننەمگە كىرگۈچىلەرنىڭ قىلغان ناچار قىلمىشلىرى ۋە شەك - شۈبھىلىرى سەۋەبلىك دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلماقتا: «ئۇلار دىللىرى بولغان بىلەنمۇ ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، كۆزلىرى بولسىمۇ كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى بار ئەمما ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ)

تىڭشىمايدۇ» (ئەئراف، 179). بۇ ئايەت تۆۋەندىكى ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ:

«پىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى (نىل دەرياسىدىن) سۈزىۋالدى. نەتىجىدە، ئاقىۋەتتە ئۇلارغا دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) بولىدىغان (بۇ بوۋاقنى) بېقىۋالدى» (قەسەس، 8).

ھالبۇكى ئۇلار مۇسانى ئۆزلىرى ئۈچۈن كۆز نۇرى (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن دەپ بېقىۋالغان ئىدى. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىكى ھەقىقەتكە ئوخشايدۇ:

«ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر، ئۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (ئالئىمران،178).

ئاللاھ بۇ ئارقىلىق خەۋەر بەرگەن ھەقىقەت شۇدۇر: ئۇلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى تەرك قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا مۆھلەت بەردى، ئۇلارمۇ بۇ مۆھلەت ئىچىدە گۇناھلىرىنى كۆپەيتىۋالدى، دېمەكتە. ئاللاھ ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق بولغان تىلدا سۆزلىگەن. ئەرەب پەيلاسوپلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ:

ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ.

بۇ خۇددى خارابىگە ئايلىنىشى مۇقەررەر بولسىمۇ، ئىمارەت سېلىشقا ئوخشايدۇ.

(شائىر) بالىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈم، سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە خارابىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ھالبۇكى بالىلار ئۆلسۇن دەپ ئەمەس، ياشىسۇن دەپ بېقىلىدۇ. ئۆي-ئىمارەتلەرمۇ خارابىگە ئايلانسۇن دەپ ئەمەس، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياسىلىدۇ. ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئاللاھ ئۇنى ئەرەبلەرگە (ئەرەب

تىلدا) نازىل قىلدى، ئۇلارغا مەنىسىنى چۈشىنىدىغان ئۆزىنىڭ تىلىدا خىتاب قىلدى.

## «ئەگەر رەببىڭ خالىغان بولسا ھەممە ئادەم ئىمان ئېيتاتتى» دېگەن نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟

جاھىلىيەت داشقىللىقى قەدەرچى ئەقىل «ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى» دېگەن ئايەتنى ئالدىنقى بۆلۈمدە توختىلىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش بىر ئۇسۇلدا سۈيىئىستېمال قىلىپ، «ئاللاھ خالىغان كىشى ئىمان ئېيتىدۇ، ئاللاھ خالىمىغان كىشى ئىمان ئېيتمايدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ مەجرۇھ چۈشەنچىسىگە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئايەتلەرنى دەلىل كۆرسىتىدۇ.

ھالبۇكى «ئاللاھ خالىسا ئىدى» ئىبارىسى بىلەن باشلانغان ئايەتلەر قەدەرچى ئەقىل ئىگىلىرى ئىلگىرى سۈرگەننىڭ دەل ئەكسىچە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز تۆۋەندە قۇرئاندىكى ئاللاھ نىڭ خالىشىغا ئالاقىدار ئىشلىتىلگەن «مەشىئەت» پېئىللىرى قوللىنىلغان بەزى ئايەتلەرگە قاراپ باقايلى:

«ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز»(سەبەئ، 9).

«ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنىڭ كۆرۈپ چۈشىنىش قابىلىيىتىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەتتۇق، ئۇلار (ھايۋانلارغا ئوخشاش پادا پىسخىكىسى بىلەن) توغرا يولدىن (چىقىپ كېتىش ئۈچۈن) بەسلىشەتتى» (ياسىن، 66).

«ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى ئۆيلىرىدىلا سۈرىتى مۇبەددەل (يەنى مايمۇن، چوشقا ياكى تاش) قىلىۋېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن

ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى» (ياسىن، 67).

«ئەگەر خالىساق ئەلۋەتتە (ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش) ھەر قەۋمگە (ھازىرمۇ ئايرىم ھالدا) بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى ئەلچى) ئەۋەتەتتۇق» (فۇرقان، 51).

گەرچە «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى» شەكلىدە كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تېكىستىدە ئورۇن ئالمىغان بولسىمۇ، سۆزنىڭ تەقەززاسى بويىچە جۈملىنىڭ داۋامىنىڭ بارلىقىنى بۇ ئايەتلەر روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سوئال: «ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى» ئايىتىدە لەبزى شەكلىدە ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان، جۈملىنىڭ ئورامىدا داۋام قىلغان جۈملە قايسى؟

ئەلجاۋاب: «... بىراق ئاللاھ خالىمىدى» جۈملىسىدۇر.

شۇنداق، ئەگەر رەببىمىز خالىسا ئىدى، بۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئاسان ئىدى. بىراق رەببىمىز ئىرادە ۋە قۇدرىتىنى كەلسە - كەلمەس، خالىغانچە ئىشلەتمىدىغان رەب ئەمەستۇر. ئەكسىچە «سۈننىتى»، «قانۇنى»، «پرىنسىپى» ۋە «سىستېمىسى» بار بولغان رەبتۇر.

سوئال: ئەگەر بۇنى خالىمىغان بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا نېمىنى خالىدى؟

ئەلجاۋاب: ھىدايەت تېپىشنى ئارزۇ قىلغان (خالىغان) بەندىگە ھىدايەت بېرىشنى خالىدى. ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىگىنى ئېچىپ ئىچىگە ئىماننى سېلىشنىڭ ئورنىغا ھەممە كىشىگە بۇ توغرا يولنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بىر ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بەردى. بۇ ئاستىقۇرۇلمىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئەلچىلەر ۋە ۋەھيىلەرنى ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ نىڭ يول كۆرسىتىشى (ھىدايىتى)دۇر. ئەگەر ئىنسان ئاللاھ كۆرسەتكەن يولغا ماڭسا توغرا يولنى تاپالايدۇ. ئەكسىچە ئىش قىلسا ئاللاھ

نىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئىرادە قىلغان تەقدىرىنى رەت قىلغان بولىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆز تاللىشىنىڭ نەتىجىسىگە رازى بولۇشتىن باشقا چارىسى بولمايدۇ.

سوئال: ئايەتلەر بايان قىلغان بۇ ھەقىقەت ھەر قانداق بىر ساغلام ئەقىل ئىگىسى چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە ئېنىق تۇرسىمۇ، ئاللاھ نىڭ كالامىغا ئۇ مەقسەت قىلمىغان بىر شەيئىنى دېگۈزۈشكە ئورۇنغان بۇ قەدەرچى ئەقىلنىڭ قىلغان ئىشى يېڭىدىن شەكىللەنگەن بىر ئىشمۇ؟

ئەلجاۋاب: ياق، بۇ يېڭى بىر نەرسە ئەمەس. بۇ خىل ئەقىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبىنى بىر يەردە ئوقۇغانلىقىمىز ئېسىمىزگە كېلىدۇ. يەنى، قۇرئان نەقىل قىلغان جاھىلىيەت مۇشرىكلىرىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى:

ئۇلار: «مەرھەمەتلىك ئاللاھ خالىسا بىز ئۇلارغا چوقۇنمايتتۇق» دېدى.

بۇ توغرىلىق ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئاساسى (دەلىلى) يوق. ئۇلار پەقەت پادىغا ئوخشاش ئىش قىلىدۇ. (زۇخرۇف، 20).

مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا - بوۋىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە (ئاللاھ ھالال قىلغان) ھېچنەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەرمۇ تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنى) بۇ مەنتىق بىلەن (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى (ئەنئام، 148).

«سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار».

ھەر قانداق ئادەم: «ئاللاھ نىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (ئاللاھ نىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ پۇشايمان قىلىپ

قالماسلىغى ئۇچۇن ياكى «ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە مەسئۇلىيىتىنى بىلگەن ھالدا ئەمەل قىلغۇچىلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۇچۇن ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا مۇمكىن بولسا ئىدى (ئۇچاغدا ئاللاھ قا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۇچۇن (رەببىڭگە بويسۇنسۇن (قۇرئانغا ئەگەشسۇن))» (زۇمەر، 55 - 58).

ئازغۇنلۇق، زالالەت زۇلۇمدۇر. «ئاللاھ ئىنساننى ئازدۇردى» دېيىش ئەسلىدە ئاللاھ ئىنسانغا زۇلۇم قىلدى دېگەنلىكتۇر. بۇ بولسا ئاللاھ قا ئېغىر دەرىجىدە تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. بۇ بوھتانغا يەنىلا ئاللاھ ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ:

«ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى» (زۇخرۇف، 76).

«ئى ئىنسان، ساڭا يەتكەن ھەر ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن)ئۆزەڭدىندۇر» (نىسا، 79).

ئىمام ئەلبەسرى قۇرئان بەرپا قىلغان يۇقىرى مۇھاكىمە قابىلىيىتىگە ئىگە ئىدى. بۇ بۆلۈمدە ئەلبەسرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك يېتىشكەن بىر ئالىم ئىكەنلىگىگە شاھىت بولىدىغان بىر تىل تەھلىلى ئېلىپ بارغانلىقنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇ ئۆرنەك ھىجرى 1 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك بىر تابىئىن ئالىمنىڭ تەپسىر ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش نۇقتىسىدىنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئەلبەسرى ئابدۇلمەلىككە يازغان مەكتۇبىدا «ئاللاھ ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا خىتاپ قىلدى» دەپ ئەسكەرتىدۇ. بۇ ئەسكەرتىشنى ئابدۇلمەلىككە قاراتقانلىقىغا قارىغاندا ئابدۇلمەلىكنىڭمۇ رىسالىنىڭ ئاساسىي نىشانى بولغان قەدەرچى نەزىرىيىنىڭ تەرەپتارى

ئىكەنلىكى مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇستاز بۇ يەردە قەدەرچى ئەقىل سۇيىئىستېمال قىلغان ئايەتلەردىن بىرى بولغان ئەئراف سۈرىسى 179 - ئايەتنى تىلغا ئالىدۇ (مۇلاھىزە قىلىدۇ). چۈنكى قەدەرچىلەر بۇ ئايەتنىڭ باش قىسمىدىن بىر قىسقا جۈملىنى پارچىلىغۇچى مەنتىق بىلەن ئانا گەۋدىسىدىن يۇلۇپلا ئالىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش) ئۈچۈن ياراتتۇق». قەدەرچى ئەقىل بۇ ئايەتنى «ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جەھەننەملىك بولۇشى ئۇلارنىڭ قازايى - قەدەرى» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ چۈشەنچىنى تۈنجى بولۇپ رەت قىلغان ئايەت يەنىلا سۇيىئىستېمال قىلىنغان مەزكۇر ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمى بولۇپ، مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلارنىڭ دىللىرى بولغان بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغان بىلەنمۇ (ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا پادىغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھلىقتىدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر» (ئەئراف، 179). ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغان دىللىرى ھەقنى چۈشەنمەيدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇن ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئاقىۋەتتە جەھەننەمگە يول ئالغان.

ئىمام ئەلبەسرى «لەجەھەننەمە»دىكى «لام»غا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ ئايەتنى سۇيىئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغانلىقى ياكى بىلسىمۇ قەستەن بۇرمىلىغانلىقىنى ئىما قىلىدۇ. چۈنكى بۇ «لام» ئۇلار ئېيتقاندەك «تەئلىل (سەۋەب)»نى بىلدۈرىدىغان «لام» ئەمەس. بۇ «لام» «ئاقىۋەت لامى- لامۇلئاقىبەھ» يەنى ئاقىۋەتنى، كەلگۈسىنى بىلدۈرىدىغان «لام» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئايەتتىكى ئەمەلنىڭ ئىگىسىنى مەزكۇر قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلبەسىرى قەسەس سۈرىسىنىڭ 8 - ئايىتىدە ئورۇن ئالغان «لىيەكۇنە» دىكى «لام»نى ۋە ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 178 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان «لى يەزدادۇ»دىكى «لام»نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇلارغا ئەرەب شېئىرلىرىدىن بىر پاكىت ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاقىۋەتنى بىلدۈرىدىغان«لام»غا شېئىردىكى «لىل مەۋت» ۋە «لى خارابىدەھرى» ئىبارىلىرىدىكى «لام»لارنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

## تېكىست ۋە شەرھى

ويجادلون فى علم الله فيقولون قد علم الله من قوم الكفر فهم لا يستطيعون الايمان لان علم الله هو المانع فصار قولهم ان الله كلف عباده اخذ ما لا يقدرون على أخذه و ترك ما لا يقدرون على تركه والله تعالى يكذبهم بقوله: « لا يكلف الله نفسا الا وسعها »، وانما علم الله ان الكفر كائن منهم باختيارهم له واتباعهم اهواءهم ، فشّبهوا ذلك بما علم الله انهم ينتهون اليه من الطول والقصر و الصور والالوان التى علم الله انهم لا سبيل لهم الى تجاوزه ، وليس كذلك لان الطول والقصر والصور والالوان فعل الله بهم ، ليس لهم فيه تقديم اختيار ولا قدرة على تغييره ، والكفر علم الله انهم يختارونه باهواءهم وعلم انهم ان كرهوا تركوه وكانوا قادرين بما جعل فيهم من الاستطاعة ليبلوهم على الايمان و العدل.

كذلك السفينة التى خرقها الخضر علم الله انها لو مرت بالملك صحيحة اخذها غصبا علم انه اذا خرقها لم يأخذها وكذلك الغلام الذى قتله الخضر علم الله انه ان بقى ارهق ابويه طغيانا وكفرا وان قتل امن ابو[ا ]ه طغيانه و كفره وكذلك الجدار الذى اقامه الخضر علم الله انه [ان ]لم يقمه ضاع الكنز الذى تحته و علم انه ان اقامه بقى الكنز تحته حتى يبلغ الغلامان اشُدّهما ويستخرجا كنزهما رحمة من الله ثم قال [ل]موسى: « وما فعلته عن امرى »، لان الله اعلمنى ذلك وهوقوله: « وعلمناه من لدنا علما ».

وكذلك المنافقون الذين تخلفوا عن رسول الله( صلعم )علم انهم يتخلفون لبعد الشقة عليهم وعلم انه: « لو كان عرضا قريبا و سفرا قاصدا لاتبعوك ولكن بعدت عليهم الشقة و سيحلفون بالله لو استطعنا لخرجنا معكم يهلكون انفسهم والله يعلم انهم لكاذبون »، لانهم قد كانوا يستطيعون الخروج لو اراد[وا]

شۇنداقلا ئۇلار يەنە ئاللاھ نىڭ ئىلمىنىمۇ مۇنازىرە تېمىسى قىلىشىدۇ ۋە دەيدۇكى: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ نىڭ بىلىشى بۇنىڭغا توسالغۇ بولىدۇ». بۇ خىل چۈشەنچە مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: «ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىش، تەرك قىلالمايدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىگەن».

ھالبۇكى، ئاللاھ تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىدۇ: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۆزىگىدۇر» (بەقەرە، 286). دەرۋەقە، ئاللاھ كۇفرىلىقنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز تاللىشى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان. بىراق ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئىرادىلىرى سىرتىدىكى بويىنىڭ ئېگىز-پاكار بولۇشى، چىراي شەكلى، رەڭگى-رويى قاتارلىق قەتئىي ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئاللاھ نىڭ بىلىشىگە ئوخشىتىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككىسى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە شەيئىلەردۇر. چۈنكى ئېگىز-پاكار بولۇش، چىراي شەكىل ۋە رەڭگى-رويى قاتارلىقلار ئاللاھ نىڭ ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، ئاللاھ قانۇنىيەتكە باغلاپ قويغان يارىتىش ھەرىكىتىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ھېچكىم بۇ خىل شەيئىلەرنى ئەركىن ئىرادىلىرى بىلەن تاللاش ۋە ئۆزگەرتىش كۈچ قۇدرىتىگە ئىگە ئەمەس. كۇفرىلىققا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋەس، نەفسى-خاھىشى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ئەگىشىپ كۇفرىنى تاللىغانلىقىنى بىلىدۇ ھەم شۇنداقلا ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرىنى يامان كۆرگەن تەقدىردە، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ نىڭ ئۆزلىرىنى ئىمان ۋە ئادالەت توغرىسىدا سىناش ئۈچۈن بەرگەن (تاللاش ھوقۇقى)نى ئىشلىتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

خېزىر تېشىۋەتكەن كېمىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ كېمە پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايۇنغا ئەيىپ - نۇقسانسىز ھالدا يېتىپ بارغان بولسا، پادىشاھنىڭ كېمىنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلەتتى. خېزىر ئۆلتۈرگەن ياش بالىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ئانىسىغا بويۇنتاۋلىق ۋە نانكورلۇق قىلىپ ئاسيي بولىدىغانلىقىنىمۇ

ئاللاھ بىلەتتى. بىراق ئۇ ئوغۇلنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاتا ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ شەررىدىن خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. خېزىرنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان تامنى ئوڭشاپ قويۇشىمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش. ئاللاھ ئەگەر خېزىر تامنى ئوڭشاپ قويمىسا، تامنىڭ ئاستىدىكى بايلىقنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىپ زايا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بىراق ئۇ تامنى ئوڭشىغاندا ھېلىقى ئىككى گۈدەك بالىنىڭ ئاللاھ نىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇ بايلىقنى چىقارغۇدەك بولغانغا قەدەر ئۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. خېزىر (سالىھ بەندە) مۇساغا مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشلارنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) ئۆز خاھىشىم بىلەن قىلغىنىم يوق» (كەھف، 82). چۈنكى ئاللاھ بۇنى ماڭا بىلدۈردى: «دەرگاھىمىزدىن بىر ئىلىم ئۆگىتىلگەن (بېرىلگەن) بەندە...» (كەھف، 65).

شۇنىڭدەك ئاللاھ رەسۇلى بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقمىغان مۇناپىقلارغا يول مۇشەققىتىنىڭ ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن قېتىلمايدىغانلىقىنى ئاللاھ بىلەتتى. ئاللاھ يەنە شۇنىمۇ بىلەتتى:

ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىمەت ۋە (يىراق بولمىغان) ئوتتۇرىھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى، لېكىن بۇ ئۇلارغا يىراق بىلىندى.

ئۇلار قەسەم ئىچىپ: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق ئەلۋەتتە چىقاتتۇق» دەيدۇ.

ئۇلار ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىپ ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ (تەۋبە،42).

چۈنكى ئۇ مۇناپىقلار ئىرادىلىرىنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىش تەرەپكە ئىشلەتكەن بولسا چوقۇم سەپەرگە چىقالايتتى.

## ئۇلار ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى (بىلىشنى) مۇنازىرە تېمىسى قىلىشۋالدۇ

ھەسەن ئەلبەسرى مەكتۇبىدا قەدەرچى (جەبىرچى)لەر ئەڭ كۆپ سۈيىئىستېمال قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان «ئاللاھ نىڭ ئىلمى» تېمىسى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، بۇ تېمىنىمۇ ئايەتلەرنى دەلىل كۆرسەتكەن ئاساستا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

ئۇ قۇرئاننى ئاساس قىلىپ ئالدى بىلەن شۇ ئۇنىۋېرسال پرىنسىپقا كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» (بەقەرە، 286). بىرسى چىقىپ «ئاللاھ نىڭ ئىلمى» بىلەن «ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى» قارىمۇقارشى قىلىپ سوقۇشتۇرسا، ئەسلىدە بۇ ئىش دەل «ئىنسانغا تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشنى ئارتىپ قويغانلىق» بولىدۇ. بۇ ئىنسانغا زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. شۇنىڭغا ئوخشاشلا يەنە بىرى چىقىپ «ئاللاھ نىڭ بۇيرۇقى» بىلەن «ئاللاھ نىڭ ئىلمى»نى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇپ سوقۇشتۇرسا، بۇمۇ ئاللاھ قا بۆھتان چاپلىغانلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم قاتىللىق جىنايىتى سادىر قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورالغاندا، «ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى» سەۋەب كۆرسىتىپ «ئاللاھ بۇنى ئىلمى ئەزەلى بىلەن بىلەتتى» دېدى.

ئىمام ئەلبەسرى ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى سۈيىئىستېمال قىلغان بۇ قاتىلغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئاللاھ سېنىڭ ئاچچىغىڭغا ئەسىر بولغان ۋاقتىڭدا ئۇ ئادەمنى

ئۆلتۈرىدىغانلىقىڭنى بىلەتتى»، بۇ توغرا. شۇنىڭدەك يەنە شۇ ئاللاھ سىبنىڭ ئاچچىغىڭنى بىسۇۋالغان ۋاقتىڭدا ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىڭنىمۇ بىلەتتى». بۇمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش توغرا. ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ نىڭ ئىلمىدۇر.

ئەمدى قاتىلدىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سوراپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ:

1. سەن جىنايەتنى سادىر قىلغان ۋاقتىڭدا «ئاللاھ نىڭ ئىلمى مۇشۇنداق بولغاندىكىن مەنمۇ ئاللاھ نىڭ ئىلمىغا مۇناسىپ ھالدا ئىش تۇتۇپ بۇ جىنايەتنى سادىر قىلاي دېگۈدەك دەرىجىدە ئاللاھ نىڭ ئىلمىدىن خەۋەردارمىدىڭ؟ بىر تەرەپتىن قاتىل بولىدىغانلىقىم راست، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى ئەمىلىيەتكە ئايلاندۇرغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنىشكە لايىقمەن» دېمەكچىمۇ؟

2. ئەگەر مۇشۇنداق دېمەكچى بولساڭ ئۇنداقتا سادىر قىلغان جىنايىتىڭنى ئۆزەڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەن «ئاللاھ نىڭ ئىلمى»گە ئارتىپ قويغان بولىسەن. ئەمما ئاللاھ نىڭ ئەمرى بىگۇناھ جانغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ئىدى. سەن بۇ چۈشەنچەڭ ئارقىلىق «ئاللاھ نىڭ ئەمىر - پەرمانى» بىلەن «ئاللاھ نىڭ ئىلمى»نى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلمايۋاتامسەن؟ ئاللاھ نىڭ ئەمرى بىلەن ئاللاھ نىڭ ئىلمى قانداقمۇ بىر - بىرىگە زىت كەلسۇن؟ بۇ تەرەپنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

3. بۇ خىل چۈشەنچە بىلەن ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى «بولدى، تۈگىدى ھالغا» چۈشۈرۈپ قويىدۇڭ. ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى ئۆزەڭنىڭ كىچىككىنە دۇنيارىڭدا «بولدى، تۈگىدى ۋە شۇنداق يۈزبەرگەن» دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش ماھىيەتتە ئاللاھ نىمۇ ئۆزەڭگە ئوخشاش دەپ ئويلىغانلىقىڭنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ نى ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈرگەن كىشى ئۆزىنىڭ نەپسىنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. «ئاللاھ نىڭ ئىلمىگە ئىمان» نامى

ئاستىدا بۇنچىۋالا كۆپ ئىنكارنى بىر يەرگە جەم قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

4. ھۆر ئىرادەڭ ئارقىلىق ئۆزەڭ تاللاپ قىلغان ئىشىڭغا «ئاللاھ نىڭ ئىلمى»نى باھانە قىلدىڭ دەپمۇ تۇرايلى، ئۇنداقتا «ئاللاھ نىڭ ئامانىتى» بولغان ئىرادىنى قانداق چۈشەندۇرىسەن؟ ئىرادە ئاللاھ نىڭ ئىنساننى ئىنسان قىلغان ئەڭ چوڭ ئامانىتىدۇر. سەن بىلمىگەن ھەمدە بىلىش ئىمكانىيىتىڭمۇ بولمىغان، ساڭا تەۋەمۇ بولمىغان «ئاللاھ نىڭ ئىلمى»نى سۇيىئىستېمال قىلىشنى سەن بىلىدىغان، بىلەلەيدىغان ۋە ئىشلىتەلىشى ساڭا ئائىت بولغان «ئاللاھ نىڭ ئىرادە ئامانىتى»گە خىيانەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

5. ئى ئاللاھ نىڭ ئەمرى بىلەن ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى قارىمۇقارشى قىلىۋالغان ئىنسان! ئالدىڭدا ئىككى يول بار ئىدى. سەن بىرىنى تاللىدىڭ ۋە ئۇ يولدا ماڭدىڭ، ئاخىرىدا بۇ نەتىجىگە ئېرىشتىڭ. ئاللاھ نىڭ ئىلمىنىڭ بۇنىڭغا يېتىدىغانلىقىنى بىلىسەن. ئۇنداقتا ئاللاھ ئامانەت قىلغان ئىرادە بىلەن يەنە بىر يولنى تاللىغان بولساڭ ۋە ئۇ يولدا ماڭغان بولساڭ ھەمدە بۇرۇن ئېرىشكەن نەتىجىدىن باشقىچە بىر نەتىجىگە ئېرىشكەن بولساڭ ئاللاھ ئۇنى بىلمەمتى؟ سەن مۇشۇنداق دېمەكچىمۇ؟ سەن ئاللاھ نىڭ چەكسىز، زاماننىڭ سىرتىدا، ماكاننىڭ تېشىدا بولغان مىسلىسىز ئىلمىنى زامانغا، ماكانغا ۋە مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەرگە مەھكۇم قىلىپ قويۇپ، ئەسلىدە ئاللاھ نىڭ ئىلمىگە ئىشەنگەندەك قىلىپ ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتامسەن؟

ئەقلىنى قۇرئان بىلەن شەكىللەندۇرگەن ھەر مۆئمىن ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش «ئاللاھ نىڭ ئىلمى» دېيىلگەندە، ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ ئەقلىگە دەرھال «ئىنساننىڭ ئىرادە

ھەرىكەتلىرى» كەلمەيتتى. «ئاللاھ نىڭ ئىلمى» دېيىلگەندە، ئەقىلگە ئەڭ باشتا ئىنساننىڭ ئىرادىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان قىلمىشلىرى كەلگەن كىشىنىڭ ئەقلى تەتۈر ئىشلەۋېتىپتۇ دېگەنلىكتۇر. ئەقلى تەتۈر ئىشلەيدىغان بىرسىدىن بىر مەسىلىنى توغرا شەكىلدە چۈشىنىش توغرا شەكىلدە بىلىپ يېتىش ھەتتا توغرا سوئال سورىشىنى تەمە قىلىش ھاماقەتلىكتۇر.

## ئاللاھ نىڭ مەئىشەتى (يارىتىشى) بەندىنىڭ ئىرادىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

ئىنساننىڭ ئىرادىسى ئاللاھ نىڭ كۈللى ئىرادىسىدىن بىر پارچىدۇر. پۈۋلەنگەن روھ ئارقىلىق ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن ئىرادە مەنسۇپ بولغان ئىلاھىي قانۇنلار بار. بۇ قانۇنلارنى ئاللاھ بەلگىلىگەن. ئىنسان ئىرادىسى «سۈننەتۇللاھ» دەپ ئاتالغان ئۆزگەرمەس ۋە بۇزۇلماس قانۇنلار ئاساسىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ قانۇنلارنىڭ يەنە بىر ئىسمى «ئەمىر»دۇر.

ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ نىڭ ئىلمى ئىرادە مەنسۇپ بولغان ئىلاھى قانۇنلارنى كۆرستىدۇ.

«ئاللاھ نىڭ ئىلمى» مەسىلىسىنى «ئاللاھ نىڭ سۈننىتى» مەسىلىسىدىن خالىي ھالدا چۈشىنىش ئاللاھ نى بىلمىگەنلىكى، ياخشى تونۇپ يەتمىگەنلىكى ۋە چۈشەنمىگەنلىكتۇر. بۇنداق بىرسىگە ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرى پايدا قىلمىغاندەك ھەر قانداق نەرسە پايدا قىلمايدۇ.

ئىرادە مەنسۇپ بولغان قانۇنلارنىڭ ئاچقۇچى «تاللاش»تۇر. تاللاش، يەنى «ئىختىيار قىلىش»تۇر. ئىرادىنى ئامانەت قىلغان ئاللاھ ئۇنى ئىشلەتكەن ھەر ئىنساننى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ئاللاھ ئىنساننى ئىرادىگە مەھكۇم ۋە مەجبۇر قىلغان بولۇپ،

ئىرادىنىڭ ئالدىدىكى تاللاشتىن ھەر قانداق بىرسىگە مەجبۇر قىلمىغان. ئىرادە ئاللاھ ئىنسان ئۈچۈن بەلگىلىگەن قەدەردۇر (تەقدىردۇر). ئىرادىنى ئىنسانغا قەدەر قىلغان ئاللاھ نىڭ ئىرادە بەرگەندىن كېيىن، ئىنسانغا بەرگەن ئىرادىنىڭ ئالدىدىكى ھەر قانداق تاللاشتىن بىرسىگە ئىنساننى مەجبۇر ۋە مەھكۇم قىلىشى ئوڭ قولى بىلەن بەرگەننى سول قولى بىلەن ئېلىۋالغانلىقتۇر. بۇ بىر تەرەپتىن سەن ئەركىن دەپ، يەنە بىر تەرەپتىن قولىنى پۇتىغا باغلاپ قويغانلىقتۇر. بۇ، ئاللاھ قا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. ئەگەر بۇنداق بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا ئىنسان مەسئۇل ئەمەس، مەجبۇر بولاتتى. ھالبۇكى، ئىنسان مەجبۇر بولغان ئىشتىن مەسئۇلىيەت سورۇۋشتە قىلغىلى بولمايدۇ. مەسئۇل قىلىنغان ئىشتا مەجبۇرىيەت بولمايدۇ.

ئاللاھ بىر تەرەپتىن ئىرادىگە تاللاش قابىلىيىتى بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن توغرىنى تاللىيالىشى ئۈچۈن توغرا يولنى كۆرسەتكەن. ئەلچىلەر ۋە ۋەھىيلەر بۇ سەۋەبتىن ئەۋەتىلگەن. قۇرئان ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ بۇ مەقسەت بىلەن ئەۋەتىلگەن. مىڭلىغان ئايەت ئىنسان ئىرادىسىگە توغرىنى تاللاشنى ئۆگىنىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانغا ئامانەت قىلغان ئىرادىنىڭ رولىنى بەرگەن ئىرادىنى كېرەكسىز ھالغا كەلتۈرسە، بۇ، «قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىش ۋە ئەلچىنىڭ ئەۋەتىلىشىنىڭ ھېچقانداق بىر مەنىسى، ئەھمىيىتى يوق» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەر مۇئمىن ھەر كۈنى نامازنىڭ ھەر رەكەتىدە تەكرارلىغان «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دۇئاسىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغان، ھەر خىل دەۋەت پائالىيىتى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئىلاھىي ئەمىرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بۇلارنىڭ

ئەھمىيىتى بولمىسا، ئادالەت ۋە زۇلۇم، شەپقەت ۋە ۋەھشەت، ئىتائەت ۋە ئىسيان، ئىمان ۋە ئىنكار، ياخشى ۋە يامان، توغرا ۋە خاتا، ھەق ۋە باتىلنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى قالمايدۇ. بۇلارنىڭ پەرقى قالمىغاندا مۇكاپات ۋە جازا، جەننەت ۋە جەھەننەم، ئىجاتلىق ۋە ھالاكەتنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ھاشا ۋە كەللا (تەۋبە ۋە ياق، ئۇنداق ئەمەس). قايسى بىر مۇئمىن مۇشۇنداق دېيەلەيدۇ؟

## تېكىست ۋە شەرھىيسى

ويجادلون في قوله: « ما اصابك من حسنة فمن الله وما اصابك من سيئة فمن نفسك »، « قل كل من عند الله فما لهؤلاء القوم لا يكادون يفقهون حديثا »، فيفسرون ذلك برأيهم فى الطاعة والمعصية ويزعمون ان الكفر والفسق و العصيان والظلم و الجور والبهتان و جميع الفواحش كلها من عند الله وليس كذلك ، لكن المنافقون اذا اصابهم الله[ ببعض ] ما يحبون من خصب المعيشة وصحة الابدان وشبه ذلك قالوا هذا[ من]عند الله واذا اصابهم ببعض ما يكرهون من ضيق المعيشة ومشقة الابدان او جدوبة الارض اونقص فى الحرث و النسل قالوا هذا من مُحَمَّد( صلعم)قال الله تعالى: « قل كل من عند الله »، اى كل يفعله الله.

ويجادلون فى قصة نوح وفى قوله: « ولا ينفعكم نصحى ان اردت ان انصح لكم ان كان الله يريد ان يغويكم هو ربكم و اليه ترجعون »، فيتأولون ذلك بجهلهم ان نوحا لبث فى قومه الف سنة الا خمسين عاما

يدعوهم الى الله تعالى وينصح لهم وهو لا يدري أنافعهم إجابتهم إياه و قبولهم نصحه أم غير نافعهم ذلك وهو لا يدرى مع ذلك هل جعل الله لهم السبيل الى قبوله ام لم يجعل لهم اليه سبيلا ، وليس ذلك كما تأولوه ولكن نوحا جادل قومه حتى برموا جداله فقالوا: « يا نوح قد جادلتنا فأكثرت جدالنا فأتنا بما تعدنا ان كنت من الصادقين »، فقال لهم نوح: « انما يأتيكم به الله ان شاء وما انتم بمعجزين »، [ يعنى ما انتم بناجين من عذابه ان اتاكم ولا بممتنعين منه « ولا ينفعكم نصحى « حينئذ » ان اردت ان انصح لكم »، عندحلول العذاب بكم، وقد علم نوح عليه السلام ان العذاب اذا نزل بهم وعاينوه لم ينفعهم الايمان عند ذلك وقد بيّن الله تعالى فى الامم التى اهلكهم بقوله: « فلم يك ينفعهم ايمانهم لما رأوا باسنا سنة الله التى قد خلت فى عباده وخسر هنالك الكافرون »، فهذه سنة الله لا يقبل التوبة عند معاينة العذاب ، واما قوله: « ان كان الله يريد ان يغويكم هو ربكم و اليه ترجعون »، فانما يعني بالغى فى هذا الموضع العذاب وهو قوله تعالى: « فخلف من بعدهم خلف اضاعوا الصلاة واتبعوا الشهوات فسوف يلقون غياً »، اى عذابا اليما وقد تقول العرب لقى فلان اليوم غيا اى ضربه الامير ضربا شديدا او عذبه عذابا اليما].

ئۇلار يەنە ئاللاھ نىڭ بۇ كالامىنىمۇ مۇنازىرە قىلىشىدۇ: «(ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق ئاللاھ تىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر» (نىسا، 79).

ئېيتقىنىكى، «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تىن!». لېكىن بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى چۈشەنمەيدۇ؟ (نىسا، 78).

ئۇلار بۇ ئايەتلەرنى ئۆزىنىڭ نەزىرىيىسىگە مۇۋاپىق دەپ (ياخشىلىقنى) ئىتائەت، (يامانلىقنى) ئىسيان دەپ تەپسىر قىلىدۇ ۋە ئىنكار، ئازغۇنلۇق، زۇلۇم، ھەقسىزلىق، تۆھمەت ۋە بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. ئەمما ئايەتنىڭ (دېمەكچى) بولغىنى بۇ ئەمەس. بۇ ئەسلىدە مۇنداق:

مۇناپىقلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان باياشاتچىلىق، سالامەتلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نېئمەتلەر يەتكەندە، «بۇ ئاللاھ تىن» دەيتتى. لېكىن ئۆزلىرىگە بىرەر قەھەتچىلىك، كېسەللىك، مال - مۈلۈك ياكى پەرزەنتلىرىدىن كېمىيىپ كېتىش قاتارلىق مۇسىبەتلەر يەتكەندە، «بۇ مۇھەممەد سەۋەبىدىن بولدى» دەيتتى. جانابى ئاللاھ (ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى رەت قىلىش ئۈچۈن) مۇنداق دېدى:

ئېيتقىنىكى، «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تىن!» (نىسا، 78). يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ نىڭ يارىتىشىدۇر، (سىنىقىدۇر).

ئۇلار يەنە، نۇھ قىسسىسىدىكى شۇ ئايەتنىمۇ مۇنازىرە تېمىسى قىلىۋالىدۇ:

«مەن سىلەرنىڭ پايداڭلارغا نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر» (ھۇد، 34).

ئۇلار بۇ ئايەتنى جاھالىتى سەۋەبىدىن مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «نۇھ، قەۋمىنىڭ ئىچىدە 950 يىل ياشىدى. ئۇلارنى ئاللاھ قا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى. نۇھ ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە

قـۇلاق سـېلىپ نەسـىھەتـىنى قوبـۇل قىلـىشـىنـىڭ ئۇلارغـا پايدىلىق بولغان بولمىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دەۋىتىنىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا يول قويمىدۇ قويمىدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيتتى».

ھالبۇكى، مەسىلە ھەرگىزمۇ ئۇلار ئىزاھلىغاندەك ئەمەس. ئەسلى مۇنداق:

نۇھ، قەۋمى ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ قا دەۋەت قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلار بۇ كۈرەشتە مەغلۇپ بولۇپ نۇھقا مۇنداق دېدى: «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلىشىپ خېلى ھەددىڭدىن ئاشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى (ھۇد، 32).

نۇھ ئۇلارغا: «ئۇنى پەقەت ئاللاھ خالىسىلا چۈشۈرەلەيدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېدى (ھۇد، 33).

يەنى، ئەگەر ئازاب چۈشۈپ قالسا، ئاللاھ نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

«(ئۇ چاغدا) مەن سىلەرنىڭ پايداڭلارغا نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر» (ھۇد، 34). يەنى، ئازاب يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا... نۇھ ئەلەيھىسسالام ئازاب ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق بىر پايدىسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ھالاك قىلىنغان ئۈممەتلەر ئىچىدە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېمەكتە:

«بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا بىر پايدىسى بولمىدى، بۇ ئاللاھ نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولى (سۈننىتى)دۇر. بۇ چاغدا ئىنكار قىلىشنى ئۆزگە

خاراكتېر قىلمىشلىغانلار زىيان تارتقۇچى بولىدى» (غافىر / مۆئمىن، 85).

بۇ ئاللاھ نىڭ سۈننىتى ۋە قانۇنىدۇر. ئازاب يېتىپ كەلگەندە قىلىنغان تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ.

ئاللاھ نىڭ بۇ ئايىتىگە كەلسەك: «مەن سىلەرنىڭ پايدالىقلارغا نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر» (ھۇد، 34). بۇنىڭغا ئاساسەن «ئەل غاي» كەلىمىسى ئارقىلىق «ئازاب» ئىما قىلىنغان. خۇددى تۆۋەندىكى ئايەتتىكىگە ئوخشاش:

«ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق بىر نەسىل كەلدىكى، ئۇلار ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتتى ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار كېلەچەكتە قاتتىق جازالىنىدۇ» (مەريەم، 59). [يەنى، «قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچىدە بەزىدە پالانچى بۈگۈن غايىغا چۈشتى» دېيىلىدۇ. بۇ «باشلىق پالانچىنى قاتتىق دۇمبالىدى» ۋەياكى «بېرىلگەن قاتتىق جازا بىلەن ئېچىنارلىق بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ].

## ئىسمى «خەير (ياخشىلىق)» بولغان ئاللاھ تىن «شەر (يامانلىق)» ئەمەس، «خەير» كېلىدۇ

ئىمام ئەلبەسرى قەدەرچىلەرنىڭ يامانلىقنى ئاللاھ قا نىسبەت قىلغانلىقنى ھەمدە بۇ نەزىرىيىسى ئۈچۈن شۇ ئايەتنى «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر)» (نىسا، 78) دەلىل كەلتۈرۈپ، مەزكۇر ئايەتنى سۈيئىستېمال

قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ ئاستىدا ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ مەسىلىگە پارچىلاپ قاراش مەنتىقىسى ياتماقتا.

ئىمام بۇ مەنتىقىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ئايەتنىڭ داۋامىدىكى «(ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلى) ئۆزەڭدىندۇر» (نىسا، 79) دېگەن ئايەتكە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. ئەسلىدە جاھىلىيەت قالدۇقى بولغان ئەمەۋى قەدەرچىلىكىنىڭ سۈيىئىستېمالىدىن نېسىۋىسىنى ئالغان نىسا سۈرىسى 78 - ئايىتىنى قۇتۇلدۇرۇشقا نىسا سۈرىسى 79 - ئايەتنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلاتتى. بىراق ئەلبەسرى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر مەلۇماتنىمۇ نەقىل قىلغان. بۇ سەۋەبى نۇزۇل رىۋايىتى بۇ ئىككى ئايەتنىڭ (78 ۋە 79) ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىقتەك كۆرۈنىدىغان مەسىلىنىمۇ تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىدۇ.

ئىمام ئەلبەسرى يۇقىرىدىكى مەنتىقە بىلەن ھەزرىتى نۇھقا مۇناسىۋەتلىك سۈرە ھۇد 34 - ئايەتنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان مەسىلە ئۈستىدىمۇ توختالغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە كۆرۈلمىگەن بىر ئىلمىي ئۇسلۇب بىلەن بۇ ئايەتنىڭ بۆرمىلىنىشىنى يەنە قۇرئان نۇقتىسىدىن يولغا چىقىپ بىتچىت قىلىدۇ. قەدەرچى مۇخالىپلىرى ھۇد سۈرىسىنىڭ 34 - ئايىتىدىكى «يُغْوِيَكُمْ - يۇغۋىيەكۇم (ئۇ سىلەرنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئازدۇرىدۇ)» ئىبارىسىنى ئايەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن يۇلۇپ ئېلىپ «ئىنساننى گۇمراھ قىلغان، ئازدۇرغان ئاللاھ تۇر» دېيىشكە ئۇرۇنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىبارىنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ قايتا ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئالدىمىزغا «ئەگەر

سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان بولسا ئىدى» دېگەن بۇ جۈملىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى تەئەججۈپ ئىچىدە كۆرىمىز. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار بىلەن ئىشلىتىلگەن ئىلاھى ئىرادە بىلەن ئالاقىدار ئايەتلەر (بۇ يەردىكىگە ئوخشاش) «ئاللاھ نىڭ بۇ ھەقتە شۇنداق قىلىشنى خالايدىغانلىقى»نى ئەمەس، دەل ئەكسىچە «خالىمايدىغانلىقىغا» دەلىل سۈپىتىدە كىتابىمىزنىڭ «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى ھەممە ئادەم ئىمان ئېيتاتتى» دېگەن نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ دېگەن قىسمىدا مۇلاھىزە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن قايتا توختالمايمىز.

سوئال: ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ «ياخشىلىق ۋە يامانلىق» ھەققىدىكى كۆز قارىشى قانداق؟

ئەلجاۋاب: ئەلبەسرى ياخشىلىقنىڭ ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنىدىغانلىقى، يامانلىقنىڭ بولسا ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. ئۆزىمۇ بىر ئالىم بولغان تالىبى قەتادە ئۇستازى ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان:

ياخشىلىق قەدەردۇر، يامانلىق قەدەر ئەمەستۇر (ئىبنى ھاجەر، تەزھىب، 270/2). قەدەر رىسالىسى ماھىيەتتە باشتىن ئاخىر بۇ نەزىرىيىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر تېكىست سۈپىتىدە ئالدىمىزدا تۇرماقتا. ئىمام ئەلبەسرىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى «كالام»غا ئەمەس، قۇرئانغا تەڭلەپ باققان ۋاقتىمىزدا، قۇرئان بۇ كۆز قاراشنى تەستىقلايدۇ.

سوئال: «سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر» (بەقەرە، 261) ئايىتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئەلجاۋاب: ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى سىزنىڭ ياقتۇرۇش ياقتۇرماسلىقىڭىز بەلگىلىمەيدۇ. سىزنىڭ بىر نەرسە ھەققىدە «ياخشى» ياكى «يامان» دېيىشىڭىز ئۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ پەقەت سىزنىڭ مۇلاھىزىڭىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بەندە ئايروپىلان بىلەن سەپەر قىلىمەن دەپ كېتىۋېتىپ يولۇققان قاتناش ۋەقەسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئۆزىدە «يامانلىق» دەيدۇ، ئۇ ئۇلگۇرەلمىگەن ئايروپىلاننىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەزكۇر قاتناش ۋەقەسىنى «ياخشىلىق» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئاللاھ تىن ئۆزگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. سىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە ياكى يامانلىق دېگىنىڭلارغا ئەگەر ئاللاھ ئۇنداق دېمىگەن بولسا، بۇ چاغدا سىلەردىن سادىر بولغان بىر مەسىلە بار دېگەن گەپ. سىز باھا بېرىشنى بىر ياقتا قويۇپ تۇرۇپ، ۋەقە - ھادىسىلەرگە قارايدىغان «نەزەر» دائىرىڭىزنى توغرىلاڭ! بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ «نەزەر تاشلا» دېگەن نۇقتىدىن ۋەقە - ھادىسىلەرگە قاراشنى ئۆگىنىڭ.

ئاللاھ «نەزەر تاشلا» دېگەن يەر ۋەھىيدىن باشقىسى ئەمەس.

## قۇرئان ئاللاھ قا «شەر» نى ئەمەس، «خەير» نى نىسبەت قىلىدۇ

ئەمدى نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ زېھنىدە مۇجمەل بولغان يامانلىق (شەر) توغرىسىدا ئەقلىمىزنى تاھارەت ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ كەرىم كىتابىنىڭ بۇ ھەقتە نېمىلەرنى ئېيتقانلىقىغا قاراپ باقايلى.

ياخشىلىق (خەير) ئاللاھ نىڭ قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان ئىسمىدۇر. قۇرئاندا خەير (ياخشىلىق) 20 نەچچە ئايەتتە ئاللاھ قا قارىتىلغان ۋە ئېنىقلىغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. بىراق شەر كەلىمىسى 30 يەردە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما

ھېچبىر يەردە ئاللاھ قا نىسبەت ۋە سۈپەت قىلىپ ئىشلىتىلمىگەن. تۆۋەندە بۇلارنى بىرمۇ - بىر كۆرۈپ چىقايلى:

1. يامانلىق ئىنساننىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە باغلانغان:
«سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرىشىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر (يامانلىقتۇر)» (بەقەرە، 216).

«ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالا - چاقىلىرىغا ) خەيرلىك دۇئا قىلغاندەك (ئاچچىغى كەلگەندە) شەرنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر» (ئىسرا، 11).

2. يامانلىق ئىنساننىڭ بېخىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك:
«ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل-مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىق ( يامانلىق )تۇر» (ئالئىمران، 180).

3. يامانلىق مۇئەييەن ئىگىگە قارىتىلماستىن ئابستراكت ھالدا ئىشلىتىلگەن: «ئىنسانغا (تۈرلۈك نېئمەتلەرنى) بەرسەك، ئوتتۇرىغا مۇساپە قويۇپ يىراقلىشىدۇ ۋە (مەسئۇلىيەتتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر شەر (كۆڭۈلسىزلىك) يەتسە مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ» (ئىسرا، 83).

«ئىنسان (ئۆزىگە) ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر شەر (يامانلىق) يېتىپ قالسا تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ» (فۇسسلەت، 49).

«ئىنسانغا نېئمەت ئاتا قىلساق يۈز ئۆرۈيدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر شەر (يامانلىق) يەتسە يالۋۇرۇپ ئۆزلۈكسىز دۇئا قىلىشقا باشلايدۇ» (فۇسسلەت، 51).

«ئىنسان ھەقىقەتەن سەبىرسىز يارىتىلدى، ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق

يەتكەن چاغدا ئۇنى ھەممە كىشىدىن قىزغانغۇچىدۇر» (مەئارىج، 19 - 21).

4. يامانلىق جەھەننەمگە نىسبەت قىلىنغان: «ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ شەر بولغاننى (يامانراقىنى) ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ دوزاختۇر، ئاللاھ ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى، ئۇلار قايتىپ بارىدىغان جاي نېمە دېگەن يامان!» (ھەج، 72).

«بۇ (ھەقىقەتتۇر) كاپىرلارنى (ھەددىنى بىلمەس ئازغۇنلارنى) (ئاخىرەتتە) ھەقىقەتەن ئەڭ شەر (يامان) جاي كۈتۈپ تۇرماقتا» (ساد، 55).

5. يامانلىق، ئىگىسى نامەلۇم شەكىلدە كەلگەندە، ئۇنىڭ قارىمۇقارشىسى بولغان رۇشد (ياخشىلىق) رەبكە قارىتىلغان: «بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، ھەقىقەتەن بىز (غەيبنى) بىلمەيدىكەنمىز. (مەسىلەن) زېمىندىكىلەرگە شەر (يامانلىق) ئىرادە قىلىنىدىمۇ ياكى رەببى ئۇلارنى رۇشد (توغرا) يولغا يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلدىمۇ؟ (بۇ بىزگە نامەلۇم)» (جىن، 10).

6. يامانلىق ھەممىگە مەلۇم بولغان ياخشىلىق سۆپىتىدە مۇستەقىل ۋە مەجھۇل ئىسىم ھالىتىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئايەت ھەزرىتى ئائىشەگە چاپلانغان بۆھتان ھەققىدە بولۇپ: «بۇ سىلەرگە يەتكەن يامانلىق (شەر) دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئەكسىچە بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر» (نۇر، 11).

7. يامانلىق ئازغۇنلۇقنى تاللىۋالغانلىقى ئۈچۈن بىۋاستە ھالدا ئىنسانغا نىسبەت قىلىنغان: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامانلىق قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» (زەلزەلە، 7 - 8).

8. يامانلىق يەھۇدىيلەشكەن بەنى ئىسرائىلغا قارىتىلغان: «ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ يامانىدۇر (يەنى دوزاختۇر)، توغرا يولدىن ئەڭ كۆپ ئاداشقانلار مانا بۇلاردۇر» (مائىدە، 60).

9. يامانلىق ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەقىقەتكە قارىتا كور ۋە گاس مۇئامىلىدە بولغانلارغا نىسبەت قىلىنغان: «شۈبھىسىزكى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى (ھەقىقەتنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقىقەتنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، ياخشى يامانىنى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر» (ئەنفال، 22).

10. ياماىنلىق ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ نانكورلۇق قىلىۋاتقانلارغا نىسبەت قىلىنغان: «ئاللاھ نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدۇ» (ئەنفال، 55).

11. ياماىنلىق جەھەننەملىك كىشىلەرگە نىسبەت قىلىنغان: «ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ يامىنىدۇر» (بەييىنە، 6).

12. ياماىنلىق ھەزرىتى يۇسۇپنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىگە ئورا كولىغان قېرىنداشلىرىنىڭ قىلمىشىغا نىسبەت قىلىنغان: «يۇسۇف (ئىچىدە) سىلەرنىڭ مەۋقەيىڭلار ئەڭ ياماندۇر، دېدى» (يۇسۇف، 77).

13. ياماىنلىق ئاللاھ نىڭ زاتىدىن نەفيي قىلىنىپ، ئازغۇنلۇقنى تاللىۋالغان ئادەمنىڭ جەھەننەمدىكى ئەھۋالىغا نىسبەت قىلىنغان: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، كىمكى گۇمراھلىقتا بولىدىكەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ، تاكى ئۇلار ئازاب ۋە قىيامەتتىن ئىبارەت ئاللاھ ئۇلارغا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئاندىن كىمنىڭ ئورنى يامان ۋە كىمنىڭ لەشكىرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ» (مەريەم، 75).

«ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇندۇر» (فۇرقان، 34).

14. ياماىنلىق بىۋاستە ھالدا ھېساب كۈنىگە نىسبەت ۋە سۈپەت قىلىنىدۇ: «ئۇلار ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان

ئىشنى ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى (شەررى) كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ» (ئىنسان،7).
«ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىنىدۇ» (ئىنسان، 11).
15. يامانلىق (شەر)نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان ئەشرار ساد سۈرىسىنىڭ 62 - ئايىتىدە جەھەننەمگە كىرگەن كاپىرلارنىڭ مۇئمىنلەر ھەققىدىكى خاتا گۇمانى سۈپىتىدە نەقىل قىلىنىدۇ.
16. يامانلىق دارىتمىلىق ھالىدا ئاللاھ تىن (نەفىي) ئۇزاق قىلىنغان: «ئەگەر ئاللاھ يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھالاكىتى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ھۆكۈم دەرھال ئىجرا قىلىناتتى (يەنى ھالاك بولاتتى)» (يۇنۇس، 11). بۇ يەردە شەر سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئامىل «جازا»دۇر. ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىبرەت ئېلىپ، تەۋبە قىلغىلى بولمايدىغان بىر جازا بولغانلىقى ئۈچۈن «شەر» دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەردىكى «جەئەلە» پېئىلى بىلەن قىلىنغان قاراتما رەت قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. يەنى، «ئەگەر...خالىغان بولسا ئىدى، بىراق ئۇنداق قىلمىدى» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.
17. يامانلىق ئاللاھ قا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ نىڭ مەخلۇقلىرىغا نىسبەت قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە ئىنسانلارغا ئۇ مەخلۇقلارنىڭ شەررىدىن قېچىپ ئاللاھ قا سېغىنىشقا بۇيرۇلغان: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ رەببى (ئاللاھ ) غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن (فەلەق، 1 - 4).

فەلەق سۈرىسىدە شەر ياراتقۇچىغا ئەمەس، يارىتىلغۇچىغا نىسبەت قىلىنغان. يامانلىق ئەسلىدىنلا مەخلۇقاتنىڭ جەۋھىرىدە يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يۇققان ياكى قۇشۇلغان نەرسىدۇر. چۈنكى يامانلىق ئەسلىدىنلا نىسپىيدۇر. يارىتىلغان شەيئىنى يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇناسىپ رەۋىشتە ئىشلەتكەندە يامانلىققا ئېلىپ بارمايدۇ. ئۇنى خاتا ئىشلىتىش يامانلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئايرىم ھالدا مۇلاھىزە قىلغاندا يامانلىق دەپ قارالغان ئىش بىر پۈتۈنلۈك ئىچىگە قويۇپ مۇلاھىزە قىلىنغاندا ياخشىلىق بولۇپ چىقىدۇ. بەندە نەزەر تاشلىغان نۇقتىدىن قارىغاندا «شەر» بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسە ئاللاھ «نەزەر تاشلا» دېگەن يەردىن قارىغان ۋاقىتتا «خەير» بولۇپ كۆرۈنىدۇ. «مەخلۇقاتنىڭ شەررى» كىشىنىڭ قاپ - قاراڭغۇ كېچىدە ھېس قىلغان قورقۇنچىغا ئوخشايدۇ. ئەسلىدە بۇ قورقۇنچىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى كېچە ئەمەس، دەل ئەكسىچە بىلمەسلىك، يەنى جاھالەتتۇر. ئارام ئالىدىغان ۋاقىت سۈپىتىدە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن كېچىگە «يامانلىق ئىلاھى» رولىنى يۈكلەش شۈبھىسىزكى ئەقىل ۋە ئىرادىنى تورمۇزلايدىغان جاھالەت قاراڭغۇلىقىنىڭ شەررىگە گىرىپتار بولغانلىقتۇر. قۇرئان ۋەھيىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تۇنجى مۇخاتابلىرى كېچىنى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق قىلىۋېتىشكەنكى، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر خىل «يامانلىق ئىلاھى» سۈپىتىدە ئەقىدە قىلىشقا باشلىغان. فەلەق سۈرىسى 3 - ئايەتتە بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنىدۇ.

18. يامانلىق ئىنسانغا قىلىنىدىغان ۋەسۋەسە تۈپەيلى شەيتانغا نىسبەت قىلىنغان: «دېگىن» بۇيرۇقى بىلەن باشلانغان سۈرە «شەر» دىن ئاللاھ قا سېغىنىشنى بۇيرۇيدۇ. «(ئى ئىنسان!) دېگىنكى: ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ)غا سېغىنىپ،

كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» (ناس، 1 - 4).

30 ئايەتلىك تىزىملىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 35 - ئايىتىدۇر. بۇ ئايەتمۇ قۇرئاندا يامانلىقنىڭ ئاللاھ قا نىسبەت ۋە سۈپەت قىلىنمايدىغانلىقى پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئايەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقايلى:

كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَنَبْلُوكُم بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ

«ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، سىلەرنى بىر يامانلىقتا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز، سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر (ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)» (ئەنبىيا، 35).

شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئايەتتە يامانلىق ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنمايدۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى «ئاللاھ نىڭ يامانلىقى» (شەررۇللاھ) ياكى «ئۇنىڭ يامانلىقى» (شەررەتۇ/شەررەھ) ئىبارىلىرى ئىشلىتىلەتتى. دېمەك، ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنمىغان، ئۇنداق بولسا ئىدى جۈملە بىۋاستە ھالدا مۇتلەق مەفئۇل(چۈشۈم كېلىش) بولۇپ كېلەتتى.

ئايەتتە ئاللاھ قا ئىشارەت قىلىدىغان «بىز - نەھنۇ» ئالمىشى بىلەن يامانلىق ئارىسىغا ئىككى پاسىل كىرگەن. بىرسى «نەبلۇ» پېئىلى، يەنە بىرسى بولسا «ب» قوشۇمچىسى. دېمەك، ئاللاھ يامانلىق بىلەن ئۆز زاتى ئوتتۇرىسىغا ئىككى لەفزى مۇساپە قويغان. چۈنكى ئايەتتە يامانلىق بىۋاستە ھالدا ئاللاھ نى كۆرسىتىدىغان «بىز» ئىگىسىنىڭ تولدۇرغۇچىسى قىلىنمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بالا - مۇسىبەتكە مۇناسىۋەتلىك قىلىنغان. بۇنىڭ ئىزاھاتى مۇنداق: بىز ئىنساندىن ئىمتىھان ئالىمىز. ئىمتىھان بىزنىڭ ئىنساننى پاكلاش ۋاستىمىزدۇر ۋە بۇ ياخشىلىقتۇر. بۇ ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە

بولغان ئېمتىھاندا ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىر ۋاستە ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. نەتىجىدە، «بىز سىلەرنى يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز» جۈملىسىدىن «ئاللاھ نىڭ شەررى» ياكى «ئۇنىڭ شەررى» ۋەياكى «شەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ» دېگەندەك مەنىلەر چىقمايدۇ. ئايەت ئەسلىدە ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاللاھ نىڭ ئىنسانىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن سىنايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە. تېكىستتە يامانلىقنىڭ «ب» بىلەن بىللە ئىشلىتىلىشى شەرنىڭ «ئېمتىھان ۋاستىسى» قىلىنغانلىقىدىندۇر. دېمەك ئايەتتە يامانلىق ئاللاھ قا ئەمەس بالا - مۇسىبەتكە قارىتىلغان، بالا - مۇسىبەتنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن.

بۇ ئايەتتە شەرنىڭ باغلىغۇچى «ب» قوشۇمچىسى بىلەن (بِالشَّرِّ) ئىشلىتىلىشىنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار:

بىرىنچىسى، يامانلىقنى ئاللاھ قا نىسبەت قىلماسلىق ۋە قاراتماسلىق ھەققىدىكى قۇرئانى ئۆلچەمنى بىلدۇرۇش. بۇنى يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتتۇق.

ئىككىنجىسى: زەردۇشتىلىك، مازدەكچىلىك، مانىئېزىم قاتارلىق گنوستىك دۇئالىزىمنى (كۆپ ئىلاھلىق) ئاساس قىلغان ھەرخىل شېرىك ئەقىدىنى رەت قىلىش.

دۇئالىستىك (ئىككى مەنبەلىك ئىلاھ) شېرىك ئەقىدىسى «ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەڭرىسى» ئىدىيىسىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ يامانلىقنىڭ مەنبەسىنىڭ ئىلاھىي ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق يامانلىقنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ، شەر (يامانلىققا)گە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىر ئىلاھىي كىملىك بېرىشتۇر. بۇ كۆز قاراش يامانلىققا قارشى كۈرەشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا يان بېسىش، ئۇنىڭ تەرىپىدە سەپ تۇتۇشقا يول ئاچىدۇ. بۇ چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، يامانلىققا قارشى كۈرەش

قىلىش تەگرىگە ۋە ھەقىقەتكە قارشى تۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايەت ئاللاھ تىن باشقا بىر ياراتقۇچى ۋە قورقۇنچنى كەلتۈرۈپ چىقارغان «يامانلىق تەڭرىسى» ئىجادىيىتىنى يوقۇلەي رەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قىسقىسى، ئاللاھ نىڭ ئىنساندىن ئىمتىھان ئېلىشى ياخشىلىقتۇر، ئىنساندىن ئىمتىھان ئالغاندا ئاللاھ ئىشلەتكەن ئىمتىھان ۋاستىلىرىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىق دەپ باھا بېرىش ئىنساندىن سادىر بولىدىغان مەسىلە. بۇ ھەرگىزمۇ يامانلىقنىڭ ئاللاھ قا نىسبەت ۋە سۈپەت قىلىنىشى ئەمەس.

مەسىلەن، ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ بۆھتانغا ئۇچرىشى بىلەن ئاخىرلاشقان ۋەقەلەر زەنجىرى پەقەت مۇشۇ پارچىنى مۇلاھىزە قىلغۇچىغا «يامانلىق» سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. چۈنكى تۆھمەت تۆھمەتكە ئۇچرىغۇچىغا نىسبەتەن «يامانلىق» دەپ قارىلىدۇ. بىراق ئىنسان ئاللاھ «نەزەر تاشلا» دېگەن نۇقتىدىن قارىغان ۋاقتىدا، بۇلارنىڭ ئەسلىدە ياخشىلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، ئەمىلىيەتتىمۇ نەتىجە شۇنداق بولغان. ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ كېسەللىكى يۈزەكى قارىماققا «يامانلىق»تەك كۆرۈنىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئۆزى «يامانلىق»تەك كۆرۈنسىمۇ، ئاللاھ «نەزەر تاشلا» دېگەن نۇقتىدىن قارىغان ۋاقىتتا ياخشىلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەگەر روھنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن بەدەننىڭ كېسەل بولۇشى كېرەك بولسا بۇنىڭ نېمە يامانلىقى بولسۇنكى؟! مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرى يۈزەكى قاراشتا «يامانلىق»تەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئاللاھ «نەزەر تاشلا» دېگەن نۇقتىدىن قارىغان ۋاقىتتا ماھىيەت جەھەتتە «ياخشىلىق» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قۇرئاندىكى «شەر» ئىبارىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئايەتلەر تىزىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئاللاھ يامانلىقنى سادىر

قىلغۇچى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنمايدۇ ۋە ھېچبىر ئايەتتە «شەر» ئاللاھ قا نىسبەت ۋە سۈپەت قىلىنمىغان.

سوئال: ئۇنداقتا «ئاللاھ نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن!» (ئالئىمران، 61)؛ «راستتىنلا ئاللاھ نىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ» (ھۇد، 18)؛ «ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى» (فەتىھ، 6) غا ئوخشاش ئايەتلەرنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟

ئەلجاۋاب: ھەقنىڭ ئەمەلىيلىشىشى يامانلىق ئەمەس، ياخشىلىقتۇر. جازاغا لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ تېگىشلىك بولغان ئازار - كۈلپەت ۋە ئازابقا دۇچار بولۇشىنى «يامانلىق» دەپ ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا ئىدى، ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ۋە ھەقنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇلىشى شەر (يامانلىق) بولاتتى، لېكىن بۇلار ياخشىلىقتۇر. ھەتتا جازالانغان كىشىگە نىسبەتەنمۇ ياخشىلىق بولۇپ، يامانلىق ئەمەستۇر. دۇنيادا جىنايەتچىنىڭ جازاسىنى تارتىشى ھەم جىنايەتچى ئۈچۈن ھەم زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن شۇنداقلا ھەم جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ياخشىلىقتۇر. بۇ ھەقىقەت «ھەدلەر كەففارەتتۇر» دەستۇرىدا يارقىن ئىپادىلەنگەن (ئىبنى ھاجەر، «فەتھۇلبارى»، XII, 74). ئاخىرەتتە بولسا بۇ تېخىمۇ خەيرلىكتۇر. ئەلبەسىرنىڭ زۇمەر سۈرىسى 75 - ئايەتتىكى ئىزاھلانمىغان، ھەمدۇسانانى جەھەننەملىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رەۋىشتە چۈشىنىشى بۇ ھەقىقەتنىڭ يېرىك ئىپادىسىدۇر. چۈنكى جەھەننەملىكلەرمۇ ھېساب كۈنى ئەڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلاھىي ھەققانىيەتكە شاھىت بولغان ۋاقىتتا دۇچار بولغان ئاقىۋەتكە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ ۋە ئاللاھ نىڭ ھەققانىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشىدۇ، بۇنىڭ نېمىسى يامانلىق بولسۇن؟

# يامانلىقنى ئاللاھ قا باغلىغان رىۋايەتلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى

يامانلىقنىڭ ئاللاھقا باغلاش ياكى ئاللاھتىن كۆرۈش قۇرئانغا ئەمەس رىۋايەت ئەنئەنىسىگە ئاساسلانغان. بۇ خىلدىكى قۇرئان تەستىقلىمايدىغان رىۋايەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىسرائىلىيات ۋە مەسىھىيات دەپ ئاتالغان ئەھلى كىتاب ئەنئەنىلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ خۇددى رەسۇلۇللاھ دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ ئېغىزى بىلەن نەقىل قىلىنىشى ئۇلارغا قارىتا تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھنىڭ ئەقىدىسىنى بەرپا قىلغۇچى دەل قۇرئان ئىدى. ئۇنىڭ قۇرئان بايانلىرىغا زىت گەپ قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. قۇرئاننىڭ بۇ ھەقتىكى سەزگۈرلىكىگە زىت كېلىدىغان رىۋايەتلەرنى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئاغزىغا كىم سالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم رەت قىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئاننىڭ بۇ خىل سەزگۈرلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدىغان سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىمۇ بىر رېئاللىق. خۇددى تۆۋەندىكى ھەدىسكە ئوخشاش:

ئەلى بىن ئەبۇ تالىپتىن نەقىل قىلىنىشچە، رەسۇلۇللاھ نامازغا تۇرىدىغان ۋاقىتتا مۇنداق دەيتتى:

ھەر تۇرلۇك باتىلدىن يۈز ئۆرۈپ، بارلىقىم بىلەن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسىغا يۈزلەندىم، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىلاھلىقنى مۇناسىپ كۆرگەنلەردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ سالاتىم(دۇئالىرىم)، ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ئۆلۈمىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ قا مەنسۇپتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھىم ھۆكۈمران سەندۇرسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن رەببىمسەن، مەن بولسام سېنىڭ بەندەڭ، ئۆز ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم ۋە

كەمچىلىكىم بولغان بىر بەندە ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلدىم، مېنى كەچۈرگىن. بۇيرۇقلىرىڭغا مەن تەييار، ياخشىلىق مۇتلەق سېنىڭ ئىلكىڭدە، يامانلىق بولسا ساڭا نىسبەت قىلىنمايدۇ (ۋەششەررۇ لەيسە ئىلەيك) (مۇسلىم، 771؛ ئەبۇ داۋۇد، 760؛ تىرمىزى، 3420؛ نەسائى، II، 130).

قوشۇمچە: مۇسلىمنىڭ شەرھىشۇناسى نەۋەۋى ھەدىسنىڭ مەنىسىگە رازى بولماي ئۇنى شەرھىلەش كېرەك دەپ قارىغان. ئۇ، ھەدىسنى قۇرئانغا سالسا ئېتىراز قىلغۇدەك ئاساس يوقلىقىنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە قۇرئان بىلەن بىرمۇ - بىر ماس كېلىدىغانلىقىنىمۇ بايقىغان. بىراق ئۇ ھەدىسنى قۇرئانغا ئەمەس كالامغا سالغان. ئۆزىگە «ئەھلى ھەق مەزھىبى» دەپ نام بەرگەن كالامى ئېقىمنىڭ يامانلىقنىڭمۇ خۇددى ياخشىلىققا ئوخشاش ئاللاھ تىن كېلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەدىسنىڭ مۇتلەق ھالدا شەرھىيلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىغۇ قىلارمىز، ئەمما قۇرئاننى قانداق تەۋئىل قىلىمىز؟

ئىبنى مەسئۇد ئۆز ئىجتىھادى بىلەن پەتىۋا بېرىشكە توغرا كەلگەندە مۇنداق دەيتتى: بۇنى ئۆزەمنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن دەۋاتىمەن، ئەگەر توغرا بولسا بۇ ئاللاھ تىندۇر، خاتا بولۇپ قالسا بۇ مەندىن ۋە شەيتاندىندۇر.

بۇنىڭغا ئوخشاش ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھوزۇرىدىكى كاتىپ ئۆمەرنىڭ بىر كۆز قارىشىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئاستىغا ئىلاۋە قىلىپ «بۇ ئاللاھ نىڭ ئۆمەرگە كۆرسەتكەن يولىيورۇقىدۇر» دەپ قوشۇپ قويىدۇ. بۇنىڭغا شاھىت بولغان ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ئېتىراز قىلىپ، مەزكۇر جۈملىنى «بۇ ئۆمەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر» دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ كۆز قارىشى خاتا بولۇپ قالسا خاتالىقنىڭ ئاللاھ قا نىسبەت قىلىنىش خەتىرىگە دىققەت قىلغان. مانا بۇ قۇرئان تەربىيىلىگەن ساھابىنىڭ بۇ ھەقتىكى سەزگۈرلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالىدۇر.

گەپنىڭ قىسقىسى:

1. خەير ئاللاھ نىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئەسمائى ھۇسناسىدۇر (گۈزەل ئىسىملىرىدىندۇر). شەر ئاللاھ نىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس، سۈپىتىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا يارىتىشنىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس ھەم ئىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يامانلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇ شەيئىلەرنى يارىتىلىش مەقسىتىگە زىت رەۋىشتە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن بارلىققا كېلىدۇ. يارىتىلىش مەقسىتى بويىچە ئىشلىتىلگەن ھەر قانداق شەيئىنىڭ مەۋجۇتلىقى خەيردۇر.

2. خەيرنى زاتىغا ئىسىم قىلىپ تاللىغان ئاللاھ قا شەرنى ھەرگىزمۇ سۈپەت، نىسبەت قىلغىلى ۋە قاراتقىلى بولمايدۇ.

3. ئاللاھ ئۇنلارچە ئايەتتە خەيرنى ئەمىر قىلىدۇ، ئەمما ھېچبىر يەردە شەرنى ئەمىر قىلمايدۇ. ئاللاھ كىتاۋىدا خەيرگە چاقىرىدۇ (ئالئىمران، 104)، بىراق شەرگە چاقىرمايدۇ.

قۇرئاندا «بِيَدِكَ الْخَيْرْ - بىيەدىكەلخەير (ياخشىلىق سەندىندۇر)» دەپ ئايەت بار (ئالئىمران، 26 )، لېكىن «بىيەدىكەششەرر (يامانلىق سەندىن)» دەپ بىرمۇ ئايەت يوق. ھالبۇكى «ياخشىلىق سەندىندۇر» دېگەن ئايەتتە ئاللاھ نىڭ خالىغىنىنى پەقەت «ئەزىز قىلىدىغانلىقى»لا ئەمەس، «خار قىلىدىغانلىقى»مۇ ئىپادىلەنگەن.

ۋەلھاسىلى كالام، كىشى ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان بىر ئىمانغا ئېرىشمەكچى بولسا، ئىماننى قۇرئانغا سېلىپ بېقىشى لازىم. ئىمان مەسىلىسىدە ئەلۋەتتە ئاللاھ نىڭ كىتابىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك.

## تێکست ۆه شه‌رهییسی

ومما يجادلون فى قول الله تعالى: « فمن يرد الله ان يهديه يشرح صدره للاسلام و من يرد ان يضله يجعل صدره ضيقا حرجا كانما يصّعّد فى السماء و كذلك يجعل الله الرجس على الذين لا يؤمنون » يقولون ان الله يفعل ذلك بالكافر ثم يعاقبه وليس ذلك لما ذكر الله الشرح و الضيق فى كتابه ترغيبا فى اتباع الهدى وتزهيدا فى ترك العمل بامره و الانتهاء الى طاعته وما قال الله تعالى ذلك ليؤيسهم من رحمته وعفوه ويسهل عليهم طرق المعاصى[ فتأولوا بجهلهم على « ان الله تعالى خص قوما بشرح الصدور بغير عمل صالح قدموه وقوما بضيق الصدور يعنى القلوب بغير كفر كان منهم و لا فسق ولا ضلال ، ولا لهؤلاء سبيل الى ما كلفهم من الطاعة وهم مخلدون فى النار طول الابد ».

وليس ذلك يا امير المؤمنين كما ذهب اليه الجاهلون المخطئون ربنا ارحم واعدل واكرم من ان يفعل ذلك بعباده كيف وهو يقول: « لا يكلف الله نفسا الا وسعها لها ما كسبت و عليها ما اكتسبت » وانما خلق الجن والانس لعبادته فجعل لهم اسماعا و ابصارا وافئدة يطيقون بهم اضعاف ما كلفهم الله من عبادته فمن اطاع منهم فيما امر به فقد شرح الله صدره للاسلام ثوابا منه بطاعته فى العاجل من الدنيا ويخفف به عليه اعمال البر و يثقل به الكفر عليه و الفسوق والعصيان فان كان في حاله تيك مطيقا لجميع ما امر به ونهى عنه ، وكذلك

حكم الله فى كل من بلغ من الطاعة مبلغه من شريف او وضيع ، ومن ترك ما امره الله به من الطاعة و تمادى فى كفره وضلاله فى عاجل الدنيا وهو مع ذلك مطيق الانابة والتوبةجعل الله صدره ضيقا حرجا كانما يصعد فى السماء ، عقوبة منه له بكفره وضلالته في العاجل الدنيا و التوبة مأمور بها مدعو اليها كذلك حكم الله عز وجل فيمن بلغ من الكفر والفسوق مبلغه.

وانما ذكر الله يا امير المؤمنين الشرح و الضيق فى كتابه رحمة منه لعباده ترغيبا منه لهم فى الاعمال التى يستوجبون بها في حكمه ان يشرح صدورهم وتزهيدا منه لهم فى الاعمال التى يستوجبون فى حكمته تضييق الصدور، ولم يذكر الله لهم ذلك ليقطع رجاءهم ولا ليؤيسهم من رحمته وفضله ولا ليقطع عن عفوه ومغفرته وكرمه اذا هم صلحوا وقد بين الله عز و جل فى كتابه فقال تعالى: « يهدي به الله من اتبع رضوانه سبل السلام ويخرجهم من الظلمات الى النور باذنه ويهديهم الى صراط مستقيم » ]

فتدبره يا امير المؤمنين وتفهم فان الله يقول: « فبشر عباد الذين يستمعون القول فيتبعون احسنه اولئك الذين هداهم الله واولئك هم اولوا الالباب »، [واسمع الى قول الله تعالى حيث يقول: « ولو ان اهل الكتاب آمنوا واتقوا لكفرنا عنهم سيئاتهم ولا دخلناهم جنات النعيم ولو انهم اقاموالتورية و الانجيل وما انزل اليهم من ربهم لاكلوا من فوقهم ومن تحت ارجلهم » ] وقال تعالى: « لو ان اهل القرى آمنوا واتقوا

لفتحنا عليهم بركات من السماء و الارض ولكن كذبوا فأخذناهم بما كانوا يكسبون ».

ئۇلار يەنە ئاللاھ نىڭ شۇ سۆزىنىمۇ مۇنازىرە تېمىسى قىلىشىدۇ: «ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ» (ئەنئام، 125). ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: «ئاللاھ كاپىرغا مۇشۇنداق قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنى يەنە ھېسابقا تارتىدۇ». لېكىن بۇ توغرا ئەمەس. ئاللاھ كىتاۋىدا تىلغا ئالغان «ئېچىش - شەرھ» ۋە «تارايتىش - دەيىق» كەلىمىلىرى ئىلاھى يولباشلامچىلىقنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئاللاھ نىڭ ئەمىر پەرمانلىرىغا قۇلاق سالماي ئىتائەتسىزلىك قىلىشنى قامچىلاش ۋە ئۇنىڭدىن ياندۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن ئۇمىد ئۈزدۇرۇش ۋە ئۇلارغا گۇناھنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېيتقىنى يوق. ئۇلار جاھالىتى تۈپەيلى بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھىلىدى: «جانابى ئاللاھ بەزى بەندىلىرىنىڭ كۆكسىنى سالىھ ئەمەل قىلمىغان بولسىمۇ (ئىسلامغا) ئاچقان، بەزى بەندىلىرىنىڭ كۇفرى، پاسىقلىق ۋە زالالەت ئىچىدە بولمىسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆكسىنى تارايتىپ قايمۇقتۇرغان بولۇپ، ئۇلارغا تائەت - ئىبادەتتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا بىرەر چىقىش يولى يوق. ئۇلار جەھەننەمدە ئەبەدىي قېلىشقا مەھكۇمدۇر».

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ئۇنداق ئەمەس. ئەھۋال بۇ نادان ۋە خاتالاشقان كىشىلەر داۋا قىلغاندەك ئەمەس.

بەندىلىرىگە بۇنداق قىلىشتىن پاك - مۇنەززەھ بولغان رەببىمىز ناھايىتى مېھرى شەپقەتلىك ۋە ئىنتايىن ئادىل ھەمدە ئۇلۇغ كەرەم ئىگىسىدۇر. ئۇ سۆزىدە «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر» (بەقەرە، 286) دېگەن تۇرسا، قانداق بولۇپ بۇ كىشىلەر دېگەندەك قىلسۇن. ئاللاھ ئىنسان كۆرەلەيدىغان كۆرەلمەيدىغان بارلىق ئىرادىلىك مەۋجۇداتلارنى ئۆزىگە بەندىلىك قىلسۇن، ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتقان. ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغاندىن نەچچە ھەسسە كۆپرەكىنى قىلالايدىغان ئاڭلاش، كۆرۈش، ئويلاش ۋە ھېس قىلىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلاردىن كىمكى ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلسا، بۇيرىغانلىرىنى بەجا كەلتۇرسە، چەكلىگەنلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆكسىنى ئاللاھ مۇكاپات سۈپىتىدە ئىسلامغا ئاچىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرىدۇ. بۇيرۇلغان بارلىق ئىلاھى ئەمىر ۋە ھاراملارنى سادىر قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان بىرى بولغان تەقدىردىمۇ كۇفۇر، فىسقى - فۇجۇر ۋە گۇناھ - مەسىيەت قىلىشىنى (جازالاش تەھدىتى ئارقىلىق) قىيىنلاشتۇرىدۇ.

مانا بۇ چوڭ - كىچىك، ئابرويلۇق - ئابرويسىز كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىتائەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەرتىۋىگە يەتكەن ھەر قانداق ئادەم توغرىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، كىمكى تەۋبە قىلىشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ، بۇ دۇنيادا ئاللاھ بۇيرىغان ئەمىر - پەرمانلارغا ئەمەل قىلىشتىن بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، ئىنكار ۋە ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆكسىنى خۇددى ئاسمانغا چىقىۋاتقاندەك

سىقىدۇ. بۇ، ئۆزلىرىگە دەۋەت يېتىپ بارغان ۋە تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇغلۇق كۇفۇر ۋە پاسىقلىقتا ۋايىغا يەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا قارىتا) ئاللاھ نىڭ ھۆكمىدۇر.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! جانابى ئاللاھ نىڭ كىتاۋىدا «ئىپچىش» ۋە «تارايتىش»نى تىلغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبى بەندىلىرىگە بىر رەھمەت ۋە بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە تەشۋىق (قىزىقتۇرۇش) تىن ئىبارەت. جانابى ئاللاھ نىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى، بەندىلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان ئەمەللەرگە ئۇلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى خۇشاللىققا تولدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنداق بولمىغان بولسا بۇنى ئۇلار ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئاللاھ نىڭ رەھمەت ۋە لۇتپىدىن ئۈزۈپ، ئۈمىدسىزلىككە مۇپتىلا قىلىش ياكى ئىسلاھ بولىدىغان بولسا ئۇلارنى ئەپۇ -مەغفىرىتىدىن ۋە كەرىمىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلمىغان. بەلكى ئاللاھ كىتاۋىدا بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھ نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ» (مائىدە، 16).

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتتە نېمە دەۋاتىدۇ؟ تەپەككۇر قىلغايسەن ۋە ئويلىنىپ كۆرگەيسەن:

«شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھ قا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ. سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇشخەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر» (زۇمەر، 17 - 18).

يەنە ئاللاھ نىڭ بۇ بۇيرىقىغا قۇلاق سالغايسەن: «ئەگەر ئەھلى كىتاب (ئاللاھ قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا) ئىمان ئېيتسا ۋە (ئاللاھ چەكلىگەنلىرىدىن) پەرھىز قىلسا ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىز چوقۇم كەچۈرەتتۇق. نازۇ - نېئمەتلىك جەننەتلەرگە كىرگۈزەتتۇق. ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە رەببى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياقلىرى ئاستىدىن كەلگەن بارلىق نېئمەتلەردىن پايدىلىناتتى» (مائىدە، 65 - 66).

جانابى ئاللاھ ئېيتىدۇكى: «(ئەلچىلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (ئەلچىلەرنى) ئىنكار قىلدى» (ئەئراف، 96).

## ئاللاھ بەندىلىرىگە ئەمر ۋە نەھيىگە ئەمەل قىلىش كۈچى ئاتا قىلغان

ئىمام ئەلبەسرى ئەمەۋى قەدەرچىلىرى سۈيئىستېمال قىلغان يەنە بىر ئايەتكە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرغان. بۇ يەردىمۇ سۈيئىستېمالنىڭ ئاستىدا «پارچىغا ئېسىلىش» چۈشەنچىسى ياتماقتا. ئايەتكە «يۇلۇپ ئال- چاپلا» مەنتىقىسى بىلەن قارىغان سۈيئىستېمالچىلارنىڭ ھىلىسىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش ئۆز چۈشەنچىسىگە ۋاستە قىلىنىۋالغان دەلىلنى ئەسلى ئورنىغا قويۇشتۇر. مەسىلەن:

«ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا ئۇنىڭ

كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ» (ئەنئام، 125).

قەدەرچى ئەقىل (زېھنىيەت) ئايەتنىڭ بۇ پارچىسىغا ئاساسەن ئۆز نەزىرىيىسىنى ئاساسقا ئىگە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نېمە قىلىساڭ قىل! ھەممىسى بىكار! چۈنكى ئاللاھ بىراۋنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىشىنى خالىمىسا سەن قانچىلىك ئەجىر قىلساڭمۇ ئۇ توغرا يولغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق. بۇنداق بولغانىكەن، ھىدايەت ۋە گۇمراھلىق پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن. ئىنساننىڭ تاللىشى بۇ يېزىلىپ كەتكەن تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ».

بىز بۇ زېھنىيەتنى بىر يەرلەردىن بىلىمىز. مەككە مۇشرىكلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق دەيتتى: «ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، بىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق» (ئەنئام، 148). بۇ چۈشەنچە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئەمەس. جاھىلىيەت ئەقلى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئايەتنىڭ جاھىلىيەت مۇشرىكلىرىنىڭ ئەقلىگە يېشىل چىراق ياقمىغانلىقىنى بىلىپ يېتىش ئۈچۈن ئايەتتىن ئېلىنغان ئۈزۈندىنىڭ قالغان قىسمىنى ئوقۇپ باقايلى:

«مانا بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئىنكاردا (كۇپۇردا) چىڭ تۇرغانلارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ» (ئەنئام، 125).

قەدەرچى ئەقىلنىڭ ھىيلىسى مانا مۇشۇنداق ئاشكارە بولۇپ قالىدۇ. ئايەتنىڭ داۋامى گۇمراھ بولغان كىشى «ئاللاھ گۇمراھ قىلغانلىقى ئۈچۈن» ئەمەس، «كۇپۇردا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئازدى» دەۋاتىدۇ. ئايەت: «كىم ئاللاھ نىڭ رەھبەرلىكىگە كىرىشنى تاللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا ئېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ تاللىشىنى مۇكاپاتلايدۇ. كىم ئازغۇنلۇقنى تاللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ. كىمكى ئاللاھ نىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالسا، ئۇنىڭ كۆكسى تارىيىدۇ، ئەقلى

قىسقىرايدۇ، نەزەر دائىرىسى كىچىكلەيدۇ، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام ئەلبەسىرى ئەنئام سۈرىسى 125 - ئايەتنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن مائىدە سۈرىسى 16 - ئايەتنى تىلغا ئالغان:

«ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھ نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىمانىنىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ» (مائىدە، 16).

## قۇرئان مۇھتەدىلەر (ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەر) ئۈچۈن ئەمەس، مۇتتەقىلەر (مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر) ئۈچۈن يول باشلىغۇچىدۇر

سوئال: بۇ ئايەتنىڭ تېمىسى بولغان «ئىلاھىي ھىدايەت»نى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئەلجاۋاب: «تەقۋا» ئۇقۇمىنى توغرا شەكىلدە چۈشەنمەي تۇرۇپ ھىدايەتنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. تەقۋا ئۇقۇمىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بەقەرە سۈرىسى 2 - ئايەتنى توغرا شەكىلدە چۈشىنىش لازىم. ئالدى بىلەن بۇ ئايەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقايلى:

«بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) مۇتتەقىلەرگە (تەقۋادارلارغا) يېتەكچىدۇر (ھىدايەتتۇر)».

ئايەتتىكى «هُـدًى لِّلْمُتَّقِـينَ - ھۇدەللىل مۇتتەقىين (مۇتتەقىلەرگە ھىدايەتتۇر)» ئىبارىسى ئاۋامنىڭ زېھنىدىكىگە ئوخشاش ھىدايەتنى تەقۋانىڭ ئۇلىغا ئەمەس، بەلكى تەقۋانى ھىدايەتنىڭ ئۇلىغا يەرلەشتۇرمەكتە (يەنى ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەر مۇتتەقى بولىدۇ ئەمەس، ئەكسىچە مۇتتەقى

بولغانلار ھىدايەت تاپىدۇ دېمەكتە). ئەگەر تەقۋانىڭ ئۇلىدا ھىدايەت بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا ئىبارە مۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى: «تەقۋان لىل مۇھتەدىن». يۇقىرىدا ئۆرنەكلىرى تىلغا ئېلىنغان ئېرپان ئەھلىنىڭ «تەقۋا» ئېنىقلىمىسى پۈتۈنلەي ھىدايەتنى تەقۋانىڭ ئۇلىغا يەرلەشتۈرگەن ئىزاھاتتۇر. بۇنداق بولغاندا، شۇئەرا 106 - ئايەتتىكىگە ئوخشاش كاپىرلارغا قارىتىلغان «تەقۋادارلاردىن بولمامسىلەر؟» خىتابىدىكى «تەقۋا» ئۆز مەنىسىنى يوقاتماقتا. «بىراۋ مۇتتەقى بولغان بولسا ھىدايەتكە ئېرىشكەنلىكتىن بولىدۇ، ھىدايەتكە مۇھتاج بولغان بولسا تېخى مۇتتەقى بولمىغان بولىدۇ» شەكلىدىكى چۈشەنچە ئايەتتىكى ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇ بىر ھەقىقەتكى، ئىنسان ئېڭىنىڭ تاكامۇللىشىش چېكىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن «تەقۋا» چېكى يوق سەپەرگە ئوخشايدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىرسىنىڭ ئاخىرلىشىشى، يەنە بىرسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى تەشكىل قىلىدىغان تاكامۇللىشىش جەريانى بولۇپ، ئۇ، كاپىرنى ئىمانغا، مۇئمىننى ئېھسانغا، مۇھسىنىنى ئىكان (تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا تونۇپ يېتىش)غا، مۇنكىرنى ئېرپانغا ئۇلاشتۇرىدۇ.

بەقەرە سۈرىسى 2 - ئايەتتە ھىدايەتتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ۋە ھىدايەتكە سەۋەب بولغان تەقۋا تىلغا ئېلىنماقتا. ھىدايەتتىن بۇرۇنقى تەقۋا «مەسئۇلىيەت ئەخلاقىدۇر». بۇ ئەخلاقنىڭ ئىنتىرگۈچى كۈچى بولغان ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كىشىنى ھىدايەت بوسوغۇسىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مۇھتەدىلەرنىڭ ھاياتىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالغان ۋاقتىڭىزدا بۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىسىز.

ھىدايەتتىن بۇرۇنقى تەقۋانىڭ «مەسئۇلىيەت ئەخلاقى» ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ياخشى ئۆرنەك

رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆۋەندىكى ئىككى ئايەتتۇر:

1. «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك (گۈزەل) ئەخلاقتا ئىگىسەن» (قەلەم، 4).

2. «سەن (ۋەھىيدىن ئىلگىرى) قۇرئان ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ» (شۇرا، 52).

بۇ ئىككى ئايەتنى بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمىزدا مۇنداق يەكۈن چىقىماقتا: كىتاب ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغان كىشى. ئۇنداقتا، كىتاب ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئىگە بولغان گۈزەل ئەخلاق نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ دەل ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنى ئىش - ئوقىتى قەدىر ئەھۋال بىر تىجارەتچىلىكتىن قول ئۈزگۈزۈپ، ھىراغا ئېلىپ بارغان «مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى» ئىدى. بۇ تۇيغۇ شۇنداق يۇقىرى دەرىجىدە ھېس قىلىنغان بولۇپ، نەتىجىدە ئۇ «ئالەملەرگە رەھمەت رەسۇلۇللاھ مۇھەممەد» سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولغانىدى.

نېمە دېگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە مىسال كۆرۈپ قىلىمىز:

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى جەريانىدا 60 ياشتا مۇسۇلمان بولغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 60 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، ھەزرىتى خەدىچەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، رەسۇلۇللاھنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى دوستى ھاكىم بىن ھىزام بىلەن رەسۇلۇللاھ ئارىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەن:

أي رسول الله أرأيت أمورا كنت أتحنث بها في الجاهلية من صدقة وعتاقة أو صلة رحم أفيها أجر؟

فقال :أسلمت على ما أسلفت من خير

ھاكىم بىن ھىزام:

- ئـى ئـاللاھ نـىـڭ رەسـۇلى! جـاھـىـلـىـيەت دەۋرىـدە ئـاللاھ ئۈچـۈن ئـىـبـادەتكە ۋاقـىـت چـىـقـىـراتـتـىـم، سـەدىـقە بـېـرەتـتـىـم، قـۇل ئازاد قـىـلاتـتـىـم ۋە ئـۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسـىـۋىـتـىـگە رىئـايەت قـىـلاتـتـىـم. مېـنـىـڭ بۇ ئەمـەللـىـرىـمگە ئەجـىـر بارمۇ؟ رەسۇلۇللاھ:

- سـەن ئۆتـمـۈشـتـە قـىـلـغـان بـۇ ياخـشـىـلـىـقلار سايـىـسـىـدە مۇسـۇلـمـان بولـدۇڭ (بۇخـارى، 1369؛ مۇسـلـىـم، ئـىـمـان، 123؛ مۇسنەدى ئەھمەد، III، 434).

ھاكـىـم بـىـن ھـىـزامـنـىـڭ ھـىـدايەتتىـن بۇرۇنقى «مەسـئۇلـىـيەت تۇيغۇسـى» بـىـلـەن قـىـلـغـان مۇئامـىـلـىـسـى ئـۇنى ھـىـدايەت بوسوغۇسـىغا ئېـلـىـپ كەلـگەن سەۋەب ئـىـدى.

ھـىـدايەتتىـن ئـىـلـگـىـرىـكـى تەقۋانـىـڭ ئـىـگـىـسـىـنى ھـىـدايەت بوسوغۇسـىـغا ئېلـىـپ كېـلـىـشـىـگە مۇناسـىـۋەتلـىـك يەنە بـىـر مـىـسالـغا قاراپ باقايلى:

مەشـھۇر ئەرەب شائـىـرى فەرەزداقـنـىـڭ بوۋىـسى سائ سـائـا بـىـن ناجىيە ھەم جاھـىـلـىـيەت دەۋرىـنى ھەم ئـىـسلام دەۋرىـنى بېـشـىـدىـن ئۆتكـۈزگەن بـىـر كـىـشى ئـىـدى. بۇ زات جـاھـىـلـىـيەت دەۋرىـدە تـىـرىـك پېتـى كۆمـۈۋېتـىـلـمەكچى بولـغـان قـىـز بـوۋاقلارنى ئائـىـلـىـسـىـدىـن سېـتـىـۋېلـىـپ قۇتقۇزۇپ قېلـىـش بـىـلەن تونۇلـغـان مەشـھۇر كـىـشى ئـىـدى. ئۇنـىـڭ بايـان قـىـلـىـشـىـچە ئۇ بـۇ يـول بـىـلەن 360 قـىـزنى قۇتقـۇزۇپ قالـغـان. نـاجىيە ئانـا ئـىـسـمى بولـۇشـىـمۇ مـۇمكـىـن، تونۇلغـان ئۇنـۋان بولـۇشـىـمۇ مـۇمكـىـن. بەلكـىـم فامـىـلـىـسـىـدە يەر ئالغان ۋە «نىجادكار» مەنـىـسـىـنى بـىـلدۈرىـدىـغان نـاجىيە ئـىـسـمى ئۇنـىـڭ بـۇ خەيرلـىـك ئـىـشـى سـەۋەبـىـدىـن ئۇنـىـڭغـا بېـرىـلـگەن بولـۇشـىـمۇ مۇمكـىـن. ياكى سائ سـائانـىـڭ ئانـىـسـىـمۇ بۇ شـەكـىـلـدە قۇتقۇزىـۋېلـىـنـغـان بـىـر خـانـىـم بولـۇشـى ۋە بـۇ ئامـىـل ئۇنـىـڭ بـۇ خەيرلـىـك ئـىـشنى قـىـلـىـشـىـدا تۈرتكـىـلـىـك رول ئوينـىـغـان بولـۇشـى مۇمكـىـنـمۇ؟

جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋىجدانىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سالغان بۇ جەسۇر كىشى رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىنى مۇنداق نەقىل قىلغان:

- ئى ئاللاھ نىڭ رەسۇلى! مەن جاھىلىيەت مەزگىلىدە بەزى ئىشلارنى قىلدىم. ئۇ ئىشلار سەۋەبلىك ماڭا بىر ساۋاپ ۋە ئەجىر بارمۇ؟ تىرىك كۆمۈۋېتىلىش ئالدىدا تۇرغان 360 بوۋاق قىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدىم. ھەر بىرى ئۈچۈن ئىككى تۆياق ئون ئايلىق ھامىلە تۆگە بەردىم. بۇ ئىش سەۋەبلىك ماڭا بىر ئەجىر بارمۇ؟ دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ:

- لك أجره إذ من الله عليك بالإسلام - ساڭا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ سېنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلدى (تەبارانى، ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 7412؛ فەتھۇل بارى، 5630).

رەسۇلۇللاھ: «ئىنسانلار مېتالغا ئوخشايدۇ. جاھىلىيەت مەزگىلىدە ياخشى بولغان كىشى ئاڭلىق كىشى بولغان بولسا، ئىسلامدىمۇ ياخشى كىشىلەر قاتارىدىن بولىدۇ» دېگەنىدە، ئەسلىدە ھىدايەتتىن ئىلگىرىكى ھاياتىدا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەمەل قىلغانلارنى نەزەردە تۇتقانىدى. «ئاللاھىم! ئىسلامنى ئۆمەر بىن خەتتاب ياكى ئامر بىن ھىشام (ئەبۇ جەھىل) بىلەن ئېزىز قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلغاندىمۇ يۇقىرىدىكى چۈشەنچە نۇقتىسىدا تۇرۇپ ھەرىكەت قىلغانىدى.

بۇ ئەھۋال ئاستىدا مائىدە سۈرىسىنىڭ 16 - ئايىتىنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەكلىكى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ: ئىنسان ئىمانىنى تاللىغاندا ئىمانمۇ ئىنساننى تاللايدۇ. ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى ئىنسان «ئاللاھ نىڭ يېتەكچىلىكى» دېيىشكە بولىدىغان ھىدايەتكە ئىنتىلىشى ۋە ئۇنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئاللاھ مۇ توغرا يولغا باشلىشىنى تەلەپ قىلغان كىشىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ۋەجىدىندۇركى،

ئىنساننى ھىدايەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان نەرسە ئۇنىڭ ھىدايەتتىن بۇرۇنقى تەقۋاسىدۇر. ھىدايەتتىن بۇرۇنقى تەقۋاسى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىلىپ بېرىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرىدۇر.

مەسىلىنىڭ نېگىزلىك نۇقتىسى بولغان «مەسئۇلىيەت ئىگىلىكى» ئۇقۇمى بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «مەجبۇرىيەت (زورلاش)» ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە. يەنى، مەسئۇل بولغان كىشى مەجبۇر بولغان بولمايدۇ، مەجبۇر بولغان كىشى ھەرگىزمۇ مەسئۇل بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ - دىندا زورلاش يوق» دەيدۇ قۇرئان كەرىم. دىندا تەكلىپ بار. ئىنسان ئاللاھ نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى ئالدىدا مەھكۇم ۋە مەجبۇر ئەمەس، پەقەت مۆكەللەپ ۋە مەسئۇلدۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانغا بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرگە بويسۇنۇش ياكى بويسۇنماسلىق ئىختىيارلىقى (ئەركىنلىك)نى بەرگەن. بۇ ئىرادىنىڭ ھەققى بولۇپ، مانا بۇ ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتتىن ئۈستۈن قىلغان ئامىل. مانا بۇ سەۋەبتىن ئەلبەسىرنىڭ بۇ بابتا كۆرسەتكەن ئەڭ ئاخىرقى دەلىلى ئەئراف سۈرىسىنىڭ 96 - ئايىتىدۇر. ئۇ ئايەتنىڭ يېنىغا تۆۋەندىكى ئايەتنىمۇ قويۇش كېرەك:

«ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە رەببى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇمكى ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياقلىرى ئاستىدىن رىزىقلانغان بولاتتى (يەنى ئاسمان - زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)، ئۇلاردىن بىر جامەئە توغرا يولدىدۇر، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نېمە دېگەن يامان ئىش قىلغۇچىلار - ھە! » (مائىدە، 66).

## تێکست ۋە شەرهیسی

[واعلم يا امير الؤمنين ان الله ] لم يجعل الامور حتما على العباد ولكن قال: « ان فعلتم كذا افعل بكم كذا »، وانما يجازيهم باعمالهم وقدامرهم بعبادته و دعائه والاستغاثة به ، فان هم ارادوا ما عنده احدث لهم عونا الى عونه و توفيقا الى توفيقه ، يسهل عليهم به اخذ الحسنات وترك السيئات ، وكذلك حكم الله[ فيمن]اطاعه وطلب ما عنده فبهذا القول.

فحدث نفسك يا امير المؤمنين لا تقل ان الله قدر عباده ما نهاهم عنه وحال بينهم و بين ما امرهم به و ارسل الرسل[ يدعوهم]الى خلاف ما قضاه عليهم ثم يعذبهم طول الابد اذ لم يجيبوا الى ما [لم]يجعل لهم اليه سبيلا ، فتعالى الله عما يقول الظالمون علوا كبيرا ، فهل تدرى هؤلاء الجهال على من ردّوا؟ انما ردوا على الله تعالى. لان الله تعالى قال: « فآمنوا خيرا لكم » فقال الجهال: « لا سبيل لهم الى الايمان ». وقال:« اجيبوا داعى الله » فقال الجهال: « قد حال بينهم و بين الاجابة ».

وقال تعالى: « سابقوا الى مغفرة من ربكم »، فقال الجهال: « كيف لهم السابق وقد جبرهم فى البتة ».

وقال: «فما لهم لا يؤمنون» فقالوا: «لان الله منعهم من الايمان واوقعهم فى الكفر».

ويقول: «يا اهل الكتاب لم تكفرون بآيات الله و انتم تشهدون»، فيقول الجهال: «لان الله قدر عليهم الكفر وجعله حتما».

فهذا هو الرد على الله و سوءالظن به

[ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! شۇنى ئەقلىڭدىن چىقارمىغايسەن]:

ئاللاھ بەندىلىرىنى قىلمىشلىرىغا مەجبۇر ۋە مەھكۇم قىلمىغان بولۇپ، ئۇ پەقەت «ئەگەر سىلەر مۇنداق قىلساڭلار مەنمۇ سىلەرگە مۇنداق قىلىمەن» دېگەن. ئۇلارنى ئۆزىگە بەندىچىلىك قىلىشقا، دۇئا قىلىشقا ۋە ئۆزىدىن ياردەم تىلەشكە بۇيرىغان ھەمدە ئۇلارغا قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپات ۋە جازا بەرگەن. ئەگەر بەندىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىكى (خەير)نى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ مۇ ئۇلارغا ئارقىمۇ-ئارقىدىن ياردەم ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇ ھەقتە ئاسانلىق ئۈستىگە ئاسانلىق، مۇۋەپپەقىيەت ئۈستىگە مۇۋەپپەقىيەت بەخش ئېتىدۇ. ئاللاھ ئىنايىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشىنى ۋە يامانلىقلارنى تەرك قىلىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىكىنى تىلىگەن كىشى ھەققىدىكى ئاللاھ نىڭ ھۆكمى مانا مۇشۇنداق.

ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ چۈشەنچە ئۈستىدە سەنمۇ ئوبدان ئويلىنىپ كۆرگىن. ھەرگىزمۇ: «ئاللاھ بەندىلىرىگە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى يەنە شۇ بەندىلىرىگە تەقدىر قىلغان... ئاۋۋال ئۇلارغا بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا ئۆزى توسالغۇ بولغان... ئۇلارغا قازايى - قەدەر قىلىپ پۈتۈۋەتكەن تۇرۇغلۇق [ئۇلارنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن يەنە] ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن، ئاندىن كېيىن يەنە ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈپ دەۋەتكە ئىجاۋەت [قىلالمىدى] دەپ مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار قىلىدۇ!» دېمىگىن.

ئاللاھ بۇ زالىملار نىسبەت قىلغان سۈپەتلەردىن پاكتۇر، ئۇ مۇتلەق ئۇلۇغدۇر ۋە تەڭداشسىز بۈيۈكتۇر.

بۇ نادانلار كىمگە ئېتىراز قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشمايۋاتامدۇ؟! ئۇلار باشقا بىرىگە ئەمەس، ئۇلۇغ ئاللاھ قا ئېتىراز قىلىشىۋاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتىڭلاركى (بۇ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق» (نىسا، 170). ئەمما بۇ نادانلار گۇرۇھى مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئۇلارنى ئىمانغا ئېلىپ بارىدىغان يول تاقالغاندۇر».

ئاللاھ: «ئاللاھ قا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار» (ئەھقاف، 31) دېسە، بۇ نادانلار: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىجابىتى بىلەن ئۆزىنىڭ دەۋىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر توساق پەيدا قىلغان» دەيدۇ.

ئاللاھ: «رەببىڭلادىن كەلگەن چەكسىز مەغپىرەت ئۈچۈن بەسلىشىڭلار!» (ھەدىد، 51) دەيدۇ. بۇ نادانلار: «ئۇلار قانداقمۇ بەسلىشەلىسۇن؟ ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا مەھكۇم ۋە مەجبۇر قىلغان» دەيدۇ.

ئاللاھ: «ئۇلار نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟» (ئىنشىقاق، 20) دەپ سورىسا، بۇ نادانلار: «چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا توسالغۇ بولدى ھەم ئۇلارنى كۇپۇرغا مۇپتىلا قىلدى» دەيدۇ.

ئاللاھ: «ئى ئەھلى كىتاب! ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمايسىلەر؟» (ئالئىمران، 70) دەپ سورىسا، بۇ نادانلار: «چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا كۇپۇرنى قەدەر قىلىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن» دەيدۇ.

يۇقىرىدىكى مىساللارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ قا ئېتىراز قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يامان گۇماندا بولغانلىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىساللىرىدۇر.

# ئاللاھ بەندىلىرىنى مەجبۇر قىلمىغان، تەكلىپ قىلغان

ئىرادىنىــــى ئىشلىتىش ئىشــــى «ئىــــــرادە» ئىگىسى قىلــــــداق قەدەر چۈشەنچىســـــىنىڭ ئـــاخىرى بېرىـــپ توختايـــدىغان يېـــرى «مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر».

مەسئۇلىيەتسىزلىك ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1. ئىرادىســـــز مەسئۇلىيەتســـــزلىك. بـــۇ خـــــل مەسئۇلىيەتســـــزلىك جازاغـــــا تارتىلمايـــدۇ. ســـاراڭنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. ساراڭ ئەقلى بولمىغـــانلىقى ئۈچـــۈن ئۇنىڭـــدىن مەســـئۇلىيەت سۈرۈشـــتە قىلىنمايـدۇ. ئۇيقـۇدىكى ئادەمنىـڭ مەسئۇلىيەتسـزلىكىمۇ بۇنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇخلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولسا ئۇ كىشىنى قاتىل دېگىلى بولمايدۇ، جازاغا تارتقىلىمۇ بولمايدۇ. ئەقلى قابىلىيىتى تەرەققىي قىلمىغان بىمار سادىر قىلغان جىنايىتى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ.

2. ئىرادىگە ئىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك. بۇ خىلدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، جازالىنىدۇ. يەنى ئىرادىسى ۋە ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغان ئادەم جاۋابكارلىققا ئىگە، بۇ ۋەجىدىن ئۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلالمايدۇ. ئەگەر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. مەسئۇلىيەتنىڭ دىنىي تىلدىكى ئىپادىسى «تەكلىپ» بولۇپ، دىنىنىڭ بارلىق ئەمىر - پەرمان ۋە چەكلىمىلىرى «تەكلىپ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارغا شەرئى نۇقتىدىن تەكلىپ قىلىنغان ھەر قانداق ئاقىل - بالىغ ئىنسان «مۇكەللەپ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ دىنىي تىلدىكى ئىپادىسى «جاۋابكار»دۇر.

ئىمام ئەلبەسىرى ئېيتىدۇكى: «ئۇ (ئاللاھ) ئەگەر سىلەر مۇنداق قىلساڭلار، مەنمۇ سىلەرگە مۇنداق قىلىمەن» دېگەن ۋە ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ياكى مۇكاپاتىنى بەرگەن. ئاللاھ بۇنداق دېيىش ئارقىلىق بەندىلىرىنى ئالدىنئالا بېكىتىۋەتكەن ئەمەل قىلىپلىرىغا مەھكۇم ۋە مەجبۇر قىلمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنى ئەمەل قىلىشتا ئەركىن - ئازادە قويىۋەتكەن. ئىنسانلارغا ئىرادە بەرگەن بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئىرادىسى بىلەن تاللىغان ئەمەللىرىدە جاۋابكارلىققا تارتىدۇ.

ئەگەر بەندىلىرىنى ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئەركىن - ئازادە قويىۋېتىشىنىڭ ئورنىغا ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇر ۋە مەھكۇم قىلغان بولسا ئىدى، بەندىلىرىدىن تەكلىپ، يەنى «مەسئۇلىيەت (جاۋابكارلىق)» كۆتۈرۈۋېتىلگەن بولاتتى. بەندىچىلىك مەسئۇلىيىتى ئەمەلدىن قالاتتى. ئىمان بىلەن ئىنكار، ھەق بىلەن باتىل، ساۋاپ بىلەن گۇناھ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەئىرۇپ بىلەن مۇنكەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمىغان بولاتتى. ئاللاھ نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇش بىلەن بويسۇنماسلىق ئوخشاش بولغان بولاتتى ھەم ئېمتىھاننىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، ئىرادە ۋە ئەقىل ئاتا قىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق ھېكمىتى بولمىغان بولاتتى. بۇ ئەھۋالدا دۇئا قىلىشمۇ بىھۇدىلىك بولۇپ، ھەتتا دۇئا قىلىش ئاللاھ نىڭ قازايى - قەدەرىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغانلىق، ئۇنىڭغا رازى بولمىغانلىق ۋە قارشى چىققانلىق بولاتتى. ھالبۇكى، بىزدىن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ دەل ئۆزى «ئاللاھ» تۇر. ئۇنداقتا دۇئا قىلىشىمىز بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان ئىش بولسا، ئاللاھ نېمىشقا دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھ «مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» (بەقەرە، 186) دەيدۇ؟ ئۇنداقتا بەندىسىنىڭ

دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان ئاللاھ ئۇلار ئۇچۇن پۈتمۈتكەن قازايى - قەدەرنى بۇزامدۇ؟ ئەگەر قەدەر بەندىلەرنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن بۇزۇلۇپ، يېڭىباشتىن يېزىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قەدەرچىلەر ئاللاھ قا بىرلا تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى ھەممە تەرەپتىن بوھتان چاپلىغان بولمامدۇ؟

ئەلبەسرى كېيىنكى بۆلۈمدە بۇ چۈشەنچىنىڭ ئاللاھ قا قايسى تەرەپلەردىن بوھتان چاپلىغانلىق بولىدىغانلىقىنى تەپسىلى ھالدا ئوتتۇرىغا قويماقتا. شۇنداقلا قەدەرچى پوزىتسىيىنى «ئاللاھ قا ئېتىراز» دەپ باھالىماقتا ۋە بۇ سوئالنى قويماقتا: «بۇ نادانلار گۇرۇھى كىمگە ئېتىراز قىلىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشمايۋاتامدۇ؟ ئۇلار باشقا بىرىگە ئەمەس، دەل جانابى ئاللاھ قا ئېتىراز قىلىشىدۇ».

ئىمام ئەلبەسرى قەدەرچىلەرنىڭ ئاللاھ قا قىلغان ئېتىرازىنى ئايەتلەر بىلەن دەلىللىگەن. ئاللاھ «ئۇلار نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟» (ئىنشىقاق، 20) دەپ سورايدۇ. بۇ سوئالغا قەدەرچى زېھنىيەتتىكىلەر: «سەن ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، كۇفۇرنى ئۇلارغا قەدەر قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرمەكتە. سۇبھانەللاھى ئەمما يەسىفۇن (ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن تولىمۇ يىراق ۋە خالىيدۇر) تەۋبە، ئەستەغفۇرۇللاھ!

نادانلار گۇرۇھىنىڭ ئاللاھ قا قىلغان ئېتىرازلىرىنى ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

## تېكست ۋە شەرھىيسى

قال الله تعالى: « انتهوا خيرا لكم » فيظن الجهال انه يقول انتهوا ، عما قضيت عليكم فانه خير لكم وكذلك وقال تعالى: « لا تفتروا على الله كذبا »، « ولا تقربوا مال اليتيم الا بالتى هي احسن »، « ولا تقربوا الزنا »، « ولا تقتلوا النفس التى حرم الله الا بالحق »، « ولا تشتروا بآياتى ثمنا قليلا »، وجميع ما فى القرآن من اشباه ذلك يظن الجاهلون انه ينهاهم عن قضائه وقدره.

وكذلك يقولون ان الله قضى على نبيه تحريم ما احل له ثم لامه ان عمل بقضائه فقال: « يا ايها النبى لم تحرم ما احل الله لك »، فقالوا: قضى الله على نبيه[ الإذن]ثم اذن له ثم لامه على ذلك فقال: « عفا الله عنك لم اذنت لهم »،

ولم يخطئ احد من النبيين الا و نسب الخطأ الى نفسه ولم ينسبه الى ربه وقد قال الهدهد الذى انطقه الله: « وجدتها وقومها يسجدون للشمس من دون الله وزين لهم الشيطان اعمالهم فصدهم عن السبيل »، « ذلك فى القرآن كثير. »

وهذا جواب ما سألتنى عنه قد بينته واوضحته فتدبره واحسن الفكر فيه فانه شفاء لما فى الصدور.

جانابى ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر» (نىسا، 171). ئۇ نادانلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى:

«مەن سىلەرگە قازايى - قەدەر قىلغان نەرسىدىن قايتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

ھالبۇكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ قا ئۆزەڭلار توقۇپ چىققان يالغاننى چاپلىماڭلار» (تاھا، 61).

«يېتىمنىڭ مېلىغا تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر يوللۇق ئۇسۇلدىن باشقا رەۋىشتە يېقىنلاشماڭلار» (ئەنئام، 152؛ ئىسرا، 34).

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار» (ئىسرا، 32)؛ «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار» (ئىسرا، 33)؛ «ئايەتلىرىمىزنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار» (بەقەرە، 41).

ئۇلار يۇقىرىدىكى چۈشەنچە بىلەن يەنە مۇنداق دېمەكتە: «ئاللاھ رەسۇلىغا ھالالنى ھارام قىلىشنى قازايى - قەدەر قىلدى، ئاندىن كېيىن قازايى - قەدەر قىلغان ئىشنى قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا بۇ ئايەت ئارقىلىق مالامەت قىلدى: «ئى نەبى! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىسەن؟» (تەھرىم، 1). ئۇلار يەنە بۇ چۈشەنچە بىلەن مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئاللاھ دەسلەپتە رەسۇلىغا [رۇخسەت قىلىش]نى قازايى - قەدەر قىلىپ بېكىتىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى بۇ ئايەت بىلەن مالامەت قىلغان: «(ئى نەبى!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساڭا ئېنىق بولمىغىچە نېمىشقا ئۇلارغا (چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟» (تەۋبە، 43).

نەبىلەردىن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر خاتاسىنى مۇتلەق ھالدا ئۆزىگە نىسبەت قىلىدۇ ۋە ھەرگىزمۇ رەببىگە نىسبەت قىلمايدۇ. ئاللاھ سۆزلەتكەن ھۆپۈپ (سۇلايمانغا بىلقىس ھەققىدە مۇنداق) دېگەنىدى:

«ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم. شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلار توغرا يولدىن ئاداشتى» (نەمل، 24).

قۇرئاندا بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر كۆپتۇر.

بۇ سەن مەندىن سورىغان مەسىلىنىڭ جاۋابىدۇر. ئۇلارنى ئىزاھلاپ بايان قىلدىم. ئەمدى سەنمۇ ئوبدانىراق ئويلاپ باققىن ۋە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەڭنى ئۆزگەرتكىن. چۈنكى ئۇ قەلبكە شىپادۇر.

رىسالە بۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

*ئىزاھات:*

*[ ] ئىچىدىكى كەلىمە قولىيازمىدا الان شەكلىدە يېزىلغان.*

# ئاللاھ خاتالىق ۋە يامانلىقنى ئۆزىگە ئەمەس، ئىنسانغا قاراتقان

قۇرئان باشتىن - ئاخىر بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلىگەن ئايەتلەر بىلەن تولغان. بىز بۇ يەردە بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

شەر (يامانلىق) پېئىلىنىڭ قۇرئاندىكى ئىشلىتىشىنى ئالدىنقى تېمىلاردا چالا قويماي ھەممىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. قۇرئاندا شەر ئاللاھقا ئەمەس، ئىزچىل رەۋىشتە مەخلۇقاتلارغا نىسبەت قىلىنىدۇ ۋە قارىتىلىدۇ.

قۇرئاندا زۇلۇم كەلىمىسى ۋارىيانتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 300 گە يېقىن ئورۇندا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھېچقانداق يەردە ئاللاھقا نىسبەت قىلىنمىغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىزچىل ھالدا ئاللاھ تىن نەفيي قىلىنغان ۋە ھەر دائىم ئىنسانغا نىسبەت قىلىنغان:

بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى» (ھۇد، 101).

«بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىللىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» (ئالىئىمران، 182).

يامانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «سۇئى» ۋە «سەييىئ» كەلىمىسى قۇرئاندا 140 نەچچە يەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەممىسىدە ئىنسانغا نىسبەت قىلىنغان. مەسىلەن:

«كىمكى بىرەر يامانلىق قىلسا ۋەياكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ قويۇپ ئاندىن ئاللاھ تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ ئاللاھ نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ» ( نىسا، 110 ).

«(ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاپ) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيىڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھ تىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ» (نىسا، 123).

قۇرئاندا «پاسات» كەلىمىسىمۇ ۋارىيانتلىرى بىلەن بىرگە 50 ئورۇندا ئىشلىتىلگەن ۋە ھەممىسىدە ئىنسانغا نىسبەت قىلىنغان ۋە قارىتىلغان. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ باقايلى:

«ئاللاھ (ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار» (ئەئراف، 56).

«ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» (رۇم، 41).

قۇرئاندا يەنە خاتا كەلىمىسى ۋارىيانتلىرى بىلەن بىرگە 22 ئورۇندا ئىشلىتىلگەن ۋە ئىزچىل ھالدا ئىنسانغا قارىتىلغان. مەسىلەن:

«ئۇنداق ئەمەس، كىمكى گۇناھ قىلسا ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتسە، ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ» (بەقەرە، 81-82). بۇ ئايەتلەردە گۇناھ ۋە خاتا شۇنداقلا ئىمان ۋە سالىھ ئەمەلنىڭ ئىگىسى ئىزچىل ھالدا ئىنساندۇر.

ئىمام ئەلبەسرى قۇرئاننىڭ نەبىلەرنىڭ خاتالىقىنى تىلغا ئالغانلىقىنى، خاتالىقى كۆرسىتىلگەن ھەر يەردە نەبىلەرنىڭ خاتالىقىنى رەببىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە نىسبەت قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بىر قانچە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتەيلى:

ھەزرىتى ئىنساننىڭ سىمۋوللۇق ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ۋە رەپىقىسى جەننەتتە ئۆزلىرىگە قويۇلغان ئىلاھى چەكلىمىلەرگە رىئايە قىلماي ئاللاھ قا ئاسىي بولغان ۋاقىتتا: «رەببىم، سېنىڭ قازايى - قەدەرىڭ بۇ ئىكەن» دېمىگەنىدى. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە: «رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» (ئەئراف، 23) دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى نۇھ ئىمان كېمىسىگە چىقمىغان ئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدا بوغۇلىشىنى قوبۇل قىلالماي قالدى ۋە «ئۇ مېنىڭ ئائىلەمدىن ئىدى» دېدى. رەببىدىن ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى شۇ جاۋابنى ئالدى: «ئى نۇھ! شۈبھىسىزكى ئۇ سېنىڭ ئائىلەڭدىن ئەمەس، بۇ قىلىقىڭ ياخشى بولمىدى». ھەزرىتى نۇھ دەرھاللا رەببىدىن: «رەببىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن! ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن» (ھۇد، 47) دەپ ئەپۇ سورىدى.

ھەزرىتى مۇسا بىر مۇشت بىلەن ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاندا رەببىگە: بۇنى ماڭا سەن قىلدۇردۇڭ، بۇ سەن ماڭا

يازغان قازايى - قەدەر ئىدى، دېمىدى. ئەكسىچە: «رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن» (قەسەس، 16) دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى ياقۇپ خاتالىقىنى رەببىگە ئەمەس، ئۆزىگە نىسبەت قىلىپ: «رەببىم! مەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم» (نەمىل، 44) دېگەنىدى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرى فىرئەۋنىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، فىرئەۋنىنىڭ قەۋمىنىڭ تەخرىلىرىدىن بىرى بولغان كالا (ھاتور)نىڭ موزىيىغا چوقۇنغان. ئىلاھىي كالام «ئۇلارنى ئاللاھ ئازدۇرۋەتتى، چۈنكى ئاللاھ خالىغىنىنى ئازدۇرىدۇ» دېمەستىن، «ئى قەۋمىم سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا ئۆزەڭلار زۇلۇم قىلدىڭلار» (بەقەرە، 54) دېگەن.

يۇقىرىقى مەزمۇن مۇسىبەت ئۈچۈنمۇ ئوخشاش كۈچكە ئىگە. مۇسىبەت كەلمىسىمۇ زۇلۇم، سۇئى ۋە خاتالىقلارغا ئوخشاش ئاللاھ قا ئەمەس ئىنسانغا نىسبەت قىلىنىدۇ: «سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مىلىڭلارغا) ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ» (شۇرا، 30).

شۇبھىسىزكى، قۇرئان باشتىن - ئاخىر بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆرنەكلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. مۇقەررەركى ئاللاھ ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ.

# خاتىمە

ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

مەۋجۇدات ئالىمىدە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، ئۇنىڭ تەقدىرىسىز ھېچنەرسە روياپقا چىقمايدۇ.

ئاللاھ نىڭ بىر نەرسىنى تەقدىر قىلىشى ئۇ نەرسىنى بىر «ئۆلچەم» بىلەن يارىتىپ، ئۇنىڭغا بىر «قانۇنىيەت، ھالەت، ۋاقىت، ماكان، مۇددەت» بەلگىلىشىدۇر. «ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ سىرتىدا ھېچنەرسە بولمايدۇ» دېگەنلىك «ئۇ ھېچبىر نەرسىنى قانۇنىيەتسىز، مەقسەتسىز» ياراتمىغان دېگەنلىكتۇر. ياراتقان ھەر شەيئىنى بىر «قەدەر، ئۆلچەم» بىلەن يارىتىشىمۇ ئۇنىڭ تەقدىرىدۇر.

ئاللاھ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان ئىرادىسىز مەۋجۇداتلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇنىيەتلەرگە تەۋە قىلغان بولۇپ، ۋەھيي ئۇ قانۇنىيەتلەرنى «ئاللاھ نىڭ سۈننىتى (سۈننەتۇللاھ)» دەپ ئاتايدۇ. ئاللاھ نىڭ سۈننىتىدە ھەرگىزمۇ قىلچىلىك ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇش بولمايدۇ. ئىرادىسىز بىر مەۋجۇدات تەۋە بولغان قەدەر سۈننەتۇللاھتۇر، بۇنى سىتاتىك (ئۆزگەرمەس) قەدەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئىنسانغا ئوخشاش ئىرادىگە ئىگە مەۋجۇداتلارغا كەلسەك:

1. ئىرادىسىگە تەۋە بولمىغان ئەھۋاللار ۋە ھادىسىلەر: ئىنساننىڭ د ن ئا، ر ن ئا (RNA & DNA)سى، قان تىپى، گېن خەرىتىسى، رەڭگى ۋە بوي ئېگىزلىكى... قاتارلىق نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر ئىنساننىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا رويابقا چىقىدۇ. بۇلارمۇ خۇددى يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ نىڭ سۈننىتىگە ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

2. ئىنسان ئىرادىسىگە تەۋە بولغان ۋەقە ۋە ئەھۋاللار: ئاللاھ ئىرادىگە تەۋە بولغان ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ تەقدىرىنى ئامانەت قىلغان ئىرادىگە تاپشۇرغان. ئىرادىنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدۇر. ئىنسان ئىرادىسى بىلەن قىلغان قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇنى جاۋابكار قىلغۇچىمۇ ئىنسانغا ئىرادىنى ئامانەت قىلغان ئاللاھ تۇر. ئىنسان ئىرادىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش - ھەرىكەتلەردە، ئىنساننىڭ

تەقدىرى (قەدەرى) تاللاشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنى دىنامىك (ئۆزگىرىشچان) قەدەر(تەقدىر) دېيىشكە بولىدۇ.

جانابى ئاللاھ ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ياراتقان ئىنساننىڭ خالىشىنى (تاللىشىنى) خالىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈللى ئىرادىسىنىڭ ئىچىگە ئىنساننىڭ جۇزئى ئىختىيارىنى قويغان. كۈللى يارىتىشىنىڭ ئىچىگە ئىنساننىڭ جۇزئى يارىتىشىنى قويغان. بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ تاللاش ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنىڭ يارىتىشى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە ئىنسانغا قەدىر - قىممەت قوشقان. ئىنساننى زاماننىڭ ئىلكىدىكى شەيئى بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، زاماننىڭ تىزگىنىنى ئىلكىدە تۇتقۇچى قىلغان. ئىنسان بۇ ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە تارىخ يارىتىش شەرىپىگە ئېرىشكەن.

ئاللاھ ئۆز زاتىغا ئۆزى گۇۋاھچىدۇر: «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» (ئالىئىمران، 18). بىراق ئۇ ئىنساننىڭمۇ ئۆزىگە گۇۋاھچى بولۇشىنى ئىرادە قىلغان، ئۆزىنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ يېنىغا ئىنساننىڭمۇ گۇۋاھلىقىنى قويغان.

سۆزنىڭ مېغىزى رەببىمىزنىڭ سۆزىدۇر. بىز پانىلارنىڭ سۆزى پەقەت ۋە پەقەت باقى بولغان ئاللاھ نىڭ سۆزىنىڭ ئاستىغا يېزىلغان بىر ئىزاھاتقا ئوخشاشتۇر.

ئۇلۇغ ئاللاھ: «مەن خالىغان كىشى ئىمان ئېيتىدۇ، مەن خالىغان كىشى كاپىر بولىدۇ» دېمىدى، ئەكسىچە «خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» (كەھف، 29) دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: «ھىدايىتىڭلار ۋە زالالىتىڭلار پېشانەڭلارغا پۈتىۋېتىلگەن» دېمىدى، «كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر» (ئىسرا، 15) دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: «دۇئا قىلساڭلارمۇ، قىلمىساڭلارمۇ پەرقى يوق، نېمىنى پۈتكەن بولسام شۇ بولىدۇ» دېمىدى، «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن» (غافىر، 60) دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: «سىلەر مەن پۈتكەن يولدا مېڭىشقا مەجبۇرسىلەر» دېمىدى، «خالىغان كىشى راۋۇرۇس يولدىن ماڭسۇن» (تەكۋىر، 28) دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: «بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەت مەن سىلەرگە پۈتىۋەتكەنلىكتىندۇر» دېمىدى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆز قىلمىشىڭلاردىن بولدى» (ئالئىمران، 165) دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: «بىز ھەر ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىنى ئۆز قازايى - قەدەرىگە باغلىق قىلدۇق» دېمىدى، دەل ئەكسىچە «ھەر ئىنساننىڭ قەدەرىنى ئۆز تىرىشچانلىقىغا باغلىق قىلدۇق» (ئىسرا، 13) دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: «مەن ئىمان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى پۈتىۋەتكەن كىشىلەر نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ» دېمىدى، «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ» (ئەسر، 3) دېدى.

بەزىلەر ئاللاھ نىڭ بىر سۆزىگە ئىشىنىپ، يەنە بىر سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. «ئاللاھ نىڭ ھەر نەرسىنى يازغانلىقىغا ئىشىنىدۇ» (ئەنئام، 59)، بىراق «ئاللاھ خالىغىنىنى ئۆچۈرىدۇ» (رەئد، 59)غا ئىشىنىشتە ئىككىلىنىدۇ. ئاللاھ نىڭ يېزىش قۇدرىتىگە ئىشىنىدۇ - يۇ، يازغىنىنى ئۆچۈرۈۋېتىش قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدۇ.

بەزىلەر ئاللاھ نى ھۆكمىنىڭ مەھكۇمى دەپ قارايدۇ، ھۆكمىنىڭ ھاكىمى دېيەلمەيدۇ.

بەزىلەر قەدەرچىلىككە باھانە - سەۋەب سۈپىتىدە ئاللاھ نىڭ ئىلمىنى ئۆزىگە دەلىل قىلىدۇ. بۇنداق قىلغانلار ئاللاھ نى

ئۆزىنىڭ ئىلمى - مەلۇماتىغا مەھكۇم قىلىشقانلىقلىرىنى ھېس قىلىشمايدۇ.

ئاللاھ ئۆز زاتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

وَهُوَ الْخَلَّٰقُ الْعَلِيمُ

«ئاللاھ ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» (ياسىن، 81).

بەزىلەر ئۇنىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ئالىم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، بىراق «ھەر دائىم يارىتىپ تۇرغۇچى» خەللاق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنمەيدۇ. خەللاق دېگەنلىك: يارىتىش ئىشىدىن بىر دەم بولسىمۇ قولىنى ئۈزمىگەن دېگەنلىكتۇر.

خەللاق دېگەنلىك: يارىتىش ئىشىنى زاتىغا ھۇنەر قىلغان دېگەنلىكتۇر.

خەللاق دېگەنلىك: ئىنسان كىشىلىكىنىڭ ھەر ۋاقىت يېڭىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئىنسانغا خەۋەر بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ «ئۆزىنى ئۆزگەرتىش قابىلىيىتىنى» (رەئد، 11) ئىنسانغا ئەسلىتىپ تۇرۇشتۇر. دېمىسىمۇ ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ «ئىككى كۆنى ئوخشاش بولغان كىشى زىيان ئىچىدىدۇر» دېگەن سۆزى خەللاق ئىسمىنىڭ سىرىغا بىلىپ يەتكەن بىر ئەقىلنىڭ چىقارغان يەكۈنىدۇر.

ئاللاھ نىڭ خەللاق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ئاللاھ نىڭ ھەممە نەرسىنى يېڭىدىن يارىتىپ، ئاندىن بىر چەتكە چىقىپ ھەر نەرسىدىن قول ئۈزگەنلىكى چۈشەنچىسىنى رەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، «ئاللاھ ھەر ۋاقىت ھاياتقا ۋە مەۋجۇدىيەتكە ئاكتىپ ئارىلىشىدۇ (يەنى ئاللاھ ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)» (رەھمان، 29). ئاللاھ نىڭ خەللاق ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ئاللاھ ئىرادە، ئەقىل ۋە ۋىجدان ئاتا قىلغان ئىنسان ھاياتىنىڭ دەل ئىچىدە ئىكەنلىكىگە ئىمان

ئېيتقانلىقتۇر. بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش بەندىنىڭ ئىرادىسى بىلەن روياپقا چىققان ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ خەللاق بولغان ئاللاھ نىڭ كېيىنكى باسقۇچتا يارىتىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر. بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش پەيتكە مەھكۇم بولماسلىقتۇر. بۇ پەيت مەيلى ئۆتمۇش ياكى بۈگۈن ۋەياكى كەلگۈسىگە مەنسۇپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھېچبىرىگە مەھكۇم بولماسلىقتۇر. نەپسىگە قاراپ «ئەگەر سەن قىلساڭ، خەللاق بولغان ئاللاھ سېنىڭ ھەرىكىتىڭگە مۇناسىپ بىر يارىتىش بىلەن ھاياتقا داخىل بولىدۇ، يارىتىشىنى يېڭىلايدۇ» دەپ ئىمان ئېيتىشتۇر.

چۈنكى ئاللاھ ئەقىل ۋە ئىرادە بىلەن ئىمتىھان قىلغان ئىنساننىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ:

«ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» (نەجم، 39).

ئى ئىنسان !

ئاللاھ ساڭا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرغان ئىرادىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئەمگىكىڭنى قەدىرلەيدۇ.

ئۇنداقتا سەنمۇ ئۆز ئىرادەڭگە ھۆرمەت قىل، ئۆز ئەمگىكىڭگە ھۆرمەتسىزلىك قىلما! ھۆرمەتسىزلىك قىلمىغىنىكى، نەمرۇتلارغا، فىرئەۋنلەرگە، ئەبۇ لەھەبلەرگە قىسقىسى زالىملارغا ۋە دىكتاتۇر ھاكىمىيەتلەرگە باھانە بولۇپ بەرمىسۇن .

ئەمگىكىڭگە ھۆرمەتسىزلىك قىلساڭ ئاللاھ قا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسەن. چۈنكى سەن ئاللاھ نىڭ بىۋاستە ئەجىر سىڭدۈرگەن ئەمگىكىسەن.